موللا سىدىق يەركەندى

# فەرھاد-شىرىن

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# ئۇيغۇر كلاسسىك
# ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار
## تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى


تۇمۇر داۋامەت ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى )

مىجىت ناسىر ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

مەتتىمىن يۇسۇپ ( تەتقىقاتچى )

مۇھەممەت ئىسمايىل ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى )

ئابدۇرېھىم رەجەپ ( دوتسېنت )

ئوبۇل ئىسلام ( ئالىي مۇھەررىر )

جاڭ خۇڭچاۋ ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

قەييۇم تۇردى ( 1- دەرىجىلىك يازغۇچى )

ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر )

شەرىپىدىن ئۆمەر ( پروفېسسور )

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

ليۇ بىڭ ( تەتقىقاتچى )

## سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluقى، دەۋرى جەھەتتە ئىزچىللىقى، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممىتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، مەسىلەن: پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ-ئادەت، تېبابەت، مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار... قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز-ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەت ۋە سەمىمىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت





بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە-يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قوتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قوتقۇزۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قوتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىسىگە



ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشر قىلىپ قوتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە-يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قوتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت — قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قوتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» ئۇيغۇر كلاسسىك فىروزىچىلىقىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى. بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئاساسىدا تالانتلىق ئەدىب ۋە يازغۇچى موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1228- (مىلادى 1813-) يىلى نەسرىلەشتۈرۈلۈپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ ئىشقا ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ ھاكىم بېگى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كىرىشكەن. ئاپتور يەنە بۇ ئەسەرگە ئىككى خىل ئىسىم قويغانلىقىنى، يەنى بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى «نەسرى خەمسە» دەپ ئاتىغانلىقىنى؛ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن، بۇ ئەسەرنى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دەپ ئاتىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئىسىمدىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ»كە نەۋائىي «خەمسە»سى ئىچىدىكى «بەھرام ۋە دىلئارام»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن» ۋە «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت داستان نەسرىلەشتۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەن. «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانىنىڭ ئورنىغا نەۋائىينىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى بولغان «مەنتىقۇت-تەير» (قۇش تىلى) داستانى كىرگۈزۈلگەن. موللا سىدىق يەركەندى «خەمسە»نى نەسرىلەشتۈرۈشتە



مىراسلارنى قوغداش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كۆپلىگەن ئىدارە، كارخانىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن يېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەترابىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە، ماسلىشىشىغا موھتاج. شۇڭا، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشىنى شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك**
**ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى**

# پەرھاد ۋە شىرىن

## موللا سىدىق يەركەندى

سىرلار مەنبىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھر-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرغۇچى يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىنسان ۋە ھاياتلىقنى پەرۋىش قىلغۇچى (پەرۋەردىگار) ئۆزىنىڭ ئەزەلدىكى خاھىشى، ئەبەدىي ئىرادىسىدىن ھاياتلىقنىڭ نەپىس شايىسى ئۈستىگە سەنئەتكار سۈپىتى بىلەن قەلەم تارتىپ، چىن مۈلكىنىڭ گۈزەل جامالىنى تەسۋىرى قۇدرىتى بىلەن شۇنداق بېزىدىكى، چىننىڭ گۈزەل مەشۇقلىرى ئۇنىڭدىن رەشك قىلىپ، گوياكى چىننىڭ تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ قالدى.

چىن مۈلكى جەننەت كۆزىنىڭ قارىسىغا ئوخشايتتى. يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك گۈزەل مەنزىرىلىك شەھەر يوق ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ بۈيۈك، شان-شەۋكەتلىك بىر خاقانى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ كۆلىمىگە ئىككى ئالەم تەڭلىشەلمەيتتى. ھاكىمىيەت مەرتىۋىسى يەتتە ئاسماندىن يۇقىرى ئىدى. لەشكەرلىرىنىڭ مىقدارى يەر يۈزىدىكى قۇم، كۆكتىكى يۇلتۇزلاردىن كۆپ ئىدى. بايلىقى قارۇننىڭ خەزىنىسىدىن ئارتۇق ئىدى. كۆككە تاقىشىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك قەسرىنىڭ قاراۋۇللىرى چەت ئەل خانلىرىنىڭ دەرىجىسى بىلەن تەڭلىشەتتى. خاقانى چىن ئالدىدا باشقا



ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يۈكسەك ئىستىداتى ۋە زور ئىجادىي مېھنىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىستىلىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلاپ قالغان. شۇ ئاساستا يەنە «خەمسە» نىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلات تەسۋىرلىرىنى نەسرى ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىجادىي يوسۇندا يېزىپ چىققان.

«پەرھاد ۋە شىرىن» قىسسىسى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» ئىچىدە بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن ۋە سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئەسەر. بۇ قىسسىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى پاك ۋە گۈزەل مۇھەببەت رىۋايىتى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت يولىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ-غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى نەسرى تىل بىلەن ئىنتايىن تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرىلگەن.

بۇ ئەسەر ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەت، مېھرى-ۋاپا، دوستلۇق ۋە ساداقەت، مېھنەت ۋە ئىجاتكارلىق ئىشتىياق بىلەن كۈيلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق داستانىدۇر.

ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ۋە ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى روشەن ئىپادىلىگەن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر بۈيۈك مۆجىزە، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى زور ھادىسە ۋە يېڭى پەللە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ پروزىلاشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پروزىچىلىق تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ قىسسە ئۆزىنىڭ تەسىرچان ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلىكى، گۈزەل تىلى ۋە رەڭگارەڭ بەدىئىي ۋاستىلىرى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ناھايىتى مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەسەرنىڭ يەشمىسى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

مەملىكەتلەرنىڭ شاھلىرى مۇغال قۇللاردەك قول باغلاپ تۇراتتى. مەرھەمەت دەرياسى ئۇممان دەرياسىدىن چوڭقۇر، مۇرۇۋۋەت جاۋاھىرى كانلاردىن كۆپ، بەلكى تەسەۋۋۇردىن ئارتۇق ئىدى. ئۇ خاقانلار بەزمىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. دەۋر ئۇنىڭ مەرتىبىسىنى شۇنداق يۇقىرى قىلغانىدى.

خاقانى چىننىڭ تەختۇ-تاجى گۆھەر-ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ، ئۇ باشقا بىر گۆھەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. مۇراد بېغىدىكى مىڭلىغان گۈللەردىن بەھرىمەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگە بىر گۈلگە ئارزۇمەن ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسنۇ-جامالىدىن گۈزەللىك يېغىپ تۇراتتى. چېھرىسىنىڭ يورۇقلۇقىدىن ئىككى دۇنيا روشەنلىشىپ كېتەتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن قارىچۇقى ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ داۋاملىق: «باقاسىز جاھاندىكى ئارزۇ-تەلەپ قەسرىنىڭ ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسى ئاجىز بولۇپ، ئەبەدىيلىك بىناسى بىلەن قارىمۇ قارشىدۇر، چۈنكى بۇ، ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى جاھان تۈرلۈك ھادىسىلەر-دىن خالى ئەمەس. گەرچە كىشى مىڭ يىل پادىشاھ بولۇپ، جاھان مۈلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈم قەدەھىنىڭ شارابىنى ئىچەر ۋاقتىدا ئۆمرى بىر نەپەسچىلىك تويۇلمايدۇ. ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك جاھانىنىڭ باقاسىز تۇپرىقىنى تەۋرەتكەن چاغدا، تەختۇ-مەرتىبىسى كۆككە يەتكەن پادىشاھ بىلەن بىر تۇپ يۇلغۇننىڭ ئاستىدا پاناھلىنىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن گادايىنى تەڭلەشتۈرۈپ قويىدۇ. مەرتىبىسى كۆككە يەتكەن تاجدار شاھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ پەرزەنتتىن ئىبارەت گۆھەر بىلەن كۆزى روشەنلەشمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. **نەزمە:**

ۋەلەددۇر ئول دۇرۇ ۋالىد سەدەفدۇر،
سەدەف يەئنى ئاتاۋۇ دۇر خەلەفدۇر.

ئەگەر دەريادا سەدەپلا بولۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىت بولمىسا،



ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بىلىنىدۇ. بۇ خىل دەريا ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن مەرۋايىت ئورنىغا كۆپۈك چاچرىتىپ، قىرغاقنى قۇرۇق سىزىقلارنىلا قالدۇرىدۇ. بوستانلاردا گۈزەل سەۋزى دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى بولمىسا، كىشىلەرگە ھېچقانچە پايدىسى يەتمەيدۇ. بۇ خىل مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن ھېسابلىنىدۇ. كۆكتىكى بۇلۇت يەرگە يېغىن تۆكمىسە، ئۇ قېلىن تۇتۇندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. چاقماقنىڭ نۇرى ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ، ئەمما، ئۆچكەن ئوتنىڭ چوغى قالسا، ئۇنى ياندۇرۇش ئاساندۇر.

مەن گوياكى ئاشۇ گۆھەرسىز دەرياغا ياكى تاشنى-تاشقا ئۇرغاندا كۆرۈنگەن چوغسىز ئوتقا ئوخشاپ قالدىم. بۇ ئوتتىن باغرىمدا ئېغىر دەردلەر پەيدا بولدى. چۈنكى، چىن مۈلكىگە خاقان بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ھەسرەت چېكىپ-قان يۇتۇپ، بۇ ئۆزگىرىشچان پانى دۇنيادىن كەتكەندە، ياتلار كېلىپ، تەختىمدە ئولتۇرغۇسى؛ زېمىنىمگە ئاياغ قويۇپ، لەشكىرىمگە قول سۇنغۇسى؛ قەسىر-بارگاھىمدا ئارام ئېلىپ، پارلاق زامانەمنى قاراڭغۇلاشتۇرغۇسى؛ كۆپ رەنجۇ-مېھنەتلەر بىلەن يىغقان خەزىنەمگە ئىگە بولغۇسى. ۋادەرىخا! ئەپسۇس دەيمۇ؟! نومۇس دەيمۇ؟!

«ئەي قادىر ئىگەم! مېنى سەن ئوغۇلسىزلىق دەرد-ئەلىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزغۇچىسەن. بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلىپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت بىلەن كۆزۈمنى يورۇتقايسەن!» — دەپ مۇناجات قىلاتتى. ئۇنىڭ دائىم سۆزلەيدىغىنى شۇ ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئۇ تەڭرىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىدىن ھەر تەرەپكە گۆھەرلەرنى چاچاتتى، ئەمما ئۆز كۆزىگە باشقا بىر گۆھەرنى ئىزدەيتتى. بۇ مەقسىتى ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چېچىپ، ئاجىزلارغا خەيرى-ساخاۋەت قىلاتتى؛ ئوغۇلسىزلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئاتىسىزلارغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق خەيرى-ئېھسانلار ئارقىلىق تەڭرىدىن بىر ئوغۇلغا

ئاتا بولۇشنى تىلەيتتى. ئەمما ئۇ تەقدىر بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزمەيتتى. بۇ ئالەمدە ھەر قانداق كىشى بىرەر مۇددىئادىن مەنپەئەت كۆرەي دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرەلمەيدۇ. ئادەتتە گۆھەر قىزىلگۈل رەڭگىدە، ياقۇتتەك تاۋلىنىپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنى قولغا ئالغاندا، قولنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدۇ. بۇ زامان ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سېرىق رەڭلەر كۆزگە ئالتۇن ياپراقلاردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ قول بىلەن تۇتقۇچىغا ئۇتنىڭ شولىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەر كىم ئۆز ئارزۇسىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى بىلەلمىسە، بۇ ئۇنىڭ تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە قايىل بولغانلىقىدۇر.

ئەلقىسسە، خاقانىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت دەرگاھىغا يېتىپ، مەقبۇل بولدى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىك كېچىسىدە بىر ئاي تۇغۇلدى. ئاي ئەمەس، بەلكى ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى نۇرلۇق قۇياش كۆز ئاچتى، ئۇنىڭ مۇراد بېغىدا ئۇتقاشتەك بىر گۈل ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خۇرسەنتلىك دىمىقىغا ئەتىر پۇراقلىرىنى چاچتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈل ئەمەس، خاقانىنىڭ جېنىغا چۈشكەن دەرد-ئەلەم شولىسى ئىدى. **نەزمە :**

ئاچىلدى باغىدا بىر ئاتەشىن ۋەرد،
دېمەكىم ۋەرد، بەلكى شۇئلەئى دەرد.

دەۋران ئۇ بۈيۈك خاقانىنىڭ قولىغا پەرزەنت ئۈزۈكىنى سالدى، لېكىن ئۇنىڭغا ياقۇتتىن ئەمەس، ئوتتىن كۆز ئورناتتى. بۇ ئۈزۈكنىڭ ئىچى دەرد-ئەلەمدىن قىزىلغان، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزلىرىگە بولسا سۆيگۈ-مۇھەببەت سىرلىرى يېزىلغانىدى. ئۇنى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك دېگەندىن كۆرە، كېچىنى يورۇتقۇچى مەرۋايىت، بەلكى جاھاننى ئۆرتىگۈچى گۆھەر دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ يېپلىرى ۋاپا تەسىرى بىلەن ئېشىلگەن، ئۇنىڭ كۆكسى بولسا تەسىرى قازا نەققاشلىرى تەرىپىدىن تېشىلگەنىدى. بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدە ياش



قىيانىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپلا قالماي، ھەر بىر چىقارغان نەپەسلىرىمۇ ئاھۇ-نالە تۈتۈنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت نۇرى نامايان، چىرايىدا ۋاپا نىشانى ئوچۇق ۋە ئاياندى. پەلەك ئۇنى «دەرد ئەھلىنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىسا، پەرىشتىلەر «دەرد ئوتىنى تونۇپ يەتكۈچى» دەپ تەرىپلىگەنىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن گويا سىياۋۇش ئوت ئىچىدە تۇغۇلغاندا ۋاپا ئەھلى ئارىسىدا خۇشاللىقتىن قىقاس-چوقان كۆتۈرۈلۈپ، بىر-بىرىنى تەبرىكلەشكىنىگە ئوخشاش، ئىشق ئەھلىگە تەرەپ-تەرەپتىن ئوت تۇتاشتى. ئاتىسى بۇ يېڭى تۇغۇلغان گۆھەرگە نەزەر تاشلىغىنىدا، ئۇ سەدەپتەك ئاغزىنى كۈلكە ئۈچۈن ئېچىپ، ئالەمگە شۇ قەدەر جاۋاھىراتلارنى چاچتىكى، بۇ ئىشتىن بارلىق جاۋاھىرلارنى ساقلىغۇچى دەريا ۋە كانلار غەمگە چۈشتى. پادىشاھ بۇ ئوغۇلنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تامامى خالايىققا بازارلارنى زىننەتلەپ ياساپ، چىن دۆلىتى ئۈچۈن تۆھپە ئىزھار قىلىش چاقىرىقى چىقاردى. پۈتكۈل بازار ۋە دۇكانلارنى بېزەپ، ئۇنى گۈزەل ۋە قىممەت باھا تاۋارلار بىلەن تولدۇردى. شۇ تەرىقە زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ياساش ئارقىلىق پۈتكۈل چىن مەملىكىتى گويا چىن سۈرەتخانىسىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. خالايىقلار نېمە قىلسا، تەرگەشمەيدىغان، «يامان قىلدىڭ» دېيىشمەيدىغان بولدى. ئۇزاق دەۋرانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ كونا ئالەم يېڭى مەرىكە تۈزۈپ، شۇنداق بىر بايرام ياسىدىكى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يېشىل رەڭلىك ئاسمان گۈمبىزى مۇھاپىزەت قىلىپ ئوراپ تۇراتتى. بۇنداق بەزمىنى كەيانى پادىشاھلىرىمۇ كۆرمىگەن، بەلكى بۇ يۈزلىگەن شادلىق ۋە ياخشىلىقلارنىڭ بىرىدىنمۇ نىشان تاپمىغانىدى. بۇ شاھنىڭ پەلەكتەك كەڭ داستىخانلىرى چەك-چېگرىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىدە قۇياشگىردىسىدەك نانلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. مەملىكەت خەلقىنىڭ ھاجىتى راۋا قىلىنىپ، ئۈچ يىللىق باج-خىراجەت ئەل زىممىسىدىن كۆتۈرۈلدى. خەلقلەر شاد-خۇراملىقتىن بىردەممۇ ئارام ئالماي، خۇشاللىق زەربىسىدىن بەدەنلىرىنى ئاسرىغان ھالدا بايرام

قىلىشماقتا ئىدى. شاھ ئەلىنىڭ شادلىق سۈرەنلىرىنى ياڭرىتىشنى كۆزلەپ، ئۆز ئېلىدىن جاپا-مۇشەققەتلەرنى يوقاتقانىدى. خالايىقنىڭ شاد-خۇراملىقى ۋە ئەيش-ئىشرىتى ئۈچۈن ھېسابسىز خەزىنە دەپىنلەرنى ئايىماستىن سەرپ قىلىپ، شادلىق مەنزىرىللىرىنى تۈزۈپ بەرمەكتە ئىدى. خالايىق مەي-شارابلارنى ئىچىشىپ، ئاشۇ ھارارەتلىك قىزىل سۇ ئارقىلىق غەم-قايغۇلىرىنى كۆڭۈللىرىدىن يۇيۇپ تازىلىماقتا ئىدى. **نەزمە:**

كەتۈر، ساقى، چېكىپ بىزلەر ئۈچۈن ئۈن،
ماڭا تۇتقىل ئۇكۇش بىر جامى گۈلگۈن.
مېنى چىن ئەھلى يەڭلىغ مەيپەرەست ئەت،
تولا چىنىي ئاياغلار بىرلە مەست ئەت.

※ ※

مەنىلەر سىرلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن ھېكمەتلەردىن بېشارەت بەرگۈچى ھېكايەتچىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھرۇ-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى ۋە سۆيگۈ-ساداقەت مەكتۇبلىرىنىڭ ئاپتورى، مەنىۋى دۇنيانىڭ سۇلتانى، ھېكمەت ئالىمىنىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىب تەسىرلىك قىسسىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ھەققىي ياراتقۇچى بولغان تەڭرى خاقانغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغاندىن كېيىن، خاقان بۇ ھەدىيىدىن شاد-خۇرام بولۇپ، بۇ پەرزەنتنىڭ ھۆسنۈ-جامالىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا بۇ پەرزەنتنىڭ چىرايىدىن شۇنداق بىر شاھانە ئالامەت كۆرۈندىكى، ئۇنىڭدىن ئايمۇ ھارارەت ئېلىپ، نۇرلىناتتى. يۈزمىڭلارچە ھىممەت ۋە ئىقبال دۆلىتى ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇراتتى. خاقانغا ئۇنىڭ فەر سايەسىدىن① زىبۇ-زىننەت يۈزلەنمەكتە

① فەرسايە — پارلاقلىق، سۆلەت، ھەيۋەت، ھەشەمەت.



ئىدى. ئىشق ئۇستازى بۇ بىشارەتلەرنى ئەڭ بۇرۇن سېزىۋالدى-دە، «فەرسايە» سۆزىدىن «ف، ر»، «ھىممەت»تىن «ھ»، «ئىقبال» (اقبال) دىن «ا»، «دۆلەت» تىن «د» ھەرپلىرىنى ئايرىۋېلىپ، بۇ جاۋاھىرلارنى بىر-بىرىگە بىرىكتۈرۈپ، «فەرھاد» (فرهاد) دېگەن ئىسىمنى تېپىپ چىقتى. نەتىجىدە بۇ شاھزادىگە پەرھاد دەپ ئات قويدى. ئاندىن دەرھال ئۇنى نېپىز ۋە ئەۋرىشىم شايىلارغا ئوراپ، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بۆشۈككە تۈپتۈز قىلىپ تاڭدى. ھېچ ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە بۇ خىلدا ئىسىم قويۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پاك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىشق ئۇستازى ئۇنى دانىشمەن پەرھاد (فرهاد) دەپ ئاتىدى. بۇ ئىسىمنى يەنە تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك ئالامەتتىن ئالدى: «ف» ھەرپى «فىراق» سۆزىنىڭ، «ر» ھەرپى «رەشىك» (كۈندەشلىك، ئازاب) سۆزىنىڭ، «ھ» ھەرپى «ھىجران» سۆزىنىڭ، «ا» ھەرپى «ئاھ» (اه) دېگەن سۆزنىڭ، «د» ھەرپى «دەرد» سۆزىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن يالغۇز ھالدا ئايرىۋېلىندى. ئىشق ئۇستازى بۇ جەۋھەرلەرنى بىر-بىرىگە قوشقانىدى، «فەرھاد» (فرهاد) ئىسمى كېلىپ چىقتى. ئىشق ئۇستازى پەرھادنى زار-زار يىغلاتقان ھالدا، جاپا-مۇشەققەت بۆشۈكىگە باغلاپ بەند قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىنىڭ بۆشۈك ئىچىدە بولغانلىقى گويا بەخت-دۆلەت قۇشى بولغان ھۇما قۇشىنىڭ ئارامگاھى قەپەس ئىچىدە بولغىنىدەك بىر ئىش ئىدى. پەلەك كېلىنچىكى گويا بۇ شاھزادىگە ئىنىك ئانا بولغاندەك كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۆشۈكى ئەتراپىدا چىن ۋە خىتاينىڭ كاتتا دۆلەت ئەربابلىرى ۋە رەئىسلىرى شېرىن-شېكەر تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئەپسانىلىرىدىن ھېكايە ئېيتىشاتتى. ھەممىسى ئۆز كۆزلىرىدىن ئۇيقۇنى قاچۇرۇشقان ھالدا، ئۇنىڭغا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناۋا مۇقامىنى ئېيتىپ ناۋا قىلىشاتتى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى باشقا

بالىلارغا ئوخشىمايتتى، كۆزلىرىگىمۇ ئاسان ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئىنىڭ ئانا ئۇنىڭ جىسمىغا قۇۋۋەت بولسۇن دەپ، ئىغىزىغا سۈتىنى ساغاتتى. لېكىن ئاغرىق كىشىگە بادام شىرىسىنى ھەر قانچە ئىچۈرسىمۇ شىپا ۋە ماغدۇر ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، ئىنىڭ ئانىنىڭ سۈتى شاھزادىگە ھېچبىر قۇۋۋەت ۋە مەنپەئەت بېرەلمىدى. ئەگەر ئىشق ئانىسى ئۇنىڭغا بىر تامچە سۈت ئىچۈرسە، ئۇنىڭ ھەربىر تامچىسى سۆيگۈ-مۇھەببەت دەسمايىسى ئۈچۈن بىردىن گۆھەر بولاتتى. ئۇ بەرگەن ھەربىر تامچە سۈت شاھزادە ئۈچۈن بىردىن مەنە ۋە ھېكمەت دۇردانىسى ئىدى. سۆيگۈ ئانىسىنىڭ ھەربىر تامچە سۈت بېرىشىنى سەزگەندە، ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنتىلىپ گويا چۈمۈلىدەك غىزالىناتتى. شاھزادە بۇ غىزادىن ئۆزىگە يولۋاس بالىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدەك قۇۋۋەت تاپاتتى. ھەر كىمگە سۆيگۈدىن قۇۋۋەت يەتسە، ئۇ كىشى سۈت ئىچسە گۆھەر، قان يۇتسا ياقۇت بولىدۇ.

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ پەرھاد بىر ياشقا كىردى. ئۇنىڭ بېشى گۆھەردىن زىننەتلەنگەن شاراپەتلىك تاجغا يەتتى. ئۇ بۆشۈكنى تاشلاپ، بەخت-سائادەتلىك قەدەملىرى بىلەن ئۆملەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ پاك گۆھەرنىڭ يېشى ئۈچكە يەتكەندە، ئىشق ئەپسانىلىرىدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئورنىمۇ ئىشق ھوجرىسىدىن ئىبارەت بولدى. شۇنىسى ئاجايىپ ئىدىكى، ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگىنىدە ئون ياشقا كىرگەن بالىدەك كۆرۈنەتتى. ئەل بۇ ئىشتىن ھەيران، پەلەك بىلەن قوياش بۇ ئەھۋالدىن سەرگەردان بولماقتا ئىدى. ئاتىسىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق بولۇشنى مۇۋاپىق ھېس قىلاتتى، خاقان ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىنى كۆرگىنىدە «جەڭ ئىشلىرىغا لايىق ئادەم بولىدىغان بولدى» دەپ قارايتتى.

خاقان بۇ ئوغۇلنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن شۇ قەدەر دانىشمەن بىر ئالىمنى تاپتىكى، بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ بىلىمگە تولغان ئىچكى دۇنياسى جاھاندەك كەڭ ئىدى. ئىلمىي نۇجۇم جەھەتتە ئاسمان مۇشكۇللىرى ئۇنىڭغا ئاسان ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ئالدىدا پەلەك



مۇشكۇلگە قالاتتى. ئۇنىڭ يولى قۇياش كەبى روشەن، قەلبى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ پارلاقراق ئىدى. ھەر قانداق چىگىش ۋە مۇشكۇل ئىلمىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلىمى ئالدىدا ئايان ۋە ئاسان بولاتتى. ئۇ تەپەككۇر تۇلپارىنى پەلەكىيات مەيدانىغا چاپتۇرغىنىدا، ئاسمان بۆلەكلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقاتتى. ئىلمىي ھېكمەتتە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەربىرىنى نەچچە قىسمىغا بۆلۈپ كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ دىققەت نەزەرى ئالدىدا ئېنىقسىز بىر چېكىتمۇ كاتتا بىر جىسىمدەك ئېنىق نامايان بولاتتى. تەبىئەت ئىلمى، ئىلمىي رىيازى، ماتېماتىكا ۋە ئىلاھىيەت ئىلىملىرىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېلىپبەدەك روشەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە يۇنان ھېكمىتى ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. ئارىستوتىل ئۇنىڭ بىر شاگىرتىنىڭ باراۋىرىدە ئىدى. ئالەم دانىشمىنى بولغان بۇ زات شاھزادىنى ئۆز مەجلىسىنى يورۇتقۇچى چىراغ دەپ بىلىپ، ئۇنى شاگىرت قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنى قاتتىق تەكىتلىدى. شۇنداق قىلىپ گويا قۇياش پەلەك ئالدىدا مەنزىل تۇتقاندەك شاھزادە بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ مەجلىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەلقىسسە، ئۇستاز ئېلىپبەدىن تەلىم بېرىش ۋاقتىدا، باشلىنىشىنى شۇنداق مەنە بىلەن باشلىدىكى، شاھزادە ئېلىپتىن ئەلەم (الم) نى، بەدىن بالا-قازانى چۈشەندى. ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى ئەبجەد ئۆگىنىشكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ تاكى ئۈچ ئاي توشقانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ساۋاتلىق بولدى. بۇ مول ھوسۇللۇق بىر يىلدا ئۇ «قۇرئان» نى ئاساسەن يادقا ئېلىپ بولدى. شاھزادە ئۈچۈن ھەر قانداق ساۋاقنى بىر قېتىملا كۆرسە، ئۇ ۋاراقنى ئىككىنچى قېتىم ئېچىش ھاجەتسىز ئىدى؛ ھەرقانداق تەلىم-تەربىيىنى بىر قېتىم ئوقۇسىلا، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەتلىرىگە يېزىلىپ، جان سەھىپىلىرىگە نەقىشلىنىپ مەڭگۈ ئۆچمەس بىر كىتابقا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ھەرقانداق گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خىسلەتلەر ھەققىدىكى دەرسلەرنى قويماي يادقا ئالاتتى؛ ئاشىقلىق ماقالىلىرىنى كۆرگىنىدە كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ھالى خارابلىشاتتى؛ ئىشقۇ-مۇھەببەت بايانلىرىنى تەكرار قىلىپ

ئوقۇغىنىدا نالە-زارى تېخىمۇ كۈچىيەتتى؛ ئاشىقلارنىڭ غەم-قايغۇلىرى ھەققىدە ئوقۇغىنىدا غەمگە چۆكەتتى، دەرد-ئەلەم سەۋەبىدىن ياقا يىرتىپ نالە قىلغانلار ھەققىدە دەرس ئوقۇغىنىدا شاھزادە ئۆز ياقىسىنى يىرتىپ يىغلايتتى. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ھەققىدە ئازراقلا رىۋايەت سۆزلەپ بەرسە، بۇ خىل روھىي كېسەل ئۇنىڭغا گويا يۇقۇملۇق كېسەلدەك تېز ۋە قاتتىق تەسىر قىلاتتى. بۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلى جاراھەتلەنگەنلىكىنى بىلسە، زار-زار يىغلايتتى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ياش كۆرۈپ قالسا، شاھزادە ئاندىن بەكرەك نالە-زار قىلىپ ياش تۆكەتتى. ئۇستاز شاھزادىدىكى بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ-ھەس قالدى. بۇ دانىشمەن ئالىم ھەر سائەتتە يۈزمىڭ تەپەككۇرلار بىلەن چارە ئىزدەيتتى. پەرھادنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران ئىدى؛ بىچارە ئانىسىنىڭمۇ پىكىر-يادى مۇشۇ ئىشتا ئىدى. ئۇستاز بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ: «كىچىك بالا دىگەننىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەيتتى. ئەمما پەرھادنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇنىڭغا قايىل بولماي: «ئەجەبا، باشقا بالىلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق ئەمەسقۇ؟» دېيىشەتتى. بۇ ئىشقا شۇ يوسۇندا ھەر بىر ئادەم بىر قىسما تەبىر بېرىشىپ، تەگرىنىڭ يەنە قانداق قىسمەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى.

ئەلقىسسە، بۇ ئاجايىپ ۋە غارايىپ ۋەقەلەر خەلق ئارىسىدا پاش بولۇپ، تارقىلىپ كەتتى. پەرھاد ئون ياشقا كىردى. ئۇ جاھاندا تېخى ھېچكىم شۇغۇللىنىپ باقمىغان ئىلىملارنى تەتقىق قىلىپ ھەقىقەتكە يەتمەي قويمىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئون باھارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۆزىدە يىگىرمە ياشلىقلارنىڭ قەددى-قامىتىنى يېتىلدۈردى. ئۇ پۈتكۈل ئىلىملەرنىڭ ھەممە كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ھەربىي ئىلىمگە كۆڭۈل باغلاپ، باتۇرلۇق-قەھرىمانلىق پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى، بۇ جەھەتتىمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق ماھىر بولۇپ يېتىشتىكى، ھەر قانداق قەھرىمانلىق ۋە پەھلىۋانلىق ھۈنەرلىرى ئۇنىڭدا مانا



مەن دەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئوقيانى قولىغا ئېلىپ شۇنداق تۈزەتتىكى، ئوقيانى شەرقتىن غەربكە قەدەر تارتىپ يايىنىڭ ئىككى بېشىنى بىر قىلاتتى؛ قارا تۈندە ئۇنىڭ كامان ئوقىغا پەلەك نىشان بولاتتى، ئۇ ئوق ئۆزگىنىدە پەلەك تۈركى (قەھرىمانى) بولغان مىررىخ (مارس) يۇلتۇزىمۇ ۋەھىمە تارىلىرىنى ئېچىپ، ئۆز ئەتراپىغا توسۇقلارنى ياساپ مۇداپىئەگە ئۆتەتتى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسى ئالدىدا ھورمۇز ① قىرغىقىمۇ سۇغا پېتىپ، غىلاپ شەكلىدىكى قولتۇقتا ئايلىنىپ قالغانىدى، بەلكى تاغلارمۇ قاتتىق تاشلاردىنىمىز دېمەستىن، چاك-چاك يېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ قىلىچى ئۈچۈن غىلاپ بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ گۇرزىسى بىلەن ئىلبىرس تېغىغا زەربە بەرسە، ئۇنىڭ زەبىدىن تاغ تاشلىرى بۇغداي ئۇنىدەك يۇمشاپ، چاڭ-توزانلىرى كۆك يۈزىنى قاپلايتتى؛ نەيزىسىنى پەلەك ھەرىكىتىدەك چاققان پىرقىرىتىشقا كىرىشكىنىدە، توختىماي ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ئۆزىگە قالقان تۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ بىر ئۇچى يەر ئاستىدىكى بېلىققا ② سانچىلسا، يەنە بىر ئۇچى ئاسمان يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. بۇ سەرۋى بويلۇق شاھزادە ئېتىنى چاپتۇرۇپ، مەيدان تامان يۈرۈش قىلغىنىدا بۇ ئالەم مەملىكىتى تاكى قۇياشقا قەدەر پاتپاراق بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزى مىنگەن تۇلپارنىڭ سۈرئىتى بىلەن پەلەكنىڭ ئۇچقۇر ئېتىنى كېيىن قالدۇرۇپ بەھرامدەك پالۋانلارنىڭ بويىنىغا سالما سالاتتى. ئۇنىڭ ئالتە قىرلىق گۇرزىسىدىن يەتتە قات ئاسمانغا ئاپەت يېتەتتى؛ خەنجىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن ھۇتنىڭ ③ يۈرىكى سۇ بولاتتى. ئۇنىڭ

① ھورمۇز — ئىران تەۋەسىدىكى دېڭىز قولتۇقى رايونى.

② قەدىمكى رىۋايەتلەردە «يەرنى ئاستىدىن بىر ھۆكۈز بىر مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ھۆكۈزنى بولسا بىر دانە بېلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ.

③ ھۇت 1) چوڭ بېلىق، لەھەڭ؛ 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئەڭ ئاخىرى؛ 3) شەمسىيە ھېسابىدىكى ئاي ئىسمى (فېۋرال ۋە مارت ئېيىغا توغرا كېلىدۇ).

بارماقلىرىنىڭ ئۇچى يولۋاسنىڭ بويىنىنى ئۈزەتتى. بۇ يولۋاستەك باتۇر يىگىتنىڭ ئالدىدا نەچچىلگەن يولۋاسلار ئاجىز بولۇپ قالاتتى. روينتەندەك ① مەشھۇر قەھرىمانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشسا، ئۆز قولىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتكىنىدىن ئىڭراپ تاشلايتتى. پەرھاد بۇ قەدەر يۇقىرى ئىلمىي ئىقتىدارى، بۇ قەدەر تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرىتى ۋە زەربەردەست قەددى-قامىتى بىلەن يەنە ئۆزىنى ئىلىپبە ئوقۇيدىغان بالىلاردىن تۆۋەن تۇتاتتى. تامامى پادىشاھلار ئۇنىڭ قەسرى ئالدىدىكى گاداي ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى گادايلارنىڭ ئايىقى ئاستىدىكى تۇپراقتەك پەس ۋە ئاجىز بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پادىشاھلىق بىلەن گادايلىق تەڭ، بەلكى گادايلىق ئارتۇقراق ئىدى، كىشىلەر شاھزادىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزىنىلا پاك دېمەڭلار، ئۇنىڭ سۆز ئىبارىلىرى، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسى پاك ۋە غۇبارسىزدۇر. بۇنداق پاك سۈپەتلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم لايىق ئەمەس» دېيىشەتتى. خالايىق ئۇنىڭغا توختىماي دۇئا قىلىشاتتى. ئۇنىڭ تەرىپىگە ئەگەر توساتتىنلا بىر سوغۇق شامال كېلىپ قالسا، پۈتۈن چىن مەملىكىتىنىڭ خەلقى سوغۇق ئاھ ئۇرۇپ، پۈتكۈل ئەسلى-ۋەسلىنى، بەلكى جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. پەرھادنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا دەرد-ئەلەم يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى خەزىنىلەرنى بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلاتتى. لېكىن پەرھاد بىر زەررە دەردنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، خەزىنىلەرنى خەجلەپ ئۇنىڭغا خېرىدار بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشى، كۆڭلى ۋە كۆرۈنۈشى دەرد-ئەلەمگە ئەسىر بولغان ھالدا يېشى ئون تۆتكە يەتتى. **نەزمە:**

ئۇزات، ساقى شارابى دەردۇ غەمنى،
كۆڭۈل چۈنكى تولا تارتتى ئەلەمنى.

※ ※

① ئىسپەندىيارنىڭ سۈپەت نامى، شاھنامە قەھرىمانلىرىدىن بىرى.



سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچى ھېكايەتچىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ھېكمەت ئالىمىنىڭ سۇلتانى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غايىب تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەزەل بىناكارى ئىككى ئالەم قەسرىنى بىنا قىلىش ۋاقتىدا لايىھىسىنى مۇنداق تۈزدى: خاقانغا پەرزەنت مۇرادى ھاسىل بولۇپ، شادلىق بەزمىسىدە ئارام ئالدى، ئۇنىڭ بەزمە گۈللىرى ئېچىلىپ گۈلشەن ھاسىل بولدى. خاقاننىڭ ھاياتلىق كېچىسىدە پەرھادتىن ئىبارەت بىر شام پارلىدى، ئۇنىڭدىن تارالغان جانغا ئوت سالغۇچى ئۆتكۈر شولىلار دىللارغا ھۇزۇر بېرەتتى. ئۇ شامنىڭ ئوتى گاھ ئوتلۇق ئەلەڭگە تىللىرىنى ئاسمانغا سوزسا، گاھى دانە-دانە ياشلىرىنى يۈزلىرىگە تۆكەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر تامچە كۆز يېشى بىر دانە مەرۋايىت ئىدى. ئىشقى مۇھەببەت پەرھادنىڭ يۈزىگە قاراپ مەخپىي ھالدا: «چىرايىڭنى زەپىرەڭدەك سارغايتىمەن» دېسە، غەم يۈكى ئۇنىڭ قەددى-قامىتىگە قاراپ: «ئېلىپتەك بويۇڭنى دالدەك ئېگىمەن» دەيتتى. سۆيگۈ ئەپسانىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ: «ساڭا بىردەممۇ ئۇيقۇ بەرمەيمەن» دېسە، دەرد-ئەلەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاراپ: «بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بۇ كۆڭۈل ئۆيىدىن تۇغ تارتىپ ھاۋاغا چىقىمەن» دەپ تەھدىت سالاتتى. بۇ ئۆزگىرىشچان پەلەك بىرەر ھادىسىنى پەيدا قىلاي دېسە، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بۇرۇنراق كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇ ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىگە ھارارەت پەيدا قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رەڭگىنى زەپىرەڭدەك سارغايتىدۇ. ئەگەر بىرىوغا تەقدىرىدىن بالا-قازا يۈزلەنسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. پەرھادقا كەلگۈسىدە ھېسابسىز دەرد-ئەلەملەر كېلىدىغان

بولغاچقا، ئۇنىڭ بايرام كۈنلىرىمۇ ئەلەملىك ئىدى. كىشىلەر ھەر قاچان ئەيش-ئىشرەت ئۈچۈن جاملارنى گۈلرەڭ شارابلار بىلەن تولدۇرۇپ، ماھىر سازەندە ۋە خۇشناۋا غەزەلخانلار كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلىغۇچى غەزەللەرنى توۋلاپ، تەرەپ-تەرەپكە بەزمە تۈزگىنىدە، ئەل بۇ شاۋقۇن-سۈرەندىن ھېسابسىز شاد-خۇراملىققا چۆمەتتى، ئەمما، پەرھادنىڭ بولسا شاد-خۇراملىقى دەرد-ئەلەمگە ئۆزگىرەتتى. ئاشۇ بەزمىلەردە ئەگەر مەجنۇنىنىڭ كەچمىشى ھەققىدە سۆز بولۇپ قالسا، پەرھاد قايغۇغا چۆكەتتى. ئەگەر بىرەرسى غەم ھەققىدە ئازراقلا رىۋايەت سۆزلەپ قالسا، بۇ غەمكىن شاھزادە تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ كېتەتتى. ئۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئاشىقلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى دەريانى تىزگىنلىيەلمەي قالاتتى. خاقان پەرھادنىڭ بۇ ھالىتىدىن خەۋەر تاپقىنىدا چوڭقۇر خىياللارغا چۆكەتتى. «بۇ پەرزەنتىم دائىم غەمدىن ئازاد بولمىدى، بىر نەپەسمۇ شادلانمىدى. بۇ ئاھۇ-پىغانىنىڭ ۋەجى ۋە بۇ يىغا-زارىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ، سوغۇق ئاھ تارتاتتى.

چىن مەملىكىتىدە دۇنيادىن تېپىش مۇمكىن بولمىغان خىلمۇ-خىل ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر، گۈزەل ۋە نازۇك مەشۇقلار، ئىنتايىن چاققان ۋە ئەپچىل ھۈنەرۋەنلەر، بىۋاپا پەلەكتەك ماھىر ئويۇنچىلار، كۆك شاھىمات تاختىسىدىن قۇياش ئورۇقى (پىگورىسى) نى ئوغرىلىۋالغۇچى ھەييارلار، تۈننى يورۇق، كۈننى قاراڭغۇ قىلالايدىغانلار، سۇدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سۇ ئالغۇچىلار، ئىچىدە ئوت كۆيۈپ شولا چېچىپ تۇرغۇچى ئاتەشدانىنىڭ تېگىدە سۇزاپ① ئورۇقىنى بىخلاندۇرۇپ، كۆكەرتەلەيدىغانلار، ئۆمۈچۈك تورىغا تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى ئاسالايدىغان كىشىلەر، بەلكى بۇلاردىنمۇ ئاجايىپ-غارايىپ نەيرەڭۋاز سېھىرگەرلەر ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. خاقان بۇلارنى چاقىرتىپ

① سۇزاپ — بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك.



كېلىپ، پەرھادنى ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ مەشرىپىگە قاتناشتۇردى. ئۇلارمۇ سېھىرگەرلىك ۋە نەيرەڭۋازلىق ھۈنىرىنى يۈز ھەسسە زىيادە كۆرسىتىشكە باشلىدى. شاھزادە پەرھاد ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن كۆزىتىپ، ئەھۋالنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، سىرىنى ئېچىۋېتەتتى. شاھزادە بۇ ئاجايىپ ھۈنەرلەرنىڭ سىرىنى سېزىۋېلىپ، بىردەم شادلىناتتى-دە، ئاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىر ئەجەبلەنگۈدەك يېرى قالمايتتى. ھەر قانداق مۇشكۈلنىڭ سىرى ئېچىلىپ كەتسە، مۇشكۈل بولالمايدۇ.

چىن مەملىكىتىنىڭ خانى بولغان بۇ جاھانگىر پادىشاھ بۇ تەدبىرلەر بىلەنمۇ كۈتكەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، چارە-ئامال تاپالماي ناھايىتى تىت-تىت بولدى. ئۇ ئويلاپ-ئويلاپ، يەنە بىر ئىش قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈردى: «تۆت چوڭ قەسىر ياساتقۇزاي، ئۇنىڭدا تۆت پەسىلنىڭ ھاۋاسى ۋە رەڭگى نامايان بولسۇن. شاھزادە پەرھاد ھەر بىر پەسىلدە ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان قەسىردىن ئورۇن ئېلىپ شادلانسۇن، ئۇ قەسىرلەردە ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، تىنىق ۋە تازا شارابلارنى ئىچىپ پاراغەت بىلەن ئۆتسۇن. بۇ قەسىرلەر شۇنداق ياسالسۇنكى، ھەر بىر قەسىرنىڭ ئەتراپىدا راھەتلىك باغ بىنا قىلىنسۇن، ئۇ باغنىڭ ھەر بىر گۈلى گوياكى كېچىنى يورۇتقۇچى چىراغدەك جۇلالىنىپ تۇرسۇن. دانالار ھەر بىر پەسىلنىڭ رەڭگى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، قەسىرنىڭ رەڭگى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشتۇرسۇن. باھار پەسلىدە ئولتۇرىدىغان قەسىرنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ، پۈتۈشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ھەممە جايلىرى گۈل-چېچەكلەردىن بېزەلسۇن. ھەر بىر گۈل گويا بىر گۈل يۈزلۈك مەشۇقتەك ئۇ قەسىرنىڭ يۈزىنى گۈل رەڭگىدە قىلسۇن. يەنە بىر قەسىرنى ياز پەسلىگە ئوخشىتىپ تۈزسۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە يازنىڭ بارلىق نازۇ-نېمەتلىرى ۋە باغۇ-بوستانلىرى ئورۇن ئالغان بولسۇن. بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى ياز پەسلىدە يېشىل بولغىنىدەك، بۇ

قەسىرمۇ يېشىل رەڭدە تەييارلانسۇن، يەنە بىرى قىشلىق قەسىر بولسۇن. ئۇ قەسىرنىڭ ھەممە يېرى ختاينىڭ كافۇر رەڭگىدىكى ئاپئاق ئۇپپىلىرى بىلەن سىرلاپ قار-مۇز رەڭگىگە ماس قىلىنسۇن. يەنە بىر قەسىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆز يەسلىنىڭ رەڭگىدە، زەپىرەڭدەك بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممە جايلىرىنى زەگەرلەر تىللا ۋە ئالتۇنلار ئارقىلىق زىننەتلىسۇن. بۇ پەلەك مىسال تۆت قەسىرنى بىنا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن تۆت پەسىل نامايان قىلىنسۇن، بۇ قەسىرلەر گوياكى چىن سۈرىتىدەك نەپىس ۋە گۈزەل قىلىپ تەييارلانسۇن، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ شاد-خۇراملىقى ئايان قىلىنسۇن. ئۇ قەسىر ئىمارەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پىردەۋس جەننىتىنىڭ بىنالىرىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. ئۇ يەرنىڭ ھۆر-غىلمانلىرى ختاي ۋە چىننىڭ نازىنىن مەشۇقلىرىدىن بولسۇن. بۇ نازىنىنلار گويا جەننەت-تۇل-پىردەۋستىكى ھۆر-پەرىلەردەك جىلۋىلىنىپ تۇرسۇن. شەكسىزكى، بۇلاردىن شاھزادە پەرھاد ھوزۇر ئېلىپ، ئەلۋەتتە شاد-خۇرام بولغۇسى.» خاقان يۇقىرىقىدەك ئوي-خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتە پەرمان چۈشۈردى. بۇ پەرمانغا بىنائەن بارلىق ھۈنەرۋەنلەر يىغىلدى. ئۇستازلار كېلىپ لايىھەنى تۈزۈپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر بىر ھۈنەرۋەن ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، شادلىق ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. تاشچىلار ئۆيۈل تاشلارنى يونۇپ، بىر پەستىلا گۈللەرنىڭ ياكى ھايۋاناتلارنىڭ ھەيكىلىنى تەييار قىلىشاتتى. نەققاشلار كۆكۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك نازۇك نەقىشلەرنى چېكىپ، بىردەمدىلا بىر قەسىرنى گۈلشەنگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى؛ ئۇلار ئاز پۇرسەت ئىچىدىلا يۈز قەسىرنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزەلەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىشەتتى. ھېسابسىز ئاجايىپ-غارايىباتلار يۈزەگە چىقىپ، كۆپلىگەن نەپىس سۈرەت شەكىللىرى مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى. ھەر دەقىقىدە بىر شەكىل كۆزگە چېلىقسا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە باشقا بىر شەكىل نامايان بولاتتى. ئۇ يۈز قىسما



شەكىللەر جىلۋىلەنگەندە، ئۇنى ياساۋاتقانلارمۇ يۈز خىل مەشغۇلاتلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار بۇ شەكىللەرنى ياسىماقچى بولغاندا بىر تۈرلۈك سەنئەتكارلىققا مەشغۇل بولسا، ياساپ پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە باشقا خىل ئۇستىكارلىقى بىلەن پەيزى قىلىشاتتى. بۇ ئىشلارغا ھەربىر ھۈنەرۋەننىڭ تەبىئىيتى كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئوڭۇشلۇق پۈتكۈزۈشتە شەك يوق ئىدى. خاقان بۇنداق بۈيۈك ئىمارەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى سۆيۈنۈپ چەكسىز شادلاندى.

خاقاننىڭ ھۇزۇرىدا پەرخۇندە دەستۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ۋەزىر بار ئىدى، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك قائىدە-نىزاملىرىنىڭ شاراپىتىدىن مەملىكەت ئاۋات، ئەل ئىشلىرى تەرتىپلىك ئىدى. بۇ مەملىكەت شەھەرلىرى بۇ ۋەزىردىن ئۆزگە ھۆسن ۋە زىننەت تاپاتتى. شۇڭا خەلق ئىچىدە ئۇ «مۇلكئارا» (دۆلەتكە زىننەت بەرگۈچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. شاھ ئۆزى خالىمىغان ئىشنى بۇ ۋەزىرگە بۇيرۇمايتتى ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي ھېچ ئىش قىلمايتتى. بۇ پەرھادقا كىچىك ئاتا بولۇپ كەلگەنىدى. پەرھادمۇ ئۇنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرەتتى. پەرھادنىڭ پاراكەندە ئەھۋالى ۋە قالايمىقان ھالەتلىرىدىن رەنجىگەن ئاتىسى كۆپ ئوي-خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ئەلدىن پىنھان قىلدى. ئاندىن ۋەزىر مۇلكئارانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىغان ئالىي قەسىرلەر، ھۆرى غىلمانلار ۋە باغۇ-بوستانلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ۋە بارلىق ئوي-خىياللىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. خاقان مۇلكئاراغا دۇئا قىلىپ:

— ھەي پەرخۇندە دەستۇر، ئەمدى سېنىڭ مۇبارەك پەم-پاراسىتىڭگە ئايان بولمىغان ھېچ ئىش قالمىدى. ھازىردىن باشلاپ كېرەكلىك ئىشقا تېز تۇتۇش قىلماق كېرەك، — دەپ بۇيرۇدى.

مۇلكئارا پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاقانغا خۇشال ھالدا تەزىم بەجا كەلتۈردى. شاھ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆز

ھۆجرىسىدا خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ، كىرەكلىك ئەسۋابلارنى توپلاشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. **نەزمە:**

كەتۇر، ساقى، ماڭا جامى مەيى ناب،
بۇ سائەتكىم مۇھەييا بولدى ئەسباب.
كى گەردۇن يەتتە قەسرىدۇر ۋەفاسىز،
جەھاننىڭ تۆت پەسلى ھەم بەقاسىز.

※ ※

**سىرلار مەنبەلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن بىشارەت بەرگۈچى ھېكايەتچىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت مەكتۇبلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ھېكمەت ئالىمىنىڭ ھۆكۈمرانى، مەنىۋى دۇنيانىڭ خاقانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئاجايىپ ۋەقەلىك ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ.**

ئەلقىسسە، بۈيۈك خاقان مۇلكئاراغا پەرمان قىلىپ:

— تۆت قەسر بىنالىرىنى گويا دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرغىن، — دېدى.

مۇلكئارا بۇ پەرماندىن سۆيۈنۈپ، ئاتلاندى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقبال ھەشەمىتى گويا دۆلەت ئەركانلىرىغا ئوخشاش قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ھېسابسىز ئالىملار ئۇنىڭ ئىزەڭگۈسى ئەتراپىدا ھەمراھ بولۇپ، سانسىزلىغان دانا بىناكارلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، شاد-خۇرام ھالدا ئىشنى باشلىدى. ئۇلار چىن شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى بىر-بىرلەپ كېزىپ چىقىپ، تۆت ئورۇننى تاللىدى. بۇ جايلارنىڭ سۈيى، ھاۋاسى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرى جەننەت ھۇزۇرىدىن نەمۇنە كۆرسىتەتتى، شۇنداقلا ھەر بىر پەسىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ ئورۇنلار شاھزادىنىڭ ئارامگاھى بولۇشقا ھەقىقەتەن لايىق ئىدى. مۇلكئارا تاملارنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىپ،



ھەر بىر تامغا تۆت بۈيۈك جەدۋەل سىزىقلىرىنى تارتىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن باغلارنىڭ پىلانلىرى ۋە قەسرلەرنىڭ لايىھىلىرى تۈزۈلۈپ پۈتتى. پەرمان چۈشۈرۈش جەھەتتە نۆۋەت دارادىن ① ئۆتۈپ، مۇلكئاراغا يەتكەنىدى.

چىن مەملىكىتىدە تەڭداشسىز ئىككى ئۇستاز بار ئىدى. بۇ ئىككىيلەن قوشكېزەك قېرىنداشلارغا ئوخشايتتى، بىرىنىڭ لەقىمى بانى②، يەنە بىرسىنىڭ لەقىمى مانى③ ئىدى. كىشىلەر بۇلاردىن بىرىنى كۆرسە، يەنە بىرسىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. چىن مەملىكىتىدە بانى بىنالارنى ياساپ پۈتكۈزسە، مانى كېلىپ ئۇ بىنالارغا نەققاشلىق بىلەن زىننەت بېرەتتى. بانىنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە شۇ قەدەر ماھارىتى بار ئىدىكى، ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇ كۆككە تاقاشقان بۈيۈك قەسرلەرنىڭ لايىھىسىنى تۈزگەندە، كۆرگۈچىلەر تامدەك قېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ماھارىتى ئالدىدا سۇ ئۈستىگە گۈمبەز قۇرۇش سۇدىن كۆپۈك چىقارغاندەك ئاسان ئىدى. ئۇ ھەر قانداق بىر قەسرنى بىنا قىلسا، ئۇ بىنا يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئاسمان قەسرىدەك ئازاد ۋە مۇستەھكەم بولۇپ چىقاتتى. ئۇ بىنا ياسىسا، توپىسىنى تاشتەك چىڭ، ھاكلىرىنى پولاتتەك مۇستەھكەم قىلىپ پۈتكۈزەتتى.

مانى شۇنداق ماھىر نەققاش ۋە رەسسام ئىدىكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ نەقىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا تام نەقىشلىرىدەك ئايان ئىدى. ئۇ بۇ ئالەم دائىرىسىنى سىزسا، ئۇنىڭ سىزىقلىرى جەدۋەل (سىزغۇچ) تۇتقاندەك تۈز، چەمبىرى پەركار (سىركول)دا سىزغاندەك توغرا چىقاتتى. ئەگەر ئۇ جانسىزلارغا سۈرەت زىننىتىنى بېرىشكە باشلىسا، سىزغانلىرى كىشىگە گويا سۈرەتكە ئېلىنغان تىرىك

① دارا — قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى.
② بانى — بىناكار دېگەن مەنىدە.
③ مانى — ئۇستا نەققاش دېگەن مەنىدە.

جاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ھاسىل بولغان گۈزەللىكنى باشقا يېزىلغەن قەلەملەرمۇ سىزىپ بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر كىشىگە چۈشىدە تەلىم بەرسە، ئۇ كىشى ئويقۇسىدىن تەڭداشسىز ئۇستاز بولۇپ ئويغىناتتى.

يەنە بىر ئۇستاز بار ئىدى، ئۇنىڭ ئەپچىل ۋە چەبدەسلىكى پەلەك ھەرىكىتىدەك چاققان، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ نازۇكراق ئىدى. ئۇ دائىم ئۆيۈل تاشلار لەشكىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، قاتتىق تاشلارنى بويسۇندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «تاش كېسەر قارەن» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ مىتىنىنىڭ ئۇچى قاتتىق تاشلارنى تېشىپ، گۈلشەندەك نازۇك پەنجىرىلەرنى ئاچاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىتىنى بىلەن پۈتۈن ئۆمۈر بويى مۇشۇ ھۈنەر سەھىپىسىدە قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتاتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان تەڭداشسىز ئۇستازلار بار ئىدىكى، ئۇلاردەك ھۈنەرۋەنلەرنى جاھان ۋە زامان كۆرۈپ باقمىغانىدى.

دانىشمەن مۆلكئارا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ھۈنەرلىرىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا شاھزادىنىڭ كەيپىياتى سەۋەبىدىن خاقانىنىڭ بۇيرۇغان پەرمانلىرىنى بىر-بىرلەپ يەتكۈزدى. ۋەزىر ئۇلارغا: «گۈزەل جەننەتتەك تۆت باغ قۇرۇلسۇن، تۆت قەسىر جەننەت بېغىدەك زىننەتلەنسۇن. شاھزادە پەرھاد تۆت پەسىلدە ئۇ يەردە ئارام ئالسۇن. ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرى ھەر بىر باغ ئىچىدە رام بولسۇن» دەپ، ھەممە باغ ۋە قەسىرلەرنىڭ سۈرەت، نەقىشلىرى ھەم رەڭلىرىنى تولۇق سۈپەتلەپ چۈشەندۈردى. «ئۇنىڭ لايىھىسىنى بۇنداق تۈزمەك كېرەك، بۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇنداق ئىشلىمەك كېرەك...» دەپ تەپسىلىي چېكىلگەندىن كېيىن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا خەزىنىلەرنى توختىماستىن تاش-تۇپراقتەك تۆكۈۋەتتى. بارلىق ئۇستازلار ئۆز ھۈنەرلىرىگە تەييار بولۇپ، ئىش باشلاش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مۆلكئارامۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك



نەرسىلەرنى توپلاشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن بۇ تۆت ئىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ھېسابسىز نۇرغۇن ماتېرىياللارنى بۇيرۇدى. ھەر بىر ئىشنى باشلاش ئۈچۈن كارۋانلاردىن يۈز كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ھەر يۈز كىشىنىڭ ئەتراپىدا مىڭلاپ ھۈنەرۋەن تەييار بولۇپ تۇرۇشاتتى. خىش ۋە تاشلارنى توشۇش ئۈچۈن پىل ۋە هارۋىلارنى راسلاپ، شۇنداق تۇتۇش قىلدىكى، ئۇلار چىن مەملىكىتىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى بارلىق كۆكۈل مەيدانلار ۋە خارابىلارنى قاپلىدى. ئۇلاردىن پۈتكۈل تاغۇ-سەھرالارغا شاۋقۇن-سۈرەن چۈشتى. ئېغىر يۈكتىن پەلەككە ئېغىر كۆلپەتلەر يەتتى. بىر تاغنىڭ ئۈستىگە يېزىلغەن تاش كەسكۈچىلەر چىقىپ، ھەر بىر ئىشنىڭ ئۈستىگە مىڭلاپ ھۈنەرۋەنلەر ئولتۇرۇپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ ئېغىر تاشلار يۈكى ئاستىدا ئاسمان چەمبىرىدەك هارۋىلار ئايلىنىپ، يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار شەپەق چۆككەندىمۇ، تاڭ يورۇغاندىمۇ ئىشتىن باش تارتماي، شەپەقتەك قىزىل ۋە سۈبھىدەك ئاق تاشلارنى ئىش ئورنىغا توشۇماقتا ئىدى. رەندىلەرنىڭ دولقۇنى ۋە ئاۋازىدىن دېڭىز ھاسىل بولغان بولۇپ، گويا ھەر بىر دېڭىز تۆت قىرلىق دولقۇنلارنى ياساپ شاۋقۇن سېلىۋاتقاندەك ئىدى. ياغاچچىلار ئۇد ۋە سەندەل ياغاچلىرىنىڭ ئارىسىدا گوياكى مال بىلەن تولغان دۇكاندا ئولتۇرغان سودىگەرلەردەك كۆرۈنمەي قالاتتى. ھەرىلەر تاش ۋە ياغاچچىلارنى خۇددى سەندەل ياغىچىنى كەسكەندەك كېسەتتى. ھەرە كېپەكلىرى گويا قىش كۈنىدىكى قاردەك توختىماستىن يېغىپ تۇراتتى. لاي ئەتكۈچىلەرنىڭ سۇ توشۇيدىغان سوغىلىرى پەلەك بىلەن باراۋەر ئىدى. لاي سۇنغۇچىلار ۋە كەتمەن تۇتقۇچىلار پالچىق ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئاسمان گۈمبىزىدەك راۋاقلارنىڭ ئۈستىدە لاي سۇنۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۇستازلارغا قاراپ ۋارقىرايتتى. ئىش بۇيرۇغۇچىلار توختىماي «ھاي، ھۇي» دەپ، تېز بولۇشقا قىستار، ئىش قىلغۇچىلارمۇ ئارام تاپماستىن ئىشلەپ تۇرار ئىدى. بۇ ئىشتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سۈرەن-چۇقان

چۈشۈپ، ئىنسانىيەت بولسا جىمى ئالەمگە شاۋقۇن-سۈرەن سالماقتا ئىدى. ئىش بۇيرۇغۇچىلار ئىش ئۈستىدە شۇنداق ئايلىنىپ يۈرەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئىزتىراپلىرى سەۋەبىدىن يەتتە قات ئاسمانمۇ خۇددى سىركىلدەك ئايلانماقتا ئىدى. ئۇستازلار ئىشلەپ هارماس، بىر دەم ئارام ئالماس ئىدى.

بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلار شاهزادىگە بىر-بىرلەپ بايان قىلىندى: «شۇنداق بىر ئالىي قەسىر بىنا قىلىنىدۇكى، جەننەتۇل-مەئۋا ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ، ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ هەر بىر گۈمبىزى ئالدىدا ئۇيۇق گۈمبىزى كۆرۈنمەي قالىدۇ. پۈتكۈل ئالەمدە بۇ قەسىرلەرنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر.» ئۇلار شۇ يوسۇندا هېسابسىز تەرىپ، تەۋسىپلەرنى قىلغانلىقتىن شاهزادىنىڭ بۇ ئىمارەتلەرنى كۆرۈشكە هەۋىسى ئاشتى. ئۇ ئاتلىنىپ، سەهرا تەرىپىگە شۇنداق راۋان بولدىكى، گويا پەلەك ئارغىمچىغا مىنگەن ئايدەك يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز نەپەر ئاي يۈزلۈك خۇشخۇي يىگىت ئاتلارغا مىنىشىپ، خۇددى ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك بىللە يۈردى. پەرهاد ئىپتىنى توختىماستىن سۈرۈپ يېتىپ بارغىنىدا، شۇنداق بىر قىيامەتنى كۆردىكى، پۈتكۈل ئالەم خەلقىغە ئاجايىپ بىر هاياجان چۈشۈپ، يىمەك-ئىچمەك، راهەت ۋە ئۇيقۇنى ئۇنۇتقان هالدا ئىشلىمەكتە ئىدى. ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان بىنا تاشلىرىنى شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈشمەكتە ئىدىكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك هەر نەپەستە «ئېهتىيات قىلىڭلار!» دەيتتى. ئاسمان گۈمبىزىگە تاقاشقان ئېگىز جازىلارنى باغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇستازلار زۇهەل يۇلتۇزىدەك قونۇپ ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى. بىنالارنىڭ ئۈستىگە ئېگىز گۈمبەزلەر چىقىرىشقان بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭغا قېلىپ بولۇپ تۇراتتى. ئۇستازلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان، باشقا هەممە ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىشقانىدى. شاهزادە بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئەهۋاللارنى كۆرۈپ، هەيرانلىق



ئىچىدە بارماقلىرىنى چىشلىگەن هالدا قېتىپ قالدى. ئۇ هەربىر هۈنەرنى كۆرگىنىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بۇ ئاجايىپ ئىشلارغا ئاپىرىن ئېيتاتتى؛ هەربىر هۈنەرۋەننى كۆرگىنىدە ئۇلارنىڭ غارايىپ ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالاتتى. ئۇستازلار هەر تەرەپتە تاشلارنى كېسىپ پارە-پارە قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ كەكىسى ئالدىدا قارا تاغلار گويا پىچاق ئالدىدىكى سېرىق ياغدەك ئىدى. يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا قارا تاشلار مومدەك بولۇپ، ئۇنى هەر قانداق سۈرەتكە كەلتۈرۈۋېرەلەيتتى. يەنە بىرسى قاتتىق تاشلارنى خۇددى يۇمشاق ياغاچنى يونىغاندەك يونۇپ، تۈگرۈك قىلىش ئۈچۈن پىل پۇتى شەكلىدە ياساپ، نەقىشلەۋاتاتتى.

ئۇستازلارنىڭ ئارىسىدا نەقىش باغلىغۇچى بىر ئۇستاز بار ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل نەقىشلىرى گويا هېيلىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ نەققاشلىقتا تەڭداشسىز كىشى بولۇپ، تاشلارنى نەپىس سۈرەتلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ تۆمۈر قەلىمىنى تاش ئۈستىدە هەر تەرەپكە هەرىكەتلەندۈرسە، بەئەينى تۇپراقنى سىزغاندەك سىزىقچىلارنى پەيدا قىلاتتى. قەلىمىنى ئويىنىتىپ يۈز خىلدىكى نەقىش ۋە تەسۋىرلەرنى ياراتقىنىدا مانىمۇ كۆرۈپ هەيران قالاتتى. شاهزادە ئۇ دانىشمەنىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر پەس ئۇنى تاماشا قىلغۇسى كەلدى. شاهزادىنىڭ ئاتتىن چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇستاز دەرهال ئەسۋابلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شاهزادە ئولتۇرغۇدەك بىر تاشنى تەخت قىلىپ ياساپ بەردى. شاهزادە ئۇنىڭ ئۈستىدە بەختلىك هالدا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— هەي دانىشمەن ئۇستاز، بۇ ئاجايىپ هۈنىرىڭدىن بىر بابىنى بايان قىلغىن. بىزگە هۈنىرىڭنىڭ بىر تارمىقىنىڭ سىرى ئايان بولۇپ قالسۇن. هۈنەرلىرىڭنىڭ ئەهۋالى بىلەن ئىسمىڭنىمۇ بايان قىلغىن. قاتتىق تاشلارنى كەكە بىلەن مومنى يونۇغاندەك يونۇۋاتىسەن. پەقەت كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىسەنكى، ئەقىل ۋە ئىدراك ئۇنىڭغا ئاجىزدۇر. ئەگەر قاتتىق ياغاچلارنى پىچاق

بىلەن يۇنۇسا ئۇنىڭ بىسى ھەرىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئەسۋابلىرىڭنى قانداق سۇ بىلەن سۇغارغانىدىڭ، ئۇنىڭدا ئويۇل تاشلارنى يۇنۇساڭمۇ، سايمانلىرىڭ بىر زەررە زەرەرگە ئۇچرىمايۋاتىدۇ، بۇ قانداق كارامەت؟ ئاۋۇ قەلىمىڭمۇ قارا تاشلارنى كېسىۋاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ سىرىنى ئېيتىپ بەرگىن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دانىشمەن نەققاش يەر سۈيۈپ تەزىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۆزىنى ياخشى دۇئالار بىلەن باشلىدى:

— ئەگەر ئالەمنىڭ ھاۋادىساتلىرى كوھىقاپتەك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاسايىشلىق تېپىپ، غېمىڭنىڭ بېشىنى بەخت-ئىقبالنىڭ تېشى بىلەن چېقىپ، دۈشمىنىڭگە قاتتىق تاشلارنىڭ زەخمىتىدىن نېسۋە بېرىپ، مۇشەققەت تېغىدا ئاۋارە قىلغايسەن. ئاۋۋال ئېتمىنى سوراپ ئاندىن ھۈنىرىمنى سورىدىڭ. ئىسمىمنى قارەن دېيىشىدۇ. ئىشىم ئوچۇق-ئاشكارا تۇرۇپتۇ، مانا قولۇمدا كەكە، ئالدىمدا ئويۇل تاشلار. ئۇنى مىتىن ۋە كەكە بىلەن ھەر قانچە يونۇساممۇ ئەسۋابلىرىم سىنمايدۇ. بۇ ئەسۋابلارنى سۇغىرىشتا ئاجايىپ بىر ھالەت باركى، ئۇنىڭدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلالمايمىز. ئۇستاز ئۇنى سۇغىرىپ يۈز يىلغىچە ئويۇل تاشلارنى ياكى پولاتنى يونۇسىمۇ، ئەسۋابلىرىنىڭ سىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بەلكى ئۇپرىماي قالمايدۇ. خىتاي ئۇستىلىرى بۇ ھۈنەرنى ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالەم خەلقىدىن ھەر ئىشتا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ مەن بىلگەننى بىلمەيدۇ ۋە مەن قىلغاننى قىلالمايدۇ.

ئۇستاز بۇ ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، شاھزادە بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىدى:

— مەن سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۇستازغا، — شۇڭا بۇ ئىشقا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا مەشغۇل بولۇپ ھۈنەر قىلغىن. سەن تاشلارنى گاھ يونۇپ، گاھ نەقىشلەپ تۈگەتكىن، مەن ئولتۇرۇپ بىر-بىرلەپ كۆزىتەي.

ئۇ ھۈنەرۋەن ئۇستاز بېشى ئاسمانغا تاقاشقان تاشلارنى



تەييار قىلدى. شاھزادىنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇ مەشغۇلاتقا باغلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، تاش يونۇش ۋە نەقىش ئويۇشقا كىرىشتى. ئۇ كەكىسىنى تاشلارغا سالغاندا شاھزادە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھەيرانلىق ئىزھار قىلاتتى. شاھزادە شۇنداق قىلىپ تاكى كۈن تاشلار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆزىنى يوشۇرغانغا قەدەر بۇ ئىشقا مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئاتلىنىپ، شەھەر تەرەپكە گويا قۇياش تاغ ئارىسىغا يۈرگەندەك يۈرۈپ كەتتى. **نەزمە:**

كەتۈر، ساقى، ماڭا بىر جامى رەڭگىن،
كى تۈشمىش غەم تاشى كۆڭلۈمگە سەڭگىن.
كى ئول سەيل ئاندا غەم خار①ىن سۈپۈرگەي،
دېمەن غەم خارىكىم خارانى سۆزگەي.

※ ※

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى ۋە رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، سۆيگۈ داستانلىرىنىڭ، مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

شاھزادە تاش كېسىش مەيدانىدىن ناماز شام ۋاقتىدا ئوردىغا قايتىپ كەلدى. تاشچىلىق ھەۋىسى ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلغانىدى. توختالغان ئەقىل ھەر قانچە ھۈنەر ۋە پاراسەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەۋەس گۆدەكلىرىنىڭ ئىلكىدە ئاجىزدۇر.

تۈن قارا تاغدەك ئاغدۇرۇلدى. جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش تاغلارغا يالقۇن چېچىپ، ئاسماننى مەرمەر رەڭگىگە كىرگۈزۈپ، پەلەكنىڭ چوققىسىغا مىندى.

---

① خار — تىكەن.

شاھزادە ئاتلىنىپ تاش كېسىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ھۈنەرۋەنلەر جىددىيلىشىشكە، ھودۇقۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەر بىر ھۈنەرۋەننىڭ ماھارىتىگە چوڭقۇر نەزەر سالاتتى. سۆھبەتلەشكەندە ھەر بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز تىرمىنى بويىچە سۆزلەپ ئۆتەتتى. ئۇلارمۇ شاھزادىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ئىشىنى تېخىمۇ تېز ئىشلەشكە كىرىشەتتى.

شاھزادە ھۈنەرۋەنلەردىن بەھرىلىنىپ، قارەن تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قارەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قارەن تاشتىن ياساپ بەرگەن تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

قارەنمۇ ھېلىقى يالتىراپ تۇرغان تاشنى يونۇشقا باشلىدى. ئۇ تۆمۈرچى ئۈستىنى كەكە، مىتىن ياساپ بېرىشكە بۇيرۇدى. تۆمۈرچى ئۇستا كېلىپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ تاۋلىغان تۆمۈرى گوياكى بەدەخشاننىڭ ياقۇتىدەك، بەلكى شەپەقتەك يالتىرايتتى. ئۇستا ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل ئېسىل ئەسۋابلارنى ياسىدى. لېكىن، قارەن بۇ ئەسۋابلارنى ئۆزى سۇغاردى، ئاندىن تاشلارنى يونۇپ، ياساشقا باشلىدى. شاھزادە قارەننىڭ ھەر بىر ئىشىغا يوشۇرۇنچە كۆز سېلىپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ قارەنگە ئوخشاش ماھارەت بىلەن تاش يونۇشقا كىرىشتى. بارا-بارا قارەندەك ئۇستىلاردىن يۈزلەپ كىشىلەر پەرھادقا شاگىرت بولدى. شاھزادە كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ بەزىدە يوشۇرۇنچە كەكىنى قولىغا ئالاتتى. بەزىدە ئاشكارا ھالدا شۇنداق كامالىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيتتىكى، ئۇنىڭ بىر كۈندە قىلغان ئىشىنى باشقا ئۇستىلار بىر ئايدا ئاران تۈگىتەلەيتتى. شاھزادە ھەر كۈنلۈكى شۇ خىل مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرى ھۈنەردە كامالەتكە يەتتى.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، جەننەتتەك ئالىي تۆت قەسىر قەد كۆتەردى. قارەن بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تاشقى قىسمىغا ئۆزىنىڭ سەنئەتسازلىق ماھارىتىنى ئىشلەتتى. ئىچكى قىسمىغا مانى نەققاشلىق



قىلدى. ئۇ ھەر بىر خانىنى شۇنداق تەسۋىرىي نەقىشلەر بىلەن بېزىدىكى، ئېيتقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىدى. نەققاشلار تەسۋىرگە قەلەم تارتقاندا، ئىش بۇيرۇغۇچىلارمۇ ئىختىيارسىز نەققاشلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. مانى قايسى بىر سۈرەتنى سىزسا، پەرھاد ئۆزىنىڭ نەققاشلىق قەلىمى بىلەن شۇ سۈرەتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتەتتى. پەرھاد بۇ ھۈنەرنى ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىۋالدىكى، ئۇ سىزغان تەسۋىرىي نەقىشلەرنى باشقا ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك سىزالمايتتى.

ئەلقىسسە، بۇ قەسىرلەر پۈتكىچە شاھزادە قەسىرنىڭ ئىچى-تېشىغا تاشچىلىق ھەم نەققاشچىلىق قىلدى. ئۇستازلار ۋە كامالەت ئىگىلىرىنىڭ ھۈنەر-سەنئىتى يۈزەگە چىقسا، پەرھاد ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، شۇ ھۈنەرنىڭ ئۈستىسى بولۇپ چىقاتتى.

ئالىي قەسىرلەر پۈتكەندىن كېيىن، جەننەت مىسال باغلارمۇ ياسالدى.

«ئەتىيازلىق قەسىر» شۇنداق زىننەتلەندىكى، ئۇنىڭ ئىچى-تېشى قىزىلگۈل رەڭگىدە بولۇپ، سۈرەتلىرىمۇ گۈلدەك چىراي ئاچقانىدى. ئىشرەت گۈلزارلىرىغا گۈل رەڭگىدىكى چىرايلىق گىلەملەر سېلىنىپ، گۈلرەڭلىك نەپىس شايىلاردىن كۆرپە-ياستۇقلار تەييارلانغانىدى. قەسىرنىڭ ئىشىك، دېرىزە، تۈڭلۈك، بوسۇغىلىرىمۇ قىزىلگۈل رەڭگىدە سىرلانغانىدى.

«يازلىق قەسىر» يېشىل رەڭدە زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگىگە يېشىل ئاسمانمۇ ھەيران قالاتتى. قەسىر ئەتراپىدىكى چىمەنلىكلەردە ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە قارىغاي، سەرۋى دەرەخلىرى ئۆسكەنىدى. بۇلبۇل ۋە تۇتىلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپ، ئۈستىگە يېشىل شايىدىن كىيىم كىيىپ، ناۋا قىلىشاتتى. يېشىل رەڭلىك يىپەك كۆڭلەكلەرنى كىيگەن مەشۇقلار بوستانلاردا يېشىل قەدەھلەرنى مەيگە تولدۇرۇپ، بىر-بىرىگە تۇتىشاتتى. بۇ قەسىرنىڭ چوڭ تاشلىرى ئورنىغا زەبەرجەد قويۇلغانىدى. ئۇششاق تاشلىرى ئورنىغا

زۇمرەت چېچىلغانىدى. بۇ پەلەككە ئوخشاش قەسىرنىڭ ئىچى-سىرتى يېشىل رەڭلىك ئىدى. قەسىر ئۈستىدىكى گۈمبەز تاۋلىنىپ تۇرغان يېشىل قۇرام تاشقا ئوخشايتتى، گۈمبەزنىڭ سىرتى يېشىل چىنىگە ئوخشاش كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، ئىچىگە يېشىل گىلەم، ئەتلەس، كىمخابلاردىن بىسات سېلىنغانىدى. قەسىردىكى سەرۋىلەر، گىياھلار ئىشرەت ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى خىزىردەك رەھنەما ئىدى.

«كۈزلۈك قەسىر»نىڭ رەڭگى كۈز پەسىلدىكى يوپۇرماقلاردەك سېرىق ئىدى. ئۇنىڭ بەزمىلەرنى جانلاندۇرغۇچى پەلەككە تاقاشقان گۈمبىزىگە زەر ھەل بېرىلىپ، سەنئەت قەلىمى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. قەسىرنىڭ ئىچى-تېشىغا تىللا سۈيى يۈگۈرتۈلگەنىدى. ئىچىدىكى سۈرەتلەرنىڭ تەسۋىرى جانلىق، سىرتىنىڭ شەكلى قۇياشتەك نۇرلۇق ئىدى. قەسىردە ئالتۇن خىشلاردىن ياسالغان بىر كۆل بولۇپ، ئۇ سېرىق مەي بىلەن توشقۇزۇلغانىدى؛ كۆلدىكى مەي يالتىراپ، قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتەتتى. كۈز ياپراقلىرى كۆلگە سېرىق گۈلدەك چۈشۈپ تۇراتتى. قەسىردىكى ئايىيۈزلۈك كېنىزەكلەر ئاشىقلارنىڭ سارغايغان چىرايىدەك قەھرىۋا رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، ئۇلار قۇياشتەك جىلۋىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن جاھانغا غەۋغا چۈشەتتى.

«قىشلىق قەسىر» شۇنداق نۇرانە ئىدىكى، گويا ئاققا-ئاق قۇشۇلغاندەك ئىچى-سىرتى مەرمەردىن، بەلكى ئاق قاشتېشىدىن ياسالغانىدى. بۇ قەسىرنىڭ كۆلى كۈمۈشتەك ياكى سىمابتەك يالتىرايتتى. بۇ قەسىرنىڭ راۋىقىمۇ كۈمۈش بىلەن سىمابتىن ياسالغان گەج بىلەن سۇۋالغاچقا، گويا مەشۇقنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىدەك كۆرۈنەتتى. قەسىردىكى كىيىم-كېچەك ۋە ئورۇن-كۆرپىلەرمۇ ئاق يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەنىدى. بۇ خۇددى چىنىنىڭ ئاپئاق چىنلىرىدەك نەقىشلىنىپ، قەسىرگە زىننەت بەرگەنىدى. ھەر بىر قەسىر كۈمۈش تەنلىك خىتاي مەشۇقلىرى بىلەن نۇرلانغانىدى، ئۇلار ئاق شايىدىن كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا كۈمۈش يوپۇرماقتەك



جىلۋىلىنەتتى. قەسىردىكى كۆللەر سەدەپتەك كۆرۈنەتتى. ئېرىقلاردىن كۆلگە قۇيۇلۇۋاتقان سۇلار ئۈنچىلەرنى ھاسىل قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ چىن سۈرەتلىرىگە ئوخشاش تۆت قەسىر مەيدانغا كەلدى، بۇ قەسىرلەر جەننەتكە ئوخشايتتى. قەسىرنىڭ ئايۋانلىرى پەلەكتەك، رەسىملىرى پەلەكتىكى قۇياشتەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ رىۋايەتلەردىكى باغ ئېرەمدەك زىننەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئالىيلىقى بەيتۇلھەرەمدىن بەلگە بېرەتتى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر مۇلكئارا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى تاماملاپ، خاقانىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. خاقانغا بۇ زور قۇرۇلۇشنىڭ جەريانىنى، ئىشلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت ئەھۋالىنى بىرمۇ-بىر بايان قىلدى.

خاقان قەسىرلەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئوڭ يېنىغا شاھزادە پەرھادنى، سول يېنىغا ۋەزىر مۇلكئارانى ئېلىپ، تەنتەنە بىلەن يولغا راۋان بولدى.

ئاۋۋال بىرىنچى قەسىرگە كىردى. بۇ ئالىي جەننەتتەك قەسىرنى كۆزدىن كەچۈردى. باغدا بولسا قەسىردىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆردى. ئىككىنچى قەسىرنى باقىي جەننەتتىنمۇ غارايىپراق ھېسابلىدى. ئۈچىنچى قەسىر ئالدىنقى ئىككى قەسىردىنمۇ ئارتۇق ئىدى. تۆتىنچى قەسىرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆپ مۇلاھىزە قىلدى. بۇ تۆت قەسىرنى بىر-بىرىدىن خوپ ۋە مەرغۇپ كۆردى. بۇلارنى تەرىپلەشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلاتتى. دانالارنىڭ پەم-پاراسىتى بۇ يەردىكى گۈزەللىكلەر ۋە ئاجايىباتلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىقرار بولدى. بىر قەسىرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن كىشى يەنە بىرىنى كۆرۈپ، پىكىر-مۇلاھىزە قىلغىنىدا، ئالدىنقى قەسىر ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتەتتى.

خاقان تۆت قەسىرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھۈنەر-ۋەن-ئۇستىلارغا ئۇلار ئويلىغىنىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىنئام بەردى. بۇ قەسىرلەر، باغلار ۋە ھۆرلەر شاھزادە پەرھادقا تاپشۇرۇلدى.

بۇ ئاجايىپ ئىشتىن كېيىن، ۋەزىر مۇلكئارانىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتى ئاۋۋالقىدىن مىڭ ھەسسە ئاشتى. خاقان مۇلكئاراغا:

— ھەربىر پەسىلدە بىر قەسىردە ئۈچ ئايدىن كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىنغاي، ھەر پەسىلنىڭ مەنزىرىسى ۋە ھاۋا-كىلىماتى بۇ قەسىرلەردە بەزمە قىزىتىشنىڭ تەقەززاسى بولغاي، — دەپ پەرمان قىلدى.

دانا ۋەزىر مۇلكئارا پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن بىر يىللىق ئەيش-ئىشرەتنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. پىلاندا، ھەر قەسىردە ئۈچ ئايدىن بەزمە قىلىش، مېھمانلار ئۈچۈن ھەر كۈنى يۈز ئات ۋە مىڭ قوي ئۆلتۈرۈش، بەزمىدە سازەندىلەر سازلىرىنى ئەڭ شوخ ئاھاڭلارغا تۈزۈش، يوللارغا خىتاي تاۋارلىرىدىن پايانداز سېلىش، بەزمىگە لايىق ئەڭ ئېسىل شارابلار، مېۋە-چېۋىلەر ۋە داستىخانلارنى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلار بەلگىلەندى. ۋەزىر مۇلكئارا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پىلان بويىچە تەييارلىققا تۇتۇش قىلدى. **نەزمە:**

كەتۈر، ساقى، شەرابى چىنى ئايىن،
كى جانىم قەسد ئەتمىش بىر بۇتى چىن.
چۇ قىلدى چىن شەھى مەي بەزمىغە ئەزم،
ياسالى بىز داغى مەي ئەزمىغە بەزم.

※ ※

سىرلار مەنزىللىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت ئەھلىلىرىنىڭ، مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، گۈلشەننىڭ يۈزى قىزىل رەڭ ئالدى. خاقان گۈل رەڭلىك قەسىر تەرىپىگە قەدەم



قويدى. قەسىر ئىچىگە نەپىس توقۇلغان گۈل رەڭلىك گىلەملەر سېلىندى ۋە قىزىل گۈل رەڭگىدىكى ھەيۋەتلىك بىر تەخت قويۇلدى. خاقان تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى ۋە شاھزادىنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. تەختنىڭ يېنىغا قىزىل كۇرسى قويۇلدى، بۇ كۇرسى ۋەزىر مۇلكئاراغا ئارامگاھ بولدى. ئىچىلگەن مەينىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ يۈزى قىزىل گۈلدەك ئېچىلدى.

بەزمىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى ئىچىدە چىن مەملىكىتىنىڭ گۈل يۈزلۈك گۈزەللىرىدىن يۈز قىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى قىزىل گۈل رەڭگىدە ئىدى. گۈل يۈزلۈك ساقىلار گۈل رەڭلىك قەدەھلەردە مەي تۇتاتتى. ئاشىقلار بولسا مەينى بىر تامچە قالدۇرماي سۈمۈرەتتى. سازەندىلەر گۈل پەسلىدىكى بۇلبۇللاردەك ناۋا قىلاتتى. بەزمە ئەھلى گوياكى شەپەق نۇرىغا غەرق بولغاندەك گۈل ياپراقلىرى ئارىسىغا چۆكەتتى.

خاقان شاھزادە پەرھادنىڭ گۈل رەڭ مەينىڭ تەسىرىدە قىزارغان گۈلدەك رۇخسارىغا قاراپ، كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكەتتى. پەرھادنىڭ بېشىدىن ئاتىلىق مېھرى بىلەن بەزىدە گۈللەرنى چاچسا، بەزىدە ئۈنچە-ياقۇتلارنى چاچاتتى. پۈتۈن بەزمە ئەھلى پەرھادنىڭ شەيداسى بولدى. بۇ بەزمىنىڭ تەرىپ-تەۋسىپى پۈتۈن چىن مەملىكىتىگە يېيىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بەزمە ئەھلى قىزىل رەڭلىك قەسىردە گۈللەرنى چېچىپ، باش كۆتەرمەي ياقۇت رەڭلىك مەيلەرنى ئىچىپ، ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى دەۋرنىڭ باھار پەسلى ھېسابىدا ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزدى.

ئەلقىسسە، گۈلشەندە تۇيۇقسىز شامال پەيدا بولۇپ، چىمەنلەرنى گۈللەردىن خالى قىلدى. گۈللەر تۇپراق ئاستىغا يوشۇرۇندى. دەرەخلەر يېشىل ياپراقلارغا پۈركەندى. چىمەنلەر يېشىل تون كىيىپ، يېشىل گۈلشەن نامايان بولدى. چىمەنلىكتە تۈپتۈز ئۆسكەن سەرۋى دەرەخلەر بار ئىدى، بۇ دەرەخلەر پەرھادنىڭ يەرگە

چوشكەن توپتوز سايىسىگە ئوخشايتتى. ھەربىر سەرۋى دەرىخى پەرھادنىڭ كېلىشكەن قامىتىنىڭ سىماسى ئىدى. سەرۋى دەرىخىنىڭ ياپراقلىرى تۇتى قۇشىنىڭ قانىتىدىن دېرەك بېرەتتى. دەرەخلىرى جەننەتتىكى توزنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر دەرەخ توز سۈپەتلىك بولمىغىنىدا، ئۇخلىغان چېغىدا نېمە ئۈچۈن بىر پۇتىنى قانىتىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، بىر پۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ؟ ھەشقىپىچەك ئۇياتتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، شاخلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ. يېشىل چىمەنلىكنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلار كۈمۈش سىزىقتەك كۆرۈنىدۇ. سۈلۈق مېۋىلەرنىڭ رەڭگى ئەينەكتەك يالتىرايدۇ. ئۇنىڭ يالتىراق سۈيى باغنىڭ رۇخسارىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلقىسسە، بۇ پەسىلدە جاھان زىننەتلىنىپ، تەبىئەت يېشىللىققا پۈركەندى. خاقان شاھزادە پەرھاد بىلەن يېشىل گۈلشەن تەرىپىگە قەدەم تاشلاپ، چىرايلىق مايسىلارنىڭ ئۈستىدە مەي بەزمىسىنى تۈزدى. ئاسمان گۈمبىزىدەك يېشىل قەسىردە شاراب ئىچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ زەڭگەر دۇنيانى ئۇنۇتتى. يىپەكتىن تىكىلگەن نەپىس كىيىملەرنى كىيىپ، چىنىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنى بولغان تەختىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. يېشىل ياپراقلار ئىچىدە دەرەخ بولغاندەك، كۈمۈش تەنلىك نازىنىنلار يېشىل كىيىملەر بىلەن ياساندى. يېشىل قەدەھلەرگە تولدۇرۇلغان قىپقىزىل مەي كۆكۈش ئاسماندىكى لالە رەڭلىك شەپەقنى ئەسلىتەتتى. يېشىل كىيىملەر بىلەن ياسانغان گۈزەل ساقىيلار قەسىردىكى مېھمانلارغا بۇ قەدەھلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى. مەي كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا ئۇلارغا «قۇرسى كەشىنىز» ① دورىسى ئارام بېرەتتى. شۇنداق ئېسىل تائاملار بىلەن تولغان ھەشەمەتلىك داستىخانلار راسلاندىكى،

① قۇرسى كەشىنىز — يۇمغاقسۇت ئاساسىي تەركىبى بولغان، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خىل ھەب (دانچە) دورا.



ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

شۇنداق قىلىپ يېشىل قەسىردە مەي ئىچىش بىلەن ئۈچ ئاينى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشتى.

ئەلقىسسە، كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. پەلەكنىڭ ئالتۇن رەڭلىك قۇياشى دەرەخ ياپراقلىرىنى قەھرىۋادەك سارغايتتى. قەھرىۋا رەڭگىدىكى «كۈزلۈك قەسىر»گە كىرىش پەيتى كەلدى. تەبىئەتنىڭ ساپسېرىق چاغلىرى باشلىنىپ، ياپراقلارمۇ قەھرىۋاغا ئوخشاپ قالدى. ياق، ئۇنى «قەھرىۋا» دېمەك، بەلكى ئۇ پەلەكنىڭ ئالتۇن چاچقۇچى ئاپتىپىدۇر. چىنارلارنىڭ ئۈستىدىن شامال ئېسىپ ئۆتۈپ، ئەتراپقا گۈل ۋە ياپراقلارنى چاچتى. بۇ ھال خۇددى ئوت ئۇچقۇنلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ گۈل تاجلىرى ئاسماندىن ياغقاندەك، ئۇچقۇنىنىڭ پەسكە چېچىلىپ چۈشكىنىگە ئوخشايتتى. تاڭ شامىلى چىقىپ، سۇ ئۈستىگە ياپراقلارنى چاچتى. سۇنىڭ دولقۇنى ئۈستىدە ئېقىۋاتقان بۇ ياپراقلار ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن ياپراقلار ھاۋادا ئالتۇن ۋاراقلاردەك ئۇچۇشاتتى. سارغىيىپ قالغان ياپراقلار ئارىسىدا ئولتۇرغان قارغىلار سېرىق لالىگە چۈشكەن قارا داغدەك كۆرۈنەتتى. تېرەكلەرنىڭ ئالتۇندەك سارغىيىشى يەرقان كېسىلىدەك① ئاغرىققا گىرىپتار بولغىنىنى كۆرسەتتى. چىمەنلىكتىكى ھەر بىر دەرەخ سېرىق قۇشنىڭ تۆلكەي بولغىنىغا ئوخشايتتى. كۈز شامىلى دەرەخلەرنى ئىغاڭلاتقاندا تۆكۈلگەن سېرىق ياپراقلار دەرەخ ئۈستىدىن ئۈركۈپ ئۇچقان قۇشلارنىڭ قانات قېقىشىنى ئەسلىتەتتى. قۇيۇن كەلگەندە ياپراقلار مەجنۇنى سەرگەرداندەك ئايلىناتتى.

خازان نەققاشى كېلىپ، باغلاردىكى يوپۇرماقلارغا ئالتۇندەك ھەل بەردى.

① يەرقان كېسىلى — پۈتۈن بەدەن سارغىيىپ كېتىش كېسىلى؛ جىگەر كېسەللىكىنىڭ بىر تۈرى.

ئەلقىسسە، ئۇ قەسىر ئالتۇن رەڭلىك قۇياشتەك تاۋلىناتتى. خازان بولغان يوپۇرماقلار قۇياش ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. بۇ خازان پەسلى گوياكى قۇياش بىلەن يۇلتۇزلاردەك جىلۋىلىنىپ جاھانغا يۈز ئاچتى.

خاقان بىلەن شاھزادە شۇنداق پەسىلدە بۇ ئەيش-ئىشرەت ئورنىنى كۆكۈل ئېچىش ئورنىغا ئايلاندۇردى. سارغۇش نەپىس يىپەك ماللاردىن كىيىم كىيدى. تىللا سۈيىدەك سارغۇش مەيلەرنى ئۈزۈم بويۇنلۇق شىشىلەرگە تولدۇردى. بۇ ئالىي قەسىر ئالتۇندىن، كۆرپە-ياستۇق، پاياندازلىرى ئالتۇندىن، قەدەھلەرمۇ ئالتۇندىن ئىدى. **نەزمە:**

ئۆي ئالتۇن، فەرشى ئالتۇن، تامى ئالتۇن،
مەي ئالتۇن، زەرفى ئالتۇن، جامى ئالتۇن.

بۇ قەسىر ئالتۇن ھەل بىلەن زىننەتلەنگەن، يۇلتۇزدەك گۆھەرلەر بىلەن ياللىرىتىلغانىدى. شۇڭا ئالتۇن قەسىر كۆزلەرنى چېقىپ، قۇياش نۇرىنىڭ ئالتۇن تالالىرىدەك جىلۋىلىنەتتى. سازەندىلەر تىللا رەڭلىك راۋاق ئىچىدە يېقىملىق ناۋا چېكەتتى. سازەندىنىڭ ناۋاسى جانلارغا راھەت بەخش ئېتەتتى. بۇ بەزمىنىڭ مېۋىلىرى ئىچىدە ھەتتا تۇرۇنجى (ئەپلىسىن) بىلەن لىمۇنمۇ بار ئىدى. بىھى بۇلارنى كۆرگەچ پۇتۇن تارتقان جاپاسىنى ئۇنۇتتى. بۇ بەزمە ھەر قانداق خۇشاللىق بەزمىسىنىڭ قائىدىسىدىن ئارتۇق، مىقدارىدىن زىيادە ئىدى.

بۇ قەسىردە لەشكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈچ ئايغىچە مەي ۋە مۇزىكا بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلدى. بۇ بەزمىنى تولۇق ئىزھار قىلىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلدۇ.

ئەلقىسسە، سوغۇق شامال دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پۈتۈنلەي سورۇپ كەتتى. سىمابتەك ئېقىۋاتقان سۇلار مۇزلاپ، مەرمەرگە ئايلاندى. ھاۋا بۇلۇتتىن ھەممە تىلىك تون كىيدى. بۇلۇت سىماب چېچىپ، يەرگە پاينداز سالدى. زىمىستان ئۇستىنى كېلىپ، سۈزۈك سۇنىڭ بالىلىرىغا كۈمۈش مۇزدىن ئوقۇش تاختىسى ياساپ بەردى. شۇ كۈنلەردە ئەگەر بۇلۇتتىن بىر تامچە سۇ تامسا، سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن يەرگە ئۈنچە بولۇپ چۈشەتتى. ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكرۆكى مۇزلاپ، خەنجەرگە ئوخشىغىنىدا، پەلەكمۇ قاراڭغۇ كېچىلەرنى كۆمۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا شەپەقتىن ئوت ياقاتتى ۋە تاڭ شامىلى بىلەن ئۇنى يەلپۈپ، قەددىنى ئېگىپ ئىسسىناتتى. ئايمۇ ھەر تۈندە بۇلاقلارغا مۇز تۆكەتتى. بۇلاقتىن ئەتراپقا چاچرىغان تامچىلار يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالاتتى. سۇمۇ يەر يۈزىنى ئەينەكتەك قىلىۋېتەتتى، بۇ ئەينەك چىنىنىڭ ئەينىكىگە ئوخشايتتى. سوغۇق ئوتنىڭ تەبىئىتىدىكى ھارارەتنى يوقاتقاچقا، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى كۆيدۈرۈشكە مادارى قالمايتتى. ھېقىقىتا ئوخشاش سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن قىزىل چوغ قىزىلگۈلدەك كۆرۈنەتتى. تاختا تاشلار قىرودىن ئۇستىگە نېپىز كىيىم كىيەتتى. كەمبەغەللەر ئالقىنىنى ئاغزى بىلەن ھورداپتتى، ئىككى تىزىنى كۆكسىگە مەھكەم باساتتى. قوللىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئىككى يەلكىسىنى قولىقىدىن ئاشۇراتتى. قۇياش ئۆز تەبىئىتىدىن ئەسەر تاپالماي جاھانغا نۇر ئورنىغا كافۇر چاچاتتى. سوغۇق كافۇر ۋە بىللۇر بىلەن پۈتۈن جاھاننى ئاقارتتى. تەبىئەتكە «ئاس» بىلەن «قاقىم»نىڭ ئاپئاق تېرىسىدىن جۇۋا كىيدۈرۈپ، يۇلتۇزلاردەك بىر بەزمىنى تەييارلىدى ۋە جەمئىيىتىنى ھۆكەر يۇلتۇزىدەك يىغدى. بەزمە ئېيتقىنىمىزدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق تەييارلاندى. بۇ يەردىكى ئەيش-ئىشرەتنى ھەر قانچە شەرھلىگەندىمۇ يۈزنىڭ بىرىنى ئادا قىلغىلى بولماس.

ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۈچ ئاينى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ، تۆت پەسىلنى تۆت قەسىردە قىزغىن بەزمە بىلەن چىقاردى.

بۇ ئىشلاردىن مەقسەت، مەي ۋە ئەيش-ئىشرەت ئارقىلىق

شاھزادە پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، ۋاقتىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەش ئىدى. لېكىن، شاھزادە پەرھاد ئۆزىنىڭ ھالىتى ۋە ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەقدىر يېزىقى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ، مۇغەننىلەردەك① جاننى ئازابلىغۇچى مۇڭلۇق سادا بىلەن دەردلىك نالە-پەريات چېكەتتى. ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ بىللە قوشۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلدىن خالىي بولمايتتى. ئوتلۇق دەردتىن تۈتۈن چىقىرىپ، سوغۇق ئاھىدىن تۆمۈرنى ئوتتەك تاۋلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلنىڭ قايغۇسىدىن غەملىك ئىدى. بۇلۇت قىرغاقلىرىدىكى چاكىنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆكسىمۇ چاك بولاتتى. بىرەرسى ئىشق-مۇھەببەتتىن ھېكايە سۆزلىسە، ئېسىدە ساقلاپ، ئۇنىڭدىن بەلگىلەرنى تاپاتتى. ئەگەر بىرسى يار ۋىسالىدىن شادلانسا، كۆڭلى ئەلەمدىن ئازاد بولاتتى. ئەگەر ھىجرانلىقتىن ئىزاھات ئاڭلىسا، كۆزىدىن قان تۆكۈپ زار-زار يىغلايتتى.

خاقان ئۆزىنىڭ تەدبىرىگە ۋە پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ «شۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تاپقان چارە-تەدبىرلەر بىكار كېتىپتۇ، ئەھۋال قىيىن بولدى» دەپ ھەيرانلىقتا بېشى ئايلىناتتى. **نەزمە:**

قەدەھ تۇت ساقىيا، كۆپ ھەيرانمەن ئەسىرۇ،
ئويۇر ساغەركى سەرگەردانمەن ئەسىرۇ.
كۆڭۈلگە ئىشق ئوتى سالغاچ شەرارە،②
ئاڭا يوق مەي سۇيىدىن ئۆزگە چارە.

※ ※

**سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ،**

① مۇغەننىي — نەغمىچى دېگەن مەنىدە.

② شەرارە — ئۇچقۇن، يالقۇن.



**مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئەلقىسسە، خاقان بۇ ئىشتا ھەر قانچە قىلىپمۇ چارە تاپالماي، ئۆزى بىچارە بولۇپ قالدى، يەنە بىر ئامال ئويلاشقا باشلىدى: «پەرھاد ۋايىغا يەتكەن، دانىشمەن ۋە باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانلىقىغا لايىق، بەلكى، جاھاننىڭ سۇلتانلىقىغا مۇناسىپ. تەڭرى ئۇنىڭ زاتىغا بۇ ئىشنى مۇناسىپ ئاتا قىلدى. ھەر بىر ھۈنەردە كامالىغا يەتتى. ئۇ، پۈتۈن ئەيىبلەردىن خالىي. ئۇنىڭدا يىغا-زارىدىن باشقا ھېچقانداق نۇقسان يوق. بىرەر كىشى شاھلىققا سازاۋەر بولسا، ئۇ، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەڭرىنىڭ سايىسى بولغۇچىدۇر. شۇڭا سەلتەنەت تەختىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام ئارمانىم قالمايتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

خاقان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە رەئىسلىرىنى چاقىرىپ، ئۆزى سەلتەنەت تەختى ئۈستىگە چىقتى. پەرھادقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ سۆزگە تىل ئاچتى:

— تەڭرى ماڭا شاھلىقنى ئاتا ئەيلەپ خىتاي ۋە چىن مەملىكىتىگە ھۆكۈمران قىلىپ، توغرا يول كۆرسەتتى. نەگە قەدەم قويسام، شۇ يەرگە شاھلىق قىلىپ، ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى كامال تاپتىم. قىلغان ئىشىم ئويلىغىنىمدىن ئارتۇقراق بولدى. خىيالىمغۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان مەقسەتلەرگە يېتىپ، ئەقىل يەتمەيدىغان ئەيش-ئىشرەتلەرنى قىلىپ ئۆتتۈم، ھەر بىر تەلەپتىن كۆڭلۈم قانائەتلەندى. ئوردىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بارگاھىمغا ۋارىس بولىدىغان بىر پەرزەنتتىن ئۆزگە ئارزۇيۇم يوق ئىدى. ھەمىشە ئارزۇ بىلەن غەمكىن ئىدىم. پەرزەنت تەلىپىدە سەجدىدىن باش كۆتۈرمەي، تەڭرىگە يىغلايتتىم. ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئىستىكىم ھەل بولۇپ، ئىقبال يۈزلىنىپ، سەن بىلەن كۆزۈمنى يورۇتتۇم. ئاللاغا

شۈكرى! سېنى ئارزۇ قىلغىنىمدىن مىڭ ھەسسە زىيادە كۆرىمەن. شاھلىققا لايىق ھەممە ئىش سېنىڭ ئالدىڭدا مەۋجۇتتۇر. ئەمدى، يېشىم ئەللىك يىلنى كېزىپ ئۆتۈپ، ئاتمىش يىلنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالدى. ئىشلىرىمغا ئەقىل كۆزى بىلەن قارىساڭ، كۈندىن-كۈنگە ئەھۋالىم تۆۋەنلەشتى. قېرىلىق ئەيىبىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. قېرىلار يىگىتلىكنى ھەۋەس قىلسا، خىجالەتچىلىك زاھىر بولىدۇ. ساقالنىڭ ئاقلىقى — ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇ ھاياتلىق مايسىسىغا قىرو چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەكچىمەنكى، يىگىتلىكنىڭ راھىتى كۆپتۇر. قېرىقلىقنىڭ مۇشەققىتى ئېغىرراقتۇر. ماڭا بىر قىيىن ئىش يۈزلەندى. ئۆمرۈمنىڭ قىسقىلىقىدىن ئەپسۇسلانسامۇ، لېكىن، شۈكرى قىلىمەن. چۈنكى، تەڭرى ئۆز ھىدايىتى بىلەن ماڭا تەڭداشسىز بىر ئوغۇلنى ئاتا قىلدى. ياشلىقىمدا خىتاي ۋە چىن شەھەرلىرىگە خاقان قىلىپ، قېرىغىنىمدا سەندەك ئوغۇلنى بارگاھىمغا ۋارىس ئەيلىدى. قۇياش چىققاندا ئاسماندا ئاينىڭ بولۇشى ھاجەتسىز. ئەگەر باغدا بىر چىنارنىڭ سايىسى كەم بولسىمۇ، چىرايلىق سەرۋى دەرىخى كۆكلىنىسىلا، باغنىڭ گۈزەللىكى ئېشىۋېرىدۇ. مېنىڭ ھاياتلىق كۆچىتىمگە ۋەھىمە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ. ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. كىشى ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. ياشلار قېرىشنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. لېكىن قېرىلار يىگىتلىككە قايتىشنى ئۈمىد قىلالمايدۇ. قېرىلىق — دەرمانسىزلىقتۇر، كۆڭلىدە كۆپلىگەن ئارزۇ-ئارمانلار بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. سېنى بۇرۇنراق تەختكە ئولتۇرغۇزسام، گويا ئۆزۈم يىگىتلىك دەۋرىگە قايتىپ، تەختتە ئولتۇرغاندەك بولاتتىم. سېنى مۇئەييەن ھالدا ئورنۇمغا تەيىنلەپ شاھلىقىمنى ساڭا تۇتسام، مەملىكەت، تەخت-سەلتەنەت، لەشكەر ۋە خەزىنىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سەن بىلەن زىننەتلىسەم، ئارمانىم يوق. سەن مەملىكەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھامىسى بولۇشقا لايىق. سەن شاھ بولۇپ، مېنى قۇللۇققا قوبۇل قىلساڭ، سەن



ئاتا بولۇپ، مېنى ئوغۇل ھېسابلىساڭ، يۇقىرىقى ئۈمىدىمنى يەردە قويمىساڭ، مەن سېنىڭدىن رازى بولىمەن، — دەپ، بىر قەدەھ شارابنى شاھزادىگە تۇتتى.

شاھزادە خاقاننىڭ بۇ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئاڭلاپ، شۇنداق بىر ئوتلۇق ئاھ چەكتىكى، ئۇ چەككەن ئاھنىڭ تۈتۈنى پەلەككە يەتتى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن باغرى ئېزىلىپ، زار-زار يىغلاپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى، ئۇ كۆككە قاراپ:

— ئەي تەڭرىم! بۇ شاھلارنىڭ شاھى بولغان خاقاننىڭ تەخت مەرتىۋىسىنى ئۇزاققىچە يۇقىرى قىلغايسەن. لەشكەرلىرىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن زىيادە قىلغايسەن. شادلىق بېغىنى ياشنىتىپ ھايات گۈلىنى چېچەك ئاتقۇزغايسەن. قولدىن كەيانىلار جامىنى چۈشۈرمەي، ھايات سۈيىدەك سۈزۈك مەي بىلەن ئۇنى تولدۇرغايسەن، — دەپ خىتاب قىلدى. شاھزادە يەنە بالىلىق مېھرى بىلەن خاقانغا:

— ئارزۇلىرىڭىزغا جاۋابەن ھالىمنى ئېيتىشقا ھەددىم يوق. بۇ مىسكىن جىسمىم يەر بىلەن يەكسان بولسىمۇ، بىر-ئىككى ئېغىز ئەرز ئېيتماي ئىلاجىم يوق. بىرى، ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. ياشلىق ۋە قېرىلىق تەقدىر ئالدىدا باراۋەردۇر. دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدات ئەبەدىيلىككە ئىگە ئەمەس. شام ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن بەزمىلەرنى زىننەتلىسىمۇ، لېكىن شامال ئالدىدا ئاجىزدۇر. بوستاندا مىڭلىغان گىياھلار ئۆسسىمۇ ئاخىر يوقالماي قالمايدۇ. لېكىن، باغلاردىكى سەرۋى دەرەخلىرى يىللار بويى ياشناۋېرىدۇ. دەشت-چۆللەردىكى يۈز مىڭلىغان پاشىلار بوران چىققاندا يوقىلىدۇ. لېكىن، ئىلبىرىس تېغى ئۆز ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىدۇ. كىچىكلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ كىچىكلەرچە بولىدۇ. چوڭلارنىڭ تەپەككۇر-قىياسلىرى ئۇلۇغدۇر. ئىككىنچىسى، پاشا يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسىمۇ، پىلنىڭ كۆتۈرگەن يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئالەم شاھتىن خالىي ئەمەس، لېكىن كۆرۈنگەنلا كىشى شاھ بولالمايدۇ. قۇياش غەربكە پېتىپ

دىدارىنى يوشۇرسا، تۈمەنمىڭلىغان زەررىلەر يىغىلىپمۇ قۇياشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، — دېدى.

شاھزادىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خاقانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. خاقان:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى! يۈز مىڭلىغان جاندىن، بەلكى، ھاياتلىق سۇيىدىنمۇ لېزىزراق سۆزلەرنى قىلدىڭ. بۇ سۆزلەر بىلەن تىلىڭدىن ئالەمگە گۆھەرلەر چاچتىڭ. لېكىن، مېنىڭ ناتاۋانلىقىمنىڭ سەۋەبكارى سەن. بۇنداق جاۋاب بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلمىغانىدىم. ئەگەر مېنى خۇشال قىلاي، ئۆمۈر بويى مۇرادىنى ھاسىل قىلاي دېسەڭ، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغايسەن، — دېدى.

شاھزادە ئاتىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خاقانىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشنى زۆرۈر تاپتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، خاقانغا چوڭقۇر تەزىم بىجا قىلدى. ئاتىسىنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىنى خۇشال قىلدى ۋە:

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، مەملىكەتنىڭ پاناھى، ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىز توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ھەددىم يوق. لېكىن، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئالدىدا ئاجىز بولغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئۆزرە ئېيتقانىدىم. بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتىن ھازىرغىچە خەۋەرسىز ئىدىم. كۆڭلۈم ئەيش-ئىشرەت، پاراغەتتە ئۆتكەنىدى. ئەمدى، بىر-ئىككى يىلغىچە مەرھەمەت قىلىپ مۆھلەت بەرسىڭىز ئۆزۈمنى خىزمىتىڭىزگە لايىقلاشتۇرسام، ھەمىشە يېنىڭىزدا تۇرۇپ، شاھلىق سەنئىتىنى كۆزەتسەم ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولسام، ئالدى بىلەن ياخشى-يامان ئىشلارنى تۇتۇپ، كىچىك ئىشلارنى بۇرۇنراق ئورۇنداپ، ئاندىن كېيىن چوڭراق ئىشلارغا كىرىشسەم ياخشىراق بولغۇسىدۇر. بۇ جاھاندا ھەر كىشى ئۆز كەسپىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق كامالغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىشىغا ئادەتلىنەلمىسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش مۇشكۈل بولغۇسىدۇر. ماڭىمۇ مەشىق قىلىش پۇرسىتى مۇيەسسەر بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ھۆكۈم قىلسىڭىز ئىجرا قىلىش ئاسان بولىدۇ، — دېدى.

شاھزادىنىڭ بۇ يېقىملىق سۆزلىرىدىن خاقان ناھايىتى خۇشال



بولدى. **نەزمە:**

كەتۈر، ساقى، ماڭا بىر جامى شاھى،
ئۇ بولغاي غەم سىپاھىنىڭ پەناھى.
قەدەھ شەھلىقدىن ئارتۇقدۇ ئۆزۈمگە،
قىلاي زۇلم ئەلگە قىلغۇنچە ئۆزۈمگە.

※ ※

**سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئەلقىسسە، خاقان شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئارزۇسىغا جاۋاب تېپىپ، خۇشال ھاياتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، سۆيۈنگەنلىكىدىن چىن مەملىكىتىگە سىغماي قالدى. شاھزادىغا ناھايىتى كۆپ ئېتىبار قىلدىكى ئۇنىڭ چېكىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. گويا پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا پىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا جېنىنى بېغىشلايتتى. خاقانىنىڭ شاھزادىغا زوقى كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۈنچە-ياقۇتلارنى چاچتى. شاھزادە ئۈنچە-مەرۋايىتقا غەرق بولدى. خاقان شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى مال-دۇنياغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىلكىدىكى خەزىنىلەرگە باشلاپ كىردى. بۇ خەزىنىلەر يۈزلىگەن كانلاردىنمۇ ئارتۇق ئىدى. خەزىنىدىكى قىممەت باھالىق ماللار، گۆھەر-ياقۇتلار ھېسابسىز ئىدى. خەزىنىدە شاھقا مەنسۇپ قىرىق ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە قىرىق خۇمدىن ئالتۇن بار ئىدى. بۇ خەزىنىلەردىن ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار مەلۇم بولاتتى. يەنە بىر خۇم ئالتۇن بار ئىدى، بۇ ئالتۇن مۇمدەك يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭدىن قول بىلەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ شەكلىنى ياسىغىلى بولاتتى. يەنە قىرىق ئۆي، ھەر ئۆيدە قىرىق تېڭىقتىن نەپىس يىپەك ماللار

بار ئىدى. يەنە سەنئەتكە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ-غارايىپ بويۇملار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ يورۇق دۇنيا ھېلىغىچە بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىگەنىدى. خەزىنىدىكى بويۇملارغا چېكىلگەن تەسۋىرىي سۈرەتلەردىن يۈزلىگەن پەرى يۈزلۈكلەر نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىگە كۆڭۈللەر شەيدا بولاتتى. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھېسابىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزى كىيىملەرنى ھۈنەرۋەن ئۇستىلار پىچماي، تىكمەي تەييارلايتتى. بۇ كىيىملەر شۇنچىلىك نەپىس توقۇلغان ئىدىكى، ئۇنى كىيگەن گۈزەللەرنىڭ جىسمى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پاتمان-پاتمان ئىپار-زەپەر، مىشكى-ئەنبەرلەر بار ئىدى. خرۇستال ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان تۈرلۈك چىنە-قاچىلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىرىنى بىر شەھەرنىڭ بېجىنى سەرپ قىلىپ، تەييارلىغانىدى. شاھزادە خاقان بىلەن يۈز خەزىنىدىكى بۇ مال-دۇنيالارنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. شاھزادە بۇلارغا قاراپ، بەزىدە تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى ئىغىتاتتى.

بۇ جايدىكى تاماشا ئاخىرلاشاي دېگەندە خرۇستالدىن ياسالغان ئاجايىپ بىر ساندۇققا شاھزادىنىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدەك سۈزۈك ئىدى. بۇ خىل ساندۇقنى ياساش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ بىر سۈرەت كۆرۈندى. بۇ چىگىش بىر سىرنىڭ بەلگىسى ۋە يۈزلىگەن ئايەتنىڭ قەلئەسى ئىدى. قەلئە ئىشىكى بىر قەلئە ئىگىسى تەرىپىدىن مۇستەھكەم بېكىتىلگەن. ئايەت قەلئەسىنىڭ بېكىتىلگىنى ئەۋزەل ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ مەخپىي بولغىنى ياخشىراق. شاھزادە بۇ سۈرەتنىڭ ئاجايىپ تۈزۈلۈشىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جان-دىلى بىلەن مايىل بولۇپ، خاقاندىن:

— ئەي ئاتا، بۇ ساندۇقتا نېمە سىر بارلىقىنى ماڭا بايان قىلغايسىز، ئۇنىڭ ئاچقۇچى قەيەردە بولسا دەرھال تاپقۇزۇپ قۇلۇپىنى ئېچىپ كۆرسەتكەيسىز، — دېدى.

خاقان شاھزادىنىڭ تەلىپىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ، شاھزادىغا



مادارا بىلەن تۆۋەندىكىچە ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ساندۇقنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاچقۇچى يوق، قۇلۇپ ئېچىلمايدۇ. ئۇنى ئېچىش نىيىتىڭدىن كەچ. بىز بۇ ساندۇقنى قانچە قېتىم كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەن ئەمەسمىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ ساندۇقنى ئېچىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيدى:

— ئادەمزات تەپەككۇر قىلىپ تىرىشسا، ھەرقانداق ئىشنى بىلەلەيدۇ. مۇشكۇل ئىشلار ئىلىم-پەن ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ھەل بولغۇسىدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرمىگىچە خاتىرجەم بولالمايمەن. كۆڭلۈممۇ ھەرگىز ئارام تاپماس.

خاقان قانچە ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، شاھزادىنى بۇ ئىشتىن توسقانسېرى ئۇنىڭ ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچىيىۋەردى. خاقان ھەر قانچە قىلىپمۇ راستلىقتىن باشقا چارە تاپالماي، ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا پەرمان قىلدى. ساندۇق ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن يالتىراپ تۇرغان بىر ئەينەك چىقتى، ئۇ روشەنلىكتە شەرق قۇياشىغا ئوخشايتتى، ئۇ، شەرق قۇياشى ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەر ئەينىكىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. گويا ئۇ سەدەپ ئىچىدىكى ئاپئاق مەرۋايىتتەك، پەلەك ساندۇقىدىكى پارلاق قۇياشتەك روشەن ۋە يارقىن ئىدى. بىر دانا ئىلىم ئىگىسى بۇ ئەينەكنى پىلانلىغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىر مەخپىي سىرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى. بۇ «ئايىنەئى گېيتى نەما» (جاھاننەما ئەينىكى)، «ئايىنەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەينىكى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەينەكنى ئىسكەندەر رۇمنىڭ جاھان ئەھلىگە بىر يادىكارلىق قالدۇرۇش ئىستىكى بىلەن چۈشۈرگەن پەرمانى بويىچە ئەفلاتۇن بىلەن ئەسىرداش بولغان ئاسترونوم، پەيلاسوپ، جاھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار تۆتيۈز ئالىم ياخشى سائەتتە ئىش باشلاپ، نەچچە يىل جاپا-مۇشەققەت چېكىپ ياساپ چىققانىدى. بۇ ئەينەك بىر تىلسىم بولۇپ، بۇ تىلسىمدا جاھاننىڭ

سىرلىرى يوشۇرۇنغان. كىمكى ئۇنى ئېچىشقا تىرىشسا، ئەينەكنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە كۆز تاشلىسا، پۈتۈن ئۆمرىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئۇنىڭدا ئايان بولاتتى، غايىب سىرلار ئاشكارا بولاتتى، لېكىن، ئۇنى ئېچىش مۇشكۇل ئىدى. ئېچىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ جىسمى ئۆرتىلىپ، مۇشەققەت يېتەتتى. ئەگەر كىشى ئۇنى ئېچىشقا قەتئىي نىيەت قىلسا، بۇ تېپىشماقنى تېپىشنىڭ يولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولاتتى:

يۇنان مەملىكىتى ھېكمەت بىلەن زىننەت تاپقان سائادەتلىك مەملىكەت ئىدى. كىمكى دانا، ئالىم بولۇپ، ئىلىم-پەننىڭ ھەممىسىگە كامىل بولسا، ئۇ، ئەلۋەتتە يۇنان مەملىكىتىنىڭ زېمىنىدىن بولاتتى. ئۇ جاينىڭ تاشلىرى ئىلىم ئەھلىنىڭ بېشىدىكى تاجىسىغا قويۇلغان گۆھەر، گىياھلىرى بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى بولاتتى. يۇناننىڭ شىمال تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىسى كۆككە تاقىشاتتى. يۇنان تەرىپىگە قەدەم قويغان كىشى ئىختىيارلىق تىزگىنىنى تاغ تەرەپكە تارتىپ ماڭغىنىدا، تاغقىچە ئۈچ مەنزىلنى كېزىپ ئۆتەتتى، ئۈچ مەنزىلنىڭ ھەر بىرىدە بىر ئاپەتكە يولۇقاتتى. ئاۋۋالقى مەنزىلدىكى ئاپەت — تەگرىنىڭ قەھرىدىن يارىتىلغان ئەجدىھا ئىدى. ئىككىنچى مەنزىلدىكى ئاپەت — زۇلۇم-ستەمدىن ئۆزگە خۇسۇسىيىتى بولمىغان ئەھرەمەن ناملىق دەھشەتلىك دىۋە ئىدى. ئۈچىنچى مەنزىلدە ئاجايىپ بىر تىلسىم بار ئىدى. بۇ تىلسىمنى ئېچىش ئالدىنقى ئىككى ئاپەتنى يېڭىشتىنمۇ مۇشكۇل ئىدى. بۇ ئۈچ مەنزىلدىن ئۆتكەن كىشى تۆتىنچى مەنزىلگە يېتەتتى. بۇ مەنزىل يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاغ ئىدى. بۇ تاغدا ھىجران كېچىسىدەك بىر قاراڭغۇ غار بار ئىدى. غاردا سوقرات ئىسىملىك بىر ئالىم ياشايتتى. بۇ ئالىم شۇ ئەسىرنىڭ يېگانىسى ئىدى. بەلكى، ئۇ زاماننىڭ بۇقراتى ئىدى. شۇ جايغا يېتەلىگەن كىشى سوقراتنى تىرىك تاپالىسا، ھەرقانداق مۇشكۇل تۈگۈنلەرنى يېشەلەيتتى. ئەگەر ئۇ دانا ھايات بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا



قىلسا، مۇشكۇلى ئاسان بولاتتى. بۇ ۋەقەلەر «جاھاننەما ئەينىكى» نىڭ ئارقىسىغا يېزىلغانىدى.

شاھزادە «جاھاننەما ئەينىكى» نىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان يۇقىرىدىكى پاك قىسسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇ تىلسىمنى ئېچىشنىڭ ئوتلۇق ھەۋىسى چۈشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ شاھزادىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە ئۇيقۇسى ئېلىكىدىن كەتتى ھەم شۇ خىيال بىلەن تاقىتى تاق بولدى. خاقان ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ، مەنئىي قىلىشقا قانچە تىرىشسىمۇ ئۇنۇم بەرمىدى. شاھزادىنىڭ ھەۋىسى بارغانسېرى كۈچەيدى. پەرھادقا مۇشكۇل ۋە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈزلەندى. بۇ ھالنى كۆرگەن خاقاننىڭ قەلبىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب پەيدا بولدى. **نەزمە:**

كەتۈر، ساقى، شەرابى بىخۇدانە،
كى سەئىب ئىش سالدى ئالدىمغە زەمانە.
نەچۈككىم سەئىب ئېرۇر گەردۇن جەفاسى،
ئېرۇر بىخۇدلۇق ئول ئىشنىڭ دەۋاسى.

※ ※

**سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزان ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىنى تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ۋاقتىكى، بۇ كۆلپەتلىك ھادىسىلەردىن شاھزادىگە شۇنداق بىر قىيىن ئەھۋال يۈزلەندىكى، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى قالمىدى، ئىختىيارىمۇ قولىدىن كەتتى. ئۇ: «ئەقىل مىزانىمدىن ئايرىلىپ قالمىسام ياخشى بولاتتى» دەپ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بېشىغا چۈشكەن بۇ سەۋدانى يوشۇرۇپ قالالماي مۇلكىئارانى بىر خىلۋەتكە چاقىردى. ئۇنىڭغا ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ ماجىرانى ۋە بۇ ھەۋەس

كۆڭلىگە سالغان بالانى ئېيتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى دېدى:
— خاھى گاداي، خاھى شاھ بولسۇن، خاھى غاپىل، خاھى ئاگاھ بولسۇن، مەيلى نېمىتىلەرگە كۆمۈلسۇن، مەيلى مېھنەتلەرگە گىرىپتار بولسۇن ياكى ياخشىلىق ۋە ياكى يامانلىق بولسۇن، ئىشقىلىپ تەقدىرى ئەزەلدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلا بولسا، ئۇنى كۆرمەسلىككە ئىلاجى يوق. ھەر بىر ئادەمزات، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، ئۇنىڭ بوينى قازا ھۆكمىنىڭ توزىقىدىن ئازاد ئەمەس. ئەزەلدە يېزىلغان قىسمەتنى ئۆزگەرتىمەن دېگەنلىك — سۇ ئۈستىگە خەت يازغانلىق بىلەن باراۋەر. تەقدىر قەلىمى نېمىنى يازغان بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھېچقاچان بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. زامانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىلىم ئىگىلىرىمۇ پەلەكنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئالدىدا ئاجىزدۇر. بىراۋنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمى يۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا تەقدىر قازاسى كەلسە، نېمە ئىلاج قىلالىسۇن؟ مەن خالايىقنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى ئاجىزلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن. بىراق مەن شۇلاردىنمۇ ئاجىزمەن. تەقدىر قەلىمى پېشانەمگە نېمىنى يازغان بولسا، ئۇنى كۆرمەي ئىلاجىم يوق. بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئەزەلدىن مۇقەررەرلىكتۇر. كۆڭلى ئەقىل نۇرى بىلەن روشەنلەشكەن ھەر بىر كىشى بۇ ئىشتا مېنى كەچۈرۈشى لازىم. مېنىڭ بۇ غەيرىي ھالىتىمدىن ساڭا مالاللىق يەتمىسۇن، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس. ئاللەمىنى تەربىيەت قىلغۇچى تەڭرىنىڭ قۇدرەت قەلىمى بىلەن قىسمىتىمگە يېزىلغان بۇ ئىشلارنىڭ غايەت مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى، قازا ئوتىنى پەسەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن. ماڭا كەلگەن بۇ خىل قىسمەتنى سېنىڭ خاقانغا بېرىپ ئېيتىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئارىمىزدا ئۇنىڭ ئاتىلىق ھەققى بار. شۇڭا، ئاتامنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ كېتىۋاتقان بۇ يولۇمدا ماڭا ھىممەت بېغىشلىسۇن. بەزىدە مېنى دۇئاسىدا ياد قىلىپ قويسۇن. ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن مېنىڭ بۇ مۇشكۇل ئىشىم



شەكسىز ئاسان بولغاي. ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا، بۇ سىرلىرىم تەڭرى ئالدىدا، روشەنكى بىچارە ۋە ئاجىز بولغىنىم ئۈچۈن ئاۋارە بولماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق. چۆل ۋە ئاۋات دېمەي، بېشىمنى ئېلىپ مەقسەت يولۇمغا قاراپ كېتىۋېرىمەن. ئەگەر بۇ يولۇمدا ئەجدىھالار، دېۋىلەر ياكى تىلسىملار ئىچىدىكى يۈز مىڭلىغان بالالار ئۇچرىسىمۇ، كۆزۈمنى يۇمۇپ شۇ ئاپەتلەرگە ئۆزۈمنى ئۇرىمەن. بۇ ئىشىمنىڭ قايتۇرۇلىشى ئىمكانىيەتتىن ناھايىتىمۇ يىراق، شۇڭا شاھنىڭ رۇخسەت بەرگىنى ياخشىراقتۇر، — شاھزادە بۇ تەھلىكىلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلدى، — ئەمدى سەن ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىش يولىدىكى ھەرىكىتىڭنى ئۇقسانسىز بېجىرگەيسەن، — دېدى.
ئەلقىسسە، مۇلكىئارا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئىچ-ئىچىدىن ئاھ تارتتى. پەرھادقا نەسىھەت قىلاي دەپ قارىسا، ئۇ نەسىھەت ئىشىكلىرىنى ئېتىپ قويغانىدى. ئەمدى ھەرقانچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ دەردلىك سۆزلىرى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ۋەزىر شاھزادىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ، ئەجەبلەندى ۋە قايتا سۆزلەشكە ئاجىز كەلدى. شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدى ھېلىقى چۇشنىڭ يالقۇنىدىن نابۇت بولغانىدى. ئۇنىڭ ئاھىنىڭ تۈتۈنى كۆك گۈمبىزىدىن ئاشقانىدى.
مۇلكىئارا يىغلىغىنىچە خاقانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. خاقاننى مەخسۇس خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، پەرھادنىڭ تارتقان ئازابىنى ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇم بولغان ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.
خاقان پەرھادنىڭ بۇ ماجىراسىنى ئاڭلاپ ئۆز كۆكسىگە ئۆزى ئۇرۇپ، ياقىسىنى چاك قىلدى. مۇلكىئارا بىلەن ئىككىسى پەرھادنىڭ ئازابىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىپ يىغلاشتى. خاقان قايغۇرۇپ، تاقەتسىزلىنىۋاتقاندا، مۇلكىئارا خاقانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاھنىڭ ھەسرىتىگە جان كۆيدۈرۈپ، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەتكە تىل ئاچتى:
— ئەي شاھىم، تەقدىردىن نېمە كەلسە، ئۇنىڭغا چارە يوق.

قازاغا رىزالىق بېرىش لازىم. بۇگۈنكى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرد-ھەسرەتنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كۆڭۈللىرى دۆلەتنىڭ مەشئىلىدۇر. ئەقىللىق كىشى ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل قىلالايدۇ. ئۆزلىرىگە بۇنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە. ئەگەر تەڭرىنىڭ تەقدىرى چارە تېپىشنى مەنئىي قىلسا، قازانىڭ ھۆكۈمىگە قانائەت قىلىش كېرەك.

خاقان:

— ئەي ئىقبال چىرىغىنىڭ نۇرى، دىللارغا ئارامLIق بېغىشلىغۇچى، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كىشى ئۆز جانىدىن تويماق بولۇرمۇ؟
ئۇنى مۇنداغ بىلە قويماق بولۇرمۇ؟

خاقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— كۆڭۈلنىڭ دەردىگە نەسىھەت دەرمان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمكان قەدەر نەسىھەت قىلىمىز، ئەگەر بۇ نەسىھەتلەر بىلەن تىنچلانسا، بىزگە ئىقبال يۈزلىنىپ كۆڭلىمىزنىڭ ئىستىكى، جېنىمىزنىڭ راھىتى ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە نەسىھەتلىرىمىز تەسىر قىلمىسا، تەڭرىدىن نېمە كەلسە، خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتىن باشقا چارىمىز يوق، — دېدى.

خاقان مۇلكئارا بىلەن ناھايىتى كۆپ كېڭەشكەن، خىلمۇ خىل تەدبىرلەرنى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدا قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇردى. نەسىھەتلەر كار قىلمىدى. شاھزادىگە بۇ ھەقتە قانچە سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. خاقان بۇ چارىلەردىن نەتىجە چىقىرالماي، مەيۈسلەندى. شاھزادىنى قاماپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە چىدىمىدى. ئاخىر ئۇ: «پەرھادنىڭ كۆڭلىنى خاپا قىلىش ئۇنىڭ ھايات گۈلشىنىنى خازان قىلىش بىلەن باراۋەر. شۇڭا چىن



ۋە خىتاي مەملىكىتىدىكى قوشۇنلارنى يىغىپ، يۇنان زېمىنىنى ياسىرۇق قىلسام، ئوغلۇمغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولسام» دەپ ئويلىدى. بۇ ئوي ئۆزىگە مۇۋاپىق تۇيۇلۇپ، مۇلكئاراغا:

— پەرھادنىڭ ئالدىغا چاپسان بار ۋە مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ چۈشەندۈر، — دېدى.

مۇلكئارا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرھادنىڭ ئالدىغا باردى، شاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ مەلۇم قىلدى. شاھزادە ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ۋە بۇ ئىشقا ئاتىسىنىڭ رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەگەر «ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، بۇ ئىشنى ئۆز مەيلىمچە قىلىمەن» دېگۈدەك بولسا، ئۇ ھالدا ئاتىسىنىڭ غەم-قايغۇدا قالىدىغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ مۇرۇۋۋەتتىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئاتىسىنىلا ئەمەس، يەلكى پۈتۈن مەملىكەتنى ھەتتا كۆك ئاسمانىنىمۇ ھاياجانغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى پەملەپ، مۇلكئاراغا:

— شۇنداق قىلغىنىكى، بىز شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولايلى، دېدى.

مەقسىتى ھاسىل بولغان مۇلكئارا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، خاقانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بۇ ۋەقەدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنلارغا پەرمان چۈشۈردى، جارچىلار: «بارلىق قوشۇن بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلسۇن» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. **نەزمە**:

كەل، ئەي ساقى، چۇ ئۆتتى ئەيش چاغى،
ماڭا تۇت ئەمدى ئاتلانۇر ئاياغى.
دىماغىمدىن ئالىپ بىر جام ئىلە ھۇش،
مېنى قىل دىۋە بەندۇ ئەژدەھا گۇش.

※ ※

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن

بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتكى، خاقان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، يۇنان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. يۈرۈش ناغرىسى چېلىندى. پۈتۈن لەشكەرنى يىغىش ئۈچۈن ئەلگە چاپارمەنلەرنى ئەۋەتتى. لەشكەرلەر مەملىكەتنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن توپ-توپى بىلەن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنچىلىك كۆپ قوشۇن يىغىلدىكى، بۇ كونا دۇنيا تېخىچە بۇنچىلىك كۆپ قوشۇننى كۆرمىگەنىدى. قوشۇن دەرياسى دولقۇنلىدى. ئۇنىڭ دولقۇنى ئاسمان دېڭىزىغا بېرىپ تۇتاشتى. قوشۇن توپلانغان جايغا ئوردىغا لايىق شۇنداق بارگاھلار تىكىلدىكى، ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. ئەقلمۇ بۇنداق يېپەك ئەتلەسلەرنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. يەنە ئاسمان ئىشخانىسىدەك بىر ئاق ئۆي تىكىلدىكى، ئۇنىڭ بارگاھى كۆككە يەتكەنىدى. بۇ پىرۇزا رەڭلىك بارگاھنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇ ئاپئاپتا چاقناپ تۇراتتى. چېدىر ۋە بارگاھلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قېقىلغان ئالتۇن-كۈمۈش قوزۇقلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك يالتىرايتتى. ئۇ يەرگە تىكىلگەن چېدىر ۋە بارگاھلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ئون ئىككى باسقۇچلۇق يۈكسەك بىر تەخت قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئون ئىككى قىرىنىڭ ھەر بىرى كۆك مىسالىدا ئىدى. بىراق بۇ كۆكتەك يۈكسەك قىرلارنىڭ ھەر بىرىنى شىمال يۇلتۇزى يۈز ئەسىر ئايلىنىسمۇ بېسىپ ئۆتەلمەيتتى. ھەر باسقۇچقا تارتىلغان ئالتۇن تاناپلار كۆك دىئامېتىرىدىن كېسىپ ئېلىنغاندەك ئىدى. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر بارگاھ جەمشىدنىڭ ئايۋىنىدەك بولۇپ، ئۇ بارگاھتىكى ئالتۇندىن ياسالغان ھەر بىر گۈلدىن قۇياشمۇ رەشك قىلاتتى. ئۇ يەرگە تىكىلگەن بارگاھلار يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان قوشۇن چۈمۈلىلەردەك مىغىلدايتتى. يەر



كۆتۈرەلمىگەندەك ھالەتتىكى بۇ قوشۇن پۈتۈن ئالەمنى سەلدەك بېسىپ خان مۇلكىگە باسرۇقۇپ ماڭغان سۆيگۈ لەشكەرلىرىدەك يۇنان مەملىكىتىگە قاراپ ئاتلاندى. بۇ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلغان ئاياغ ئاۋازى نەگە يەتسە، ئاڭلىغان خەلقنىڭ «قاچ!» دېگەن سادا ياڭرايتتى. قوشۇن بىر يەردە ئىككى كۈنمۇ توختىماي مەنزىلمۇ مەنزىل كېزىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقان تىۋىشى قەيەرگە يەتسە، بۇ تىۋىشنى ئاڭلىغان خەلق ئەقلىي ھوشىدىن ئايرىلاتتى. ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئىشغال قىلىنىشى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر بىلەن تەڭ ھەر بىر قەلئە قۇلۇپلىرىنىڭ ئاچقۇچىمۇ يېتىپ كېلەتتى. ھەر مەنزىلدە بىر مەملىكەت ئىشغال قىلىناتتى. مەملىكەتلا ئەمەس، بەلكى سۇ ۋە قۇرۇقلۇقلارمۇ ئىشغال قىلىناتتى. نەچچە ئاي چۆل، ۋادىلارنى كەزگەندىن كېيىن يۇنان مەملىكىتىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ مەملىكەتتىكىلەر خاقان قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ مەملىكەتنىڭ كاتتىلىرى ۋە پۇقرالىرى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خاقاننى قارشى ئالدى. ھېكمەت ئەھلىگە خۇشال ھايات يۈزلەندى. خاقاننىڭ كېلىشى گويا شەرەپ بۇرجىغا ئاتارۇد (مېركۇرىي) يۇلتۇزى كەلگەندەك بولدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى خاقاننى گويا بەخت-دۆلەتكە ئوخشاش قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلدى. يەنە بۇ مەملىكەتنىڭ مەيلى ياخشى ۋە يامانلىرى بولسۇن، ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ خاقاننىڭ يۈكسەك ئاستانىسىگە باش قويدى، مەملىكەتنى خاقاننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. خاقانمۇ ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى لايىقىدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىپ ئورۇن بەردى. ھەممىگە مېھرىبانلىق بىلەن مەرھەمەت قىلدى، ئۇلارمۇ شاھقا دۇئا قىلىپ مەدھىيەلەر ئوقۇدى. ھۆكۈمەت ئەھلى خاتىرجەم بولدى. خاقان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە جەمئىيەتكە تىنچ ئېرىشىپ:

— خاھىشنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى بۇ پەلەك بىزنى بۇ ئۆلكە

تەرەپكە ئەۋەتىپ، چۆللەرنى كەزدۇردى. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىكى مەقسەت، مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر تەھلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

يۇناننىڭ ھۆكۈمەت ئەھلى خاقانغا:

— بۇ جايدا باشتىن-ئاخىرغىچە تاشتىن پۈتكەن بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ئىچىدە ھىجران تۈنىنىڭ قاراڭغۇسىدەك بىر قاراڭغۇ غار بار. گويا قىشنىڭ تۈنلىرى يۈپيېتىم يۇلتۇزىدىن يورۇغاندەك، بۇ غارمۇ سوقرات ھېكىمدىن نۇرلانغاندۇر. شۇ تاغقا يەتكۈچە ئۈچ مەنزىل بار، — دەپ ئۇنىڭ ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

خاقان ئۇلاردىن نىشان سوراپ:

— بىلگىنىڭلارنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭلار، بىزنىڭ مەقسىتىمىز قايسى تەرەپتە ھەل بولىدۇ، يولى نەدە، مۇساپىسى قانچىلىك؟ — دېدى.

يۇنان بىلىمدارلىرى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

— ئەي پادىشاھ، بىزدىن بەلگىسىنى سوراۋاتقان ئادەم بولسا، بۇ مەملىكەت ئىچىدىكى تەڭداشسىز بىر ھېكىمدۇر، يېشى بەش يۈزدىن ئاشقان، ئەل ئىچىدە سۇھەيلا ھېكىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ يۇناندا ئۆتكەن سوقراتقا ئوخشاش ھېكىمدۇر. ئۇمۇ سوقراتتەك غاردا يوشۇرۇن ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىشى خىلۋەتتە ياشاش، بىز ھەممىمىز ھېكمەت بابىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇرمىز. ھېكمەت ئەھلىنىڭ پاناھى بولغان شۇ ھېكىم شاھ سورىغان ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار. شاھ نېمىنى سورىسا، بىز بىلگىنىمىزچە بايان قىلىمىز. ھېكمەت ئەھلى بىلمىگىنىنى سۆزلىمەيدۇ. خۇسۇسەن بىز دۆلەت ئەھلى سورىغان مەسىلىگە ئىمكان قەدەر ھەقىقىتى بويىچە جاۋاب بېرىمىز. بۇ مۇشكۇل مەسىلىنى پەقەت شۇ ھېكىملا ھەل قىلالايدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز شۇ ھېكىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارايلى، — خاقان بۇ سۆزلەردىن خەۋەر تاپتى. شاھزادىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ خۇشال بولدى.



خاقان بىلەن شاھزادە دەرھال ئاتلاندى. ھەممە ھۆكۈمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا قوشۇن تارتىپ دەشت تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. چۆللەرگە كىرگەندە يىراقتىن بىر تاغنىڭ چوققىسى كۆرۈندى، سۇھەيلا ھېكىم يوشۇرۇنغان غار شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار غارغا يېقىنلاشقاندا، ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ غار تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. ھېلىقى ھېكمەت ئەھلىلىرىدىن بىرى ئاستا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سۇھەيلا ھېكىمنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. خاقان بىلەن شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە ئاي بىلەن قۇياشتەك يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى. سۇھەيلا ھېكىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىردى. شاھ بىلەن شاھزادە ئەدەب بىلەن كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. دانا ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىيلەن بىلەن خۇشال ھالدا كۆرۈشتى. ئۇلارمۇ سۆيۈنۈپ ھېكىمنىڭ قولىغا سۆيدى. ھېكىم ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشكۇل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. خاقان ۋە شاھزادىدىن يولدا قانداق جاپا-مۇشەققەت تارتقانلىقىنى، بۇ يەرگە كېلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

— بۇ يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىشتىكى مۇددىئايىڭلار نېمە؟ ماڭا بايان قىلىڭلار، — دېدى.

خاقان شاھزادىنىڭ ئەينەكنى كۆرگەندىن كېيىن بېشىغا چۈشكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. بىلىمدان ھېكىم ئەھۋالنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ ھەم سۆيۈندى، ھەم قايغۇردى ۋە دەرھال شاھزادىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— ھە، ئاشۇ پەرھاد ئاتلىق يىگىت سەن ئىكەنسەن-دە، — دېدى ئۇ بىلىمدان ھېكىم شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئاندىن كېيىن ئۇ تەڭرىگە سەجدە قىلدى ۋە پەرھادقا، — بۇ سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى دۇنيا مېنىڭ نەچچە يۈز يىل بۇ غارنى ماكان قىلىپ ياتقىنىمغا، يۈزلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقىنىمغا لايىق مۇرادىمغا يەتكۈزۈپ، بېشىمنى يۇقىرى قىپتۇ. جاماست ھېكىم ماڭا: «مەن

ۋاپات بولۇپ، بۇ ئاسمان يەر ئايلانمىسىنى مىڭ يىل كەزگەندىن كېيىن، چىن مەملىكىتىدىن بىر شاھزادە چىقىدۇ. ئۇ يۇنانغا كېلىپ دۆلەتكە رەھبەر بولىدۇ. بىلىم ۋە بەخت-ئىقبال ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىسمى پەرھاد بولۇپ، جان-تېنى بىلەن كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ئىسكەندەر رۇمىنىڭ تىلسىمىنى ئاچىدۇ» دەپ بىشارەت بەرگەنىدى. ئەمما بۇ يولدا ئىككى مەنزىل بار. ئۇنى بېسىپ ئۆتۈش خېلىلا قىيىن بولىدۇ. بىرىدە ئەجدىھا بار. ئۇ ئاغزىدىن ئوتلارنى چاچىدۇ؛ يەنە بىرىدە ئەھرىمەن ناملىق دىۋە بار. ئۇ، كىشىلەرنىڭ بېشىغا ھاۋادىن تاشلارنى ياغدۇرۇپ ئاشكارا زۇلۇم سالىدۇ، — دەپ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە، — سوقرات ھېكىم ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق بىشارەت بەرگەن: «سۇھەيلا مەندىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان پەرزەنتلىرىمدىندۇر. ئۇ مېنىڭ دۇئايى سالامىمنى قوبۇل قىلغاي ۋە تاپشۇرۇقلىرىمنى چۈشەنگەي. ئەگەر پەرھاد بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ مەقسىتى يولىدا سۇھەيلا ياردەم كۆرسەتسۇن، شۇنداق قىلغاندا بۇ مەخپىي سىر پەرھاد ئارقىلىق ئېچىلغۇسىدۇر. پەرھاد ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەندە شۇنچىلىك كۆپ خەزىنە چىقىدۇكى، ئۇنىڭدىن ئالەم ئەھلى خۇشال بولىدۇ. دىۋىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىنى تاپىدۇ. تىلسىمنى ئاچقان كۈنى بولسا، جەمشىدنىڭ جامى تېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى بەختۇ-دۆلەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلسا، پەرھاد بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خاقانغا تاپشۇرغاي. پەرھاد ئۆزى مېنى (سوقراتنى) كۆرۈش، جاھاننەما ئەينىكىنى ئېلىپ كېلىشكە دەرھال ئاتلانسۇن. شۇ ئەينەككە قارىغاندا ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرىدۇ.» سوقرات ھېكىمنىڭ بىشارىتى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. مەن ئۇ ھېكىمنىڭ ماڭا قالدۇرغان بۇ سالىمى ۋە مەلۇماتىدىن پەخىرلىنىمەن. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى سېنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ



كەلدىم. سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارغا تەدبىر كۆرۈپ قويغانىدىم، دەپ سۆزىنى تاماملىدى.

سۇھەيلا ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ غار ئالدىغا باردى. ئۇ يەردىن بىر ئىدىشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

مانا بۇ ئىدىش مەرۋايىتتىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئىچى سەمەندەر يېغى بىلەن تولدۇرۇلغان. مەن بۇنچىلىك ياغنى جەملىگىچە تالاي ئوتلار ئىچىدە داغلاندىم. سەن ئەجدىھا بىلەن تۇتۇشىدىغان ۋاقتىڭدا بۇ ياغنى ئۆز تېنىڭگە سۈرتكەيسەن. ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقتىڭدا بۇ ياغ سېنى ئوتتىن ئامان ساقلايدۇ. ئەجدىھا سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلگەندىن كېيىن خەزىنىلەر ساڭا نېسىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابىي يۈلتۇزلاردىنمۇ كۆپتۇر. بۇ ئەلۋەتتە تارتقان رىيازەتلىرىڭنىڭ بەدىلى بولىدۇ. بۇ خەزىنىلەردىن كۆپلىگەن ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى تاپىسەن. بىراق ئەھرىمەن دىۋىمۇ تالاي مۇسىبەتلەرنى چېكىدۇ. ئەھرىمەننى ھالاك قىلغىنىڭدا پەلەك ئۇنىڭغا ماتەم تۇتىدۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكى سېنىڭ قولۇڭغا كىرىدۇ. تىلسىمنى قانداق ئېچىش توغرىسىدىكى سۆزلەر بىر كۈمۈش تاختا ئۈستىگە يېزىلغان. ئۇ دىۋىنىڭ بوينىغا ئېسىلغاندۇر. بۇ تاختىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇپ تىلسىمنى ئېچىشقا ماڭىسەن. ئۇ يەردىن جەمشىدنىڭ جامىنى تاپىسەن. جامنىڭ گىرۋىكىگە پۈتۈلگەن خەتنى كۆرىسەن. بۇ خەتنى ھەزرىتى ئىسكەندەر رۇمى يازغاندۇر. سەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ، سوقراتنىڭ كىملىكىنى بىلىسەن. ئۇنىڭ ئەينەكتەك جامالىنى كۆرگىنىڭدە ئۇ ساڭا جاھاننەما ئەينىكىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئەينەكنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئەينەككە قاراپ ئۇنىڭدىن ئۆمرۈڭدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن. ئەمدى ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكە، سىرلار پەردىسىنى بۇنىڭدىن زىيادە ئېچىشقا رۇخسەت يوق، — دېدى-دە، ياغ قاچىلانغان ھېلىقى ئىدىشنى پەرھادقا تاپشۇردى، ئاندىن

يەنە، — قېنى ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي دەرھال يولغا راۋان بولغىن، ئىشلىرىڭنىڭ تېزدىن ھەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

سۇھەيلا ھېكىم پەرھاد بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىللەر توغرىسىدا بىر-بىرلەپ نىشانە كۆرسىتىپ، قايتا-قايتا تەلىم بەرگەندىن كېيىن پەرھاد بىلەن خوشلىشىپ ئۆز جېنىنى بىر يولى تەڭرىگە تاپشۇردى.

ئۇلار كۆز يېشى بىلەن سۇھەيلا ھېكىمنىڭ تېنىنى يۇيۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلدى. يۇناندىن بىللە كەلگەن ھېكمەت ئەھلىلىرى شۇ يەردە قالدى. شاھزادە خاقان بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، سۇھەيلا ھېكىم بەلگە بەرگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىن ئەجدىھا ياتقان جايغا بىر مەنزىل قالغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئاخشامغىچە تىنچ ئارام ئالدى. كېچە ئەجدىھاسى قاپقارا تۈننى يايدى، ئالەم بوشلۇقى قارا تۇتۇن ئىچىگە؛ قۇياش خەزىنىسى بولسا تۇپراق ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، بۇ ۋەيرانە جاھاننىڭ ئۆگزىسى قاراڭغۇلاشتى. بۇلار ئەيش-ئىشرەت مەرۋايىتىدىن كەچلىك چىراغ ياندۇرۇپ، شادلىق قەدەھلىرىنى تەييارلاپ بەزمە تۈزدى. **نەزمە:**

كەل، ئەي ساقى، قىلىپ ئىچمەك ئەزىمەت،
تىرىكلىك شامىنى بىلگىل غەنىمەت.
مەي ئىچ بىر دەم تۈزۈپ ئىشرەت ئەساسى،
چېكەردىن بۇرنا دەم ئۆمر ئەجدەھاسى.

※ ※

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىلىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، تاڭ شامىلى تۈننىڭ قاپقارا تۇتۇنىنى سۈرۈپ



تاشلاپ، تاڭ خەزىنىسىدىكى ئاشۇ كۈمۈش تاختىنى چىقىرىپ ئاستى. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوتلۇق يالقۇن چىققاندەك قۇياش تۈن غارىدىن چىقتى. قايغۇلۇق پەرھاد كۆزىدىن ئۈمىد ياشلىرىنى تۆكۈپ ۋە بۇ كۆز يېشى بىلەن يۇيۇنۇپ تەرەت ئېلىپ سۇھەيلا ھېكىمنىڭ تەلىمى بويىچە ئىشقا تۇتۇش قىلدى. تۇپراققا يۈزىنى قويۇپ يىغلاپ تەڭرىدىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەشكە باشلىدى. يەنە ئاتىسىنىڭمۇ ئايىغىغا باش قويۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا دۇئا قىلىشىنى ئۆتۈندى. ئاتىسى ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ ئوغلىغا دۇئا قىلدى. لەشكەرلەرمۇ قايغۇرۇپ يىغلاشتى. پەرھاد خاقاندىن ۋە بارلىق لەشكەرلەردىن رازىلىق ئېلىپ يولغا چۈشتى. خاقان باشلىق بارلىق لەشكەرلەر پىغان چېكىپ، دۇنيا بوشلۇقىدا، پەلەك ئۆيىنىڭ ئىچىدە قىيامەت قوپاردى. پەرھاد گويا يۇلتۇزلارنىڭ پادىشاھىغا ئوخشاش پەلەك ئەجدىھاسىدەك ئاتقا مىنىپ، قورال-ياراغ، ساۋۇت ئەسلىھەلىرىگە كۆمۈلدى. ئۇ شۇ يوسۇندا تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ ئەجدىھا ياتقان تەرەپكە ئات سالدى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن تارتىپ يولغا چۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەجدىھانىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ دەشت-قىرلارنى تېزلىكتە بېسىپ ئېتىنى سۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر قۇرۇم باسقان دەشت چىقىپ قالدى. بۇ دەشتنىڭ قارىلىقى ھىجران كۈنلىرىنىڭ ئەجەل ئاخشىمىغا ئوخشىشىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ رەڭگى ھىجران ئالىمىدىن دېرەك بېرەتتى. دەشت ئەجدىھانىڭ نەپسىدىن قارايغانىدى. پەرھاد ئېتىنى شۇ تەرەپكە چاپتۇرغىنىدا، ئات كۆلگە يېتىپ ئۇنىڭ تورۇق رەڭگى قارىغا ئايلانغانىدى. شۇ پەيتتە بىر سېسىق پۇراق كەلدى. بۇ سېسىق ھىد گويا جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك بىر ھالەتنى پەيدا قىلدى. بۇ ھىد تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن لەشكەرلەر ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلدى. بىراق پەرھاد ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنى

مۇستەھكەم تۇتۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىر ئەجدىھانىڭ قاراڭغۇ غارى كۆرۈندى. پەرھاد غار تەرەپكە ئېتىنى سۈردى. لەشكەرلەر ئەجدىھا ئاغزىدىن چىققان بورانغا يولۇققاندا گويا ئەجەلنىڭ ئوقىغا دۇچ كەلگەندەك بولدى. ئەجدىھا بالاغا ئوخشاش ھەيۋەت بىلەن غارنىڭ يۇملاق گۈمبىزى ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرۈشتىكى جىددىيلىكى دوزاخنىڭ يالقۇنىغا، تولغىنىپ مېڭىشى شۇ ئوتنىڭ تۈتۈنىگە ئوخشايتتى. نەپسىدىن پارچە-پارچە ئۇچقۇنلار چىقىپ بۇ ئۇچقۇنلارنىڭ ھەر بىرى ئالەمنى ئۆرتىگەندەك بولاتتى. نەپسىنىڭ تۈتۈنى قويۇق بۇلۇتقا، ھەر بىر ئۇچقۇنى ئاپەت ۋە بالا چاقمىقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ تېنى بالا تېغىدەك، ئاغزى شۇ تاغنىڭ غارىدەك ئىدى. ئەجدىھانىڭ ئۇزۇنلۇقى تاغدەك بولسىمۇ، لېكىن سەلدەك تىنىم تاپمايتتى. ئۆزى تاغدەك، بېشى تاغنىڭ تۇمشۇقىدەك، ئەمما بۇ تۇمشۇقمۇ تاشتەك قارا ئىدى. ئىككى كۆزى خۇددى نېفىتنىڭ ئوتلۇق بۇلىقىدەك كۆرۈنەتتى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى قورقۇنچلۇق تونۇرغا، بەلكى نېفىتلىك تونۇرنىڭ مورىسىغا ئوخشايتتى. ئاغزىدىن چىققان ئوتنىڭ يالقۇنلىرى نېفىتلىككە كەتكەن ئوتتىن نىشانە بېرەتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى بالا تېغىدەك، قول-پۇتلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر ئەجدىھادەك ئىدى. ئۇنىڭ تۆت پەنجىسى يەتتە ئاسماننى ئەجەلنىڭ باش بارمىقىدەك ئىسكەنجىگە ئالاتتى. ھەر پەنجىسىنىڭ تىرناقلىرى ئورغاقتەك ئىدى، ھەر بىر ئورغاق ئالماستەك ئۆتكۈر ئىدى. پۈتۈن ئەزالىرى كۆلرەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەر بىر چېكىت بىر يولۋاستەك كۆرۈنەتتى. ئەجدىھا قۇيرۇقىنى ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن دەشتكە قاتتىق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن توزان كۆپكۆك ئاسماننى سۈرمە رەڭلىك چاڭ بىلەن خىرەلەشتۈرەتتى. ئەجدىھا بۇ خىل ھەيۋەتلىك شەكىل بىلەن غاردىن ئالدىراپ چىقىپ ئوت چاچقۇچى، ئاغزىدىن قان تۆككۈچى چىشلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ شاھزادىگە كۆزى چۈشۈش بىلەنلا غەزەپتىن تاقەت قىلالماي



قالدى. شاھزادىنىڭ جېنىنى قەستلەپ، ئاغزىنى بالا-قازانىڭ دەرۋازىسىدەك ئاچقان ھالدا دوزاخ ئوتخانىسىدىن يالقۇن چېچىپ پەرھاد تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بىردەم شاھزادىگە قاراپ ئوت چېچىپ تۇردى. ئۇ پۈتۈن قوشۇننى بىر ۋاقلىق غىزا، شاھزادىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىلگەن تۇز سۈپىتىدە چايناپ تۈگەتمەكچى بولدى.

شاھزادە ئىلگىرى تەلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەجدىھانىڭ ئوتىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئوتمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. ئەجدىھانىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپ، پەرھادنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچتى. شاھزادە دەرھال تەڭرىنىڭ نامىنى يادلاپ، چاققانلىق بىلەن يانى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭغا نەيزىدەك بىر ئوقنى بەتلەپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا شۇنداق ئاتتىكى، ئەجدىھا تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ تولغانغان چاغدىكى گەۋدىسىنىڭ ئەگمەچلىرى ئوققا نىشان بولدى. ئەجدىھا گەرچە يېرىپ تاشلىغۇچى كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ئاتقان يىلان كەبى ئوق ئۇنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئوق ئۇنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنى قوي ئۈچىيىگە زىخ سانچىلغاندەك تېشىپ ئۆتتى. ئەجدىھا كاۋاپ قىلىپ قورسىقىنى توقلاش ئۈچۈن ئوت ياققانىدى. بىراق شۇ ئوتتا ئۆزى كاۋاپ بولدى. ئۇنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشقا مادارى قالمىدى. پۇتلىرىدىن ماغدۇر كېتىپ، ھالى ئېغىرلاشتى. باتۇر پەرھاد ئېتىنى سەكرىتىپ قىلىچ تارتىپ، تېز ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قىلىچ ئۇرۇشى كۆكنىڭ تاغ ئۈستىگە چاقماق تاشلىغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇ چاقماق سۈپەتلىك قىلىچنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ، بىر تىغ بىلەنلا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى. ئەجدىھانى يوقلۇق غارىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېتىنى سۈرگىنىچە ئەجدىھانىڭ غارىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ غارغا كىرگەندىن كېيىن خەت يېزىلغان سۈزۈك بىر تاختىغا كۆزى چۈشتى. تاختا ئۈستىگە بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالى يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى: «ئەي دۇنياغا غەليان سالغۇچى يىگىت! سەن تەڭرىنىڭ كۈچ بېغىشلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا

قىلىشى بىلەن بۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى ئۇنىڭ غارىدىكى يوشۇرۇن خەزىنىنى تاپسەن. بۇ مەخپىي خەزىنە ئەجدىھانى ھالاك قىلغانلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ. بۇ غار ئاسماندەك يۇمىلاقتۇر. سەن ئۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئېنىق تاپساڭ، ئۇ يەرگە بىر قارا تاش كۆمۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ۋەزنى مىڭ پاتماندىن ئېغىرراق. قىلىچىڭنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئويۇپ تاشنى ئورنىدىن قومۇرۇۋال، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆر.» شاھزادە تاشتاختىدىكى بۇ گۈزەل يېزىقنى ئوقۇپ چىقىپ، يېزىلغان سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ ئورنىغا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ئىشلارغا تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن سان-ساناقسىز خەزىنىلەرنى تاپتى. ئاسمان خەزىنىچىلىرى ئۇنىڭ ھېسابىغا ئاجىز، ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەپىردۇن شۇنچە خۇملارنى يوشۇرۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر خۇمى ئاسمان خۇمىدەك كېلەتتى. بەزى خۇملار ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن، بەزىلىرى قىممەت باھالىق لەئلى-ياقۇتلار بىلەن تولغانىدى. بۇ خەزىنىلەرنىڭ تۆرىدە بىر ئالىي ئايۋان بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئايلانمىسى زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ ئايۋاننىڭ ئىچىدە زىننەتلەنگەن بىر تەخت بولۇپ، ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان يېشىل نەرسىلەر بار ئىدى. يەنە شۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر ئۆتكۈر قىلىچ بولۇپ، بۇ زۇلپىقاردىن قېلىشمايتتى. قىلىچنىڭ يېنىدا بىر قالقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر قۇببىسى قۇياشتەك يالتىرايتتى. ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر پارچە خەتتە: «بىرەر كىشىگە يۈكسەك بەخت يار بولۇپ بۇ قالقان بىلەن قىلىچ قولىغا چۈشسە، بىرىنى بېلىگە تاقاپ، بىرىنى قولىغا ئالسا، ئەگەر يۈز تۈمەن دىۋە بىلەن ئېلىشقان تەقدىردىمۇ تېز پۇرسەت ئىچىدە ھەممىسىنىڭ يۇرتىدىن چاك چىقىرىدۇ. قالقاننىڭ قۇببىسىدا سۇلايمان پەيغەمبەر ئۆز ئۈزۈكىگە يازدۇرغىنىدەك ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئەگەر يۈز تۈمەن دىۋە مىكرى-ھىيلە ئىشلەتكەندىمۇ،



بۇ قالقاننى تۇتقان كىشىگە ئۇنىڭغا يېزىلغان ئىسمى ئەزەم تۈپەيلىدىن قىلچە دەخلى يەتمىگەي. ئەگەر قالقاننى تۇتقان كىشىگە تىغ ئۇرۇلسا، ئۇنىڭ جىسمىغا زەرەر يەتمەس. بېشىغا بۇ تىغ چۈشكەن كىشىلەرنىڭ بارلىقى يوقىلىپ قارا تۇپراققا قوشۇلغاي. قىلىچقىمۇ بىر ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ قىلىچنى تۇتقان كىشى ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەلئۇن شەيتانلارنى، ئەھرىمەن دىۋىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، باتۇرلۇقتا شۆھرەت تاپقاي» — دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى. پەرھاد بۇ ئىككى مۆجىزىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ ھەقنى ياراتقۇچى بولغان تەڭرىگە سەجدە قىلدى. ئۇ ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قىلىچ ۋە قالقاننى ئېلىپ، بىرىنى بېلىگە تاقىدى، يەنە بىرىنى قولىغا ئالدى ۋە ئېتىنى مىنىپ تېز يۈرۈپ ئۆز قوشۇنى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بىراق ئۇ ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا جاھاننى قاراڭغۇلۇق، ئەتراپنى بەتبۇي پۇراق قاپلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپلىگەن لەشكەرلەر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى. پەرھاد ساق قالغانلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ شۇنچە ئاپەتلەر ئىچىدىن گويىكى ئىسكەندەر زۇلمەت ئىچىدىن چىققاندەك چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ خاقان بىلەن مۇلكئارا پىغان چېكىپ پۈتۈن لەشكەرلەر بىلەن پەرھادقا جېنىنى پىدا قىلىشتى. چۈنكى پەرھاد شۇنچە بالا-قازالاردىن خالاس بولۇپ، ئەجدىھادىن نىجاد تاپقانىدى. ئەجدىھانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. پەرھادنىڭ ئاتىسى بۇ ئەھۋالنى پەملەپ ئۇنىڭغا جان پىدا قىلغۇدەك بولدى. لەشكەرلەرمۇ بۇ ئىشلارنى بىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ بېشىدىن چاچقۇ چاچتى ۋە ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشتى.

ۋاقىتكى، تاغ شامىلى چىقىپ، ئۆزىنىڭ مۇشكۇ-ئەنبەر ھىدى بىلەن مەيداننى سېسىقچىلىقتىن تازىلىدى. قۇياش چىقىپ ئۆلگەن ئەجدىھانىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. تاغلار، ۋادىلار يورۇپ كەتتى، ھەتتا غارنىڭ ئىشىكىمۇ كۆرۈندى. پەرھاد بىلەن خاقان غارنىڭ

ئاغزىغا بېرىپ پۈتۈن دەشت-چۆلنىڭ ئەجدىھا قېنى بىلەن بويالغانلىقىنى كۆردى. پەرھاد بۇ ھېسابسىز قىممەتلىك خەزىنىلەرنى خاقانغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى خەلققە ئىنئام قىلىشنى سورىدى ھەم ھېلىقى قىلىچ ۋە قالقاندىن ئىبارەت ئىككى مۆجىزىنىڭ ھەققىنى، ھەر بىرىگە يېزىلغان ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بەردى. بۇ خەزىنىلەردىن خاقان ناھايىتى خۇشاللاندى ۋە ئۇ خەزىنىلەردىن بۇ ئىككى قىلىچ، قالقاننىڭ بىباھالىقىنى چۈشەندى. ئىككى پارچە قىلىپ تاشلانغان ئەجدىھا ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى. تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەر بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدىدا ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ھېلىقى ئىككى خەزىنە خاقانىنى ھەددىدىن زىيادە خۇشال قىلدى. خاقان لەشكەرلەرنى تاغ باغرىغا چۈشۈش دەپ پەرمان قىلدى. لەشكەرلەر ئەجدىھانىڭ غېمىدىن ئازاد بولۇپ شادلىققا چۆمدى. ئۇلار: «ئەجدىھا يوقىلىپ، ھېسابسىز خەزىنىلەرگە سازاۋەر بولدۇق» دەپ خۇشاللاندى، پاراغەت خەزىنىسى بىلەن شادلاندى.

قۇياش پەرھادى ئۆتكۈر نەيزىسىنى راسلاپ، قارا تاغ ئەجدىھاسىنىڭ قېنىنى تۆكمەكچى بولدى. قارا تاغ ئەجدىھاسىنىڭ شەپەقتىن ئىبارەت قېنى كۆككە شۇنداق چاچرىدىكى، گويا يەردىكى قاننىڭ كۆككە شولىسى چۈشتى. ئۇلار ئەيش-ئىشرەت مەرىكىسىنى تۈزۈپ، كېچە ئىشرەتگاھىدا ئىچكۈلۈك يولىنى تۇتتى. پەلەك بوستانىغا ئوخشاش بەزمە تۈزۈپ، ئەجدىھا قېنىدەك گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشكە كىرىشتى. **نەزمە:**

كېتۇر ساقى مەيۇ، بول غەمگۇسارىم،
دېمەيكىم غەمگۇسارىم، يار غارىم.
كى بولغاي ئاندا ئەژدەر قانىدەك رەڭ،
ساچاي گەنج ئىچمەكىگە قىلسام ئاھەڭ.

※ ※

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن



بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، دۇنيا كېچىنىڭ قارا مۇشكىگە ئاق كافۇر سەپتى. ئەھرىمەن دېۋىنىڭ نەپسىدىن دۇنياغا نۇر چېچىلدى. كېچە دېۋىنىڭ ھالىغا ماتەم تۇتۇپ، ئاسمان سۇلايمانى ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ئۈزۈكىنى كۆرسەتتى. پەرھاد تېزلىك بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ ئۇرۇش تىغىنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. قالقىنىنى قولىغا ئالدى. جەڭگە كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ئەسلىھەلەرنى تەييارلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ دېۋە گەۋدىلىك ئېتىغا مىنىپ ئەھرىمەن ۋادىسىغا قەدەم قويدى. خاقان يەنە ئاھ چېكىپ، ئاھىنىڭ تۈتۈنىنى كۆككە يەتكۈزدى ۋە ئەھرىمەن دېۋىنىڭ قورقۇنچىسىدا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، جېنىدىنمۇ بىزار بولۇپ ئىختىيارسىز ھالدا پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لەشكەرلەرمۇ خاقاننىڭ ئارقىسىدىن باراتتى.

پەرھاد لەشكەرلەردىن ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ بارغانسېرى ئۇلاردىن ئۇزاقلاپ، قازىسى كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس ئارىلىقتا كېتىۋاتاتتى. شۇ سۈرئەتتە چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ بىر ئورمانغا دۇچ كەلدى. ئورمانلىقنىڭ كەڭلىكىنى تەرىپلەشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ ئورمانلىق ئەمەس، بەلكى بەھرىمەن دېۋىنىڭ باغۇ-بوستانى ئىدى. ئۇنىڭ ياكى ئۇچى ياكى ئۇ قىرغىقى كۆرۈنمەيتتى. ئورماندىكى دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تالاي ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن ئىدىكى، بۇ ئۆسۈملۈكلەر كۆك ئۆسۈملۈكلىرىدىنمۇ يۇقىرىغا شاخ تارتقانىدى. ھەر تەرەپتە يۈز مىڭلاپ قەدىمي دەرەخلەر، ھەر بىر دەرەخنىڭ گەۋدىسى ھەيۋەتلىك، ياپراقلىرىدا تەئەججۈپلۈك بار ئىدى. ياپراقلار ئارىسىدىن دېۋىلەرنىڭ ماكانى بىر-بىرلەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېۋىنىڭ نەپەسلىرى ئۇ يەرنىڭ شاملى ئىدى. بۇ ياپراقلار ئاژدۇرغۇچى ئەينەككە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى

ئۇغرىلايتتى. ئۇ جايدىكى جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دىۋىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ھىيلە-نەيرەڭلەرنى كۆرسىتەتتى. غول-شەيتانلارنىڭ غەلۋە-ماجىرالىرى دەريا دولقۇنلىرىنىڭ ساداسىدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. دەريا بويىدىكى تاشلار گوياكى ئادەملەرنىڭ كېسىلگەن بېشىدەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكلەر نەيرەڭۋاز ئاسمان گۈمبىزىگە ئوخشاش نامايان بولۇپ، كىشى ئەقلىنى ھەيرانلىقتا سالاتتى. دەريا سۈيىنىڭ دولقۇنى سەۋدايىلارنىڭ يازغان خېتىدەك كىشىنىڭ ئەقلىگە زەقەم چېكەتتى. دىۋىلەر ئۇلۇغ زاتلارنى شاخلارغا يوپۇرماقتەك ئېسىپ قوياتتى. ئەگەر ئۇ تەرەپلەرگە پۇقرالارنىڭ قەدىمى يېتىپ قالسا، بېشى قېيىپ، ھەيران-سەرگەردان بولۇپ قالاتتى. ئىچى كۆيۈپ، كاۋاپ بولۇپ قالغان دەرەخلەر غول-شەيتانلارنىڭ ئۇۋىسىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ دىۋىلەر ماكانى ئەقلىنى يوقىتاتتى. ئۇ يەردىكى قۇرۇق شاخلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دىۋىلەرنىڭ مۈڭگۈزىدەك گەۋدىلىنەتتى. ئۇ جاينىڭ توپىسى قۇتۇلۇش يوللىرىنى بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر تەرەپتە مىڭلاپ سوقماقلار بار ئىدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئىدىكى، ھەرقانداق ھوشيار ئەقىلمۇ تەرەپ-تەرەپتىكى سوقماق يوللار ئىچىدە كەلگەن يولىدىن ئېزىپ قالاتتى. بۇ يەرنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرى جىن-شەيتانلار بولۇپ، ئۇلاردىن پىتنە-پاسات، ھىيلىگەرلىك ساداسىدىن باشقا ئاۋاز چىقمايتتى. بۆرىلىرى قايغۇنىڭ پىغانىنى چېكىپ بۇ يەرگە كىرگەن كىشىلەرنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن تىنماي ھۇۋلايتتى. بۇ دەشتنىڭ ئەتراپىغا يېيىلغان تىكەنلىرى گويا: «بۇ تەرەپكە كەلمە!» دېگەندەك سادا چىقىراتتى. بۇ يەردىكى شاخلار دەرەخ شاخلىرى ئەمەس، بەلكى دىۋىلەرنىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ، كىرگەن كىشىلەرنىڭ سەللىسىنى ئېلىۋالاتتى. قۇشلىرى قايغۇ ۋە ئەلەمنىڭ مۇزىكىسىنى ياڭرىتىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ماتەمگە پىغان چەكسە؛ بۇلۇتلىرى ئۇلارنىڭ ھالىغا زار-زار يىغلاپ، كۆزىدىن مەرۋايىت چاچاتتى. بۇ ماكاننىڭ شامىلى چوڭ دىۋىلەر نەرە



تارتقاندەك ھۆكىرەيتتى. گىياھلارنىڭ ئۇچى نەشتەردەك، نەشتەر ئەمەس، بەلكى قان تۆككۈچى خەنجەردەك ئۆتكۈر ئىدى. دەرەخلەرنىڭ شامالدا ئىڭاڭلىشى گوياكى: «ئەي شور پېشانە بۇياققا كېلىپ قالما» دېگەنلىكتىن بېشارەت بېرەتتى، ھەر بىر چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىنسانلارنىڭ قولىدىن پۇلاڭلاپ: «تەڭرىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن كەينىڭگە يان!» دەپ ئىشارەت قىلاتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ ئىككىلەنمەي جاڭگالغا ئېتىنى سۈردى. بىرقانچە مۇساپە يول يۈرگىنىدىن كېيىن جاڭگالدىكى بىر بوشلۇققا چىقتى. بۇ بوشلۇق باشتىن-ئاخىرغىچە ياپيېشىل ئوت-چۆپ ۋە گۈللەرگە پۈركەنگەنىدى. ئوت-چۆپلىرى مۇشەققەتتىن، گۈللىرى دەردتىن ئىبارەت ئىدى. شاھزادە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئالدىدا بىر ئالىي قەسىر تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىنسانىنى ۋە دىۋە-پەرىلەرنى ياراتقان تەڭرىنى ياد ئېتىپ، ئەھرىمەن دىۋە تەرىپىگە قاراپ ئات سالدى. قانخور دىۋە شاھزادىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ ئەھۋالنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بېشىنى چىقاردى. ئۇ يىراقتىن ئۆز قەسرى تەرىپىگە كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆردى. شاھزادىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى، ۋۇجۇدىدىن دىۋە ئۆلتۈرگۈچى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەھرىمەن دىۋە شاھزادىنى كۆرۈپ، گۈلدۈرمامىدەك قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ ئۆز قەسرىدىن قەھرى-غەزەپ بۇلۇتىدەك چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى زەھەرگە تولغانىدى. ئۇ ئالاق-جالاق بولغان ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، گويا دوزاخ ئوتىدىن يالقۇن چۈشكەندەك چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭ چۇقانى زامان بوستانىنى لەرزىگە سالدى، ساداسىدىن پەلەك ئايۋانىغا چاك كەتتى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى ھەر بىر تال تۈك بىر نەيزىنىڭ ئۇچىدەك، نەيزىنىڭ ئۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئەجدىھا سۈپەتلىك يىلاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان ھەر تامچە قاندىن ھىيلە-مىكىر بىلەن بىر دىۋە پەيدا بولاتتى. يۈزىنىڭ قارىلىقى مالامەت تۈنىدەك،

بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىيامەت كۈنىدەك ئىدى. ئۇ قولىدا ئۇچىغا بىر پارچە تاغ بېكىتىلگەن چىناردەك بىر تۇۋرۇكنى تۇتقانىدى. ئۇ تۇۋرۇك ئەمەس، بەلكى شۇ قەدەر كېلەڭسىز بىر گۇرزىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ دەستىسى بىر مۇنارغا ئوخشايتتى. ئەگەر بۇ گۇرزە بىلەن ئىلبىرس تېغىغا ئۇرسا، ئۇ تۇپراققا ئايلىناتتى. ئەھرىمەن دىۋە شۇ قىياپەت بىلەن شاھزادىگە قاراپ:

— ھەي غاپىل ئادەمزات، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى ھىيلىگەر پەلەك ئالدىڭغا كېلىدىغان جەۋرۇ-جاپالارنى پېشانەڭگە پۈتۈپتۇ. ئەمدى سەن بۇ چاڭگالدىن ئۆتمەكچى بولساڭ يولۋاسنىڭ پەنجى ئۇرۇشى، شىرنىڭ چاڭگال سېلىشىدىن باشقا ئىشنى كۆرمەيسەن. ئەگەر بۇ يەردىن پەرىشتە ئۇچۇپ ئۆتسە، ئۇنىڭ جىسمىدىن ھاياتلىقمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئۈستىدىن لاچىن ئۇچۇپ ئۆتسە ئۇنىڭ قاناتلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ. سېنى بۇ يەرگە قانداق خىيال ئېلىپ كەلدى، بىلىپ قويغىنىڭكى، خىياللىرىڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، — دېدى-دە، شاھزادىنىڭ بېشىغا گۇرزى سالدى. شاھزادە بېشىغا قالقانىنى تۇتۇپ، قىلىچ بىلەن گۇرزىنىڭ دەستىسىنى چاپتى، شۇنىڭ بىلەن گۇرزىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن تاش دىۋىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى زەخىملەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەھرىمەن دىۋىنىڭ ۋۇجۇدىغا غەزەپ ئوتى تۇتىشىپ، بېشىنى تۇتقىنىچە قەسىرگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىن ئاۋۋالقىسىدىنمۇ چوڭراق بىر گۇرزىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تېخىمۇ غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ گۇرزىنى كۆتۈرۈپ شاھزادىنىڭ بېشىغا سالماقچى بولدى. شاھزادە بۇ گۇرزىنىڭمۇ دەستىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن دىۋە شاھزادىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

پەرھاد ئەھرىمەن دىۋىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى شۇ يوسۇندا چېكىندۈرگەندىن كېيىن دىۋە چەكسىز غەزەپلىنىپ نەرە تارتقىنىچە قارا بۇلۇت سۈرۈلگەندەك تاغ تەرىپكە قېچىپ كەتتى. ئۇ پەرھادنى تاشبوران قىلىش ئۈچۈن بىر تاغنىڭ تاشلىرىنى پۈتۈنلەي ئالقىنىغا يىغىپ، شامالدەك ئۇچۇپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن



پەرھاد مۇستەھكەم قورغان ئىچىگە كىرگەندەك قالقاننىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى ۋە ئەھرىمەن دىۋىگە ئىسمى ئەزەمنى توغرىلىدى. ئەھرىمەننىڭ قولىدىن ماغدۇر كېتىپ، جىسمى ھەرىكەتتىن توختاپ، ھاۋادىن دومىلاپ يەرگە چۈشتى ۋە تاشلار ئارىسىدا قېلىپ ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى. ئەھرىمەن دىۋە سۆزگە تىل ئېچىپ:

— ئادەمزاتنى تاشبوران قىلاي دېسەم، ئاخىرى ئۆزۈم تاشبوران بولدۇم، — دېدى. پەرھاد كۆز ئالدىدا دىۋىنى ئىتتەك خارۇزار بولغان، پۇت-قولى ئىشتىن چىققان ھالدا كۆرۈپ، بېلىگە ئاسقان قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئىتنى سەكرەتكىنىچە چاقماقتەك كېلىپ دىۋىنىڭ بېشىغا بىرلا قېتىم قىلىچ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن دىۋىنىڭ ئىشىنى تاماملىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن روستەمدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق شىجائەت بىلەن قەسىرگە يېتىپ كېلىپ ئىتنى ئىشىككە باغلىدى. دىۋىنىڭ بېشىنى ئۈزگەن قولىدا قىلىچىنى تۇتقان ھالدا قەسىر ئىچىگە قەدەم قويدى. قەسىر دۇنيادەك كەڭ ئىدى. قاياققا قارىسا جاھاننىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەر تەرەپكە تۆمۈر قۇلۇپ سېلىنغان سانسىز ئىشىكلەر بار ئىدى. ھەرقايسى ئىشىكنىڭ بېشىغا شۇ ئۆيدە قانداق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن خەزىنىلەرنىڭ بارلىقى يېزىپ قويۇلغانىدى. شاھزادە بۇ خەتلەرنى تېز-تېز ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ يەنە بىر ئىشىكنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. بۇ ئىشىك ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئىشىكنىڭ چۆرىسىگە بولسا، تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىدى: « بۇ ئۆينىڭ قۇلۇپى ئاسانلىقچە ئېچىلمايدۇ، بۇنى ئاچمىغان ياخشىراق » . بۇ سۆزلەردىن شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق يېتىپ، قولى بىلەن بېزەكلىك قۇلۇپنى چېقىپ، ئىشىكنى سۇندۇرۇپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئىچى خەلقنىڭ ئاداۋەتسىز كۆڭلىدەك يورۇق ئىدى. شاھزادە ئەتراپقا ئالدىراشلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇ يۇقىرىغا ئېسىلغان بىر ياقۇت قەندىلنى كۆردى. قەندىل مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىدەك شولا چېچىپ ئۆينى شەرق قۇياشىدەك يورۇتقانىدى. شاھزادە قەندىلنى

دەرھال چۈشۈرۈپ ئۇنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنى تاپتى. لېكىن قەندىلىگە: «بۇ ئۈزۈك كىمگە مۇيەسسەر بولسا، ئۈزۈككە يېزىلغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئىسكەندەر رۇمىنىڭ تىلسىمىنى ئاچقاي. بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغاندا غايىبتىن ئاۋاز كېلىپ، تىلسىمنىڭ مۈشكۈللۈكلىرىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلغاي» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شاھزادە ئۈزۈكنى ئېلىپ، كۆزىگە سۈرتۈپ، بېشىنى سەجدىگە قويدى؛ كۆڭلىدە بولسا، تەڭرىگە ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكرىلەرنى ئېيتتى.

شاھزادە قەسىردىن چىقىپ لەشكىرى تەرىپىگە قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئورمانلىقتىن چىقتى-ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئاجايىپ بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى: پۈتۈن لەشكەرلەر ئەھرىمەن دىۋىنىڭ قورقۇنچىسىدا چىرايلىرى تاتارغان ھالدا تىترىشەتتى. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپ، ئېسىنى يىغىپ خۇشاللىققا چۆمدى. پەرھادنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرگەن خاقاننىڭ ئۆزىمۇ پەرھادتەك شادلاندى. خاقان ئۆز زامانىسىدا تەڭدىشى بولمىغان ئوغلى پەرھاد بىلەن قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چۈشتى. ئۇلار ئەھرىمەن دىۋىنىڭ ئورمىنىدىن ئۆتۈپ ۋە ئۇنىڭ ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇپ، يەنە ھېلىقى ياپيېشىللىققا — دىلكەش مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ جاي ئىرەم بېغىغا ئوخشايتتى. ھاۋاسى كىشىگە جان بېغىشلايتتى. ئۇلار لەشكەرلەرنى قەسىر ئەتراپىغا چۈشۈردى. شاھزادە ئاتىسى خاقانى چىن بىلەن ئالىي قەسىرگە كىرىپ، چوڭ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇ يەردىكى ھېسابسىز خەزىنىلەرنى خاقانغا تاپشۇردى. ئۇلار پەرھادتىن ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتىنى ئاڭلاپ، شادلىققا چۆمۈپ، مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى ئېيادىلىدى. ئۇلار شاھانە بەزمە تۈزۈپ، ئەيشى-ئىشرەتكە ئولتۇردى.

كۆك رۇستەمى قىلىچىنى ئالدى ۋە زامانە دىۋىسىنىڭ بويىنىغا ئۇرۇپ، ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە ھالاكەتكە ئۇچراتتى. دىۋە تارتقان ئاھىنىڭ تۈتۈنى جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇردى. ئۇلار قېپقالغان



ئەيش-ئىشرەتنى داۋاملاشتۇردى. گۈل يۈزلۈك ساقىلار ئوتتۇردا جىلۋە قىلاتتى. ئەھرىمەن دىۋىنىڭ بېشىدەك قەدەھلەرنى لىپمۇ-لىپ تولدۇرۇپ مەي ئىچىشكە كىرىشتى. **نەزمە:**

كەل ئەي ساقى، ماڭا مەي قىل ھەۋالە،
ئېتىبان ئەھرەمەن باشىن پىيالە.
كى قىلغاي ئول قەدەھدىن روھى مەستىم،
زەمانە نەفس دىۋىن زىرى دەستىم.

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت ساھىبلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، قاراڭغۇلۇق لەشكەرلىرىنىڭ بايرىقى يىقىلىپ، قۇياش ئىسكەندىرى چىراي كۆرسەتتى. كۆك گۈمبىزىنىڭ تىلسىمى ئىسكەندەر تىلسىمىغا ئوخشاش بېزەندى. پەرھاد يەنە مەقسەت ئىشىنىڭ كېيىمىنى كىيىپ، تەلىپىنى يېڭىلىدى. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ ئاتىسىنىڭ ئايىغىنى سۆيدى ۋە يۈزىنى تۇپراققا قويدى. ئۇ ئاتىسىدىن دۇئا قىلىشنى سورىدى. كېيىن چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ جاھان كەزگۈچى ئېتىغا مىندى. ئۇ ئۈزۈكتىكى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ يولغا چۈشتى. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن ئاسماندەك كەڭ بىر يايلاققا يېتىپ كەلدى. ئۇ يايلاقتا قۇياشتەك بىر بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۈيى تىرىكلىك بۇلىقىدەك سۈزۈك ئىدى. ھەر بىر تامچىسى كىشىگە جان بېغىشلايتتى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ياپيېشىل دەرەخلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پەرھاد بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئېتىنى بىر دەرەخكە مەھكەم باغلاپ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تەرەت ئېلىپ

كىرلىرىدىن تازىلاندى. كۆڭلى ئېچىلدى. ئۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يىلىنىپ، مەقسەتلىرىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەپ سەجدىگە باش قويدى. پەرھاد بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرگىنىدە ئالدىدا پەرىشتىدەك نۇرانە بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنى كۆرگەن پەرھادنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. بىراق ئۇ ئاقساقال مېھرى-شەپقەت بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

— ئەي ئوغلۇم قايغۇرما، بۇ ئىشىڭدا مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي. مەن خىزىر بولىمەن. بۇ سەپىرىڭدە قولۇڭنى تۇتۇپ ساڭا يول كۆرسىتىمەن. بىز ئىسكەندەر بىلەن تىرىكلىك سۈيىنى ئىزدەپ زۇلمەتكە چۈشۈپ جاپا-مۇشەققەتلەرگە يولۇققاندۇق. ئىسكەندەر بۇ سۇنى ئىزدەپ پۈتۈن ئەتراپنى كەزدى. بىراق ئۇ سۇدىن مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولدى. ئىسكەندەر جان تىكىپ چاڭقاپ قايتتى. مېنىڭ جېنىم بولسا، شۇ سۇ بىلەن قاندى. چۈنكى ھەمىشە تۈگۈن تۈگۈش ئۇنىڭ ئىشى ئىدى. تۈگۈننى يېشىش مېنىڭ ھۈنىرىم ئىدى. ئۇ ھەر بىر تىلسىمنى باغلىسا، مەن خەلققە ياردەمچى بولۇپ، ئۇنى ئاچاتتىم. ئىسكەندەرنىڭ مۇشۇ ۋادىغا باغلىغان تىلسىمنى ئېچىشىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا يول باشلىغىلى كەلدىم. بۇ يولغا كىرىشتە پۇختا تەييارلىق بىلەن قەدىمىڭنى ساناپ ماڭغىن. ئالدىڭدا تىلسىم قىلىنغان پەلەكتەك چوڭ بىر قورغاننى كۆرىسەن. ئۇنىڭ يولى ئون ئىككى مىڭ قەدەم كېلىدۇ. ھەر قەدەمدە يۈز قېتىم پۇشايمان قىلغۇدەك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار. ئۇ يول يۇقىرى ۋە تۆۋەن يوللارغا ئايرىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ تۆۋەنكى يولىدىن ماڭسا، مۇرادى ھاسىل بولىدۇ. ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە گرانىت تاشلار بولۇپ، بۇ تاشلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نىشاندۇر. كىمكى شۇ يولغا كىرسە ئۇنىڭدىن يەنە بىر چىغىر يول پەيدا بولىدۇ. بۇ يولدا ئىلدام يۈرسە قاتتىق تاشلار تاپانلىرىنى زەخمىلەندۈرىدۇ. ئاندىن بىر چەشمىگە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزىدە قايغۇلۇق ھالەتنى سېزىدۇ، بۇ يەردىن ئۆدۈل مېڭىپ، ئون



بىر مىڭ قەدەم باسقاندىن كېيىن بىر تاش دەرۋازا ئۇچرايدۇ. ئۇ يەردە زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان، كىشىنى يۇتقۇدەك ئەلپازدا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان بىر شىرنى كۆرىدۇ. شىرنىڭ ئاغزىنىڭ چوڭلۇقى دەرۋازىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇ كىشىنىڭ بەختى ئوڭدىن كېلىپ، ئاشۇ جايدىن ئۆتەلىسە، قورغان دەرۋازىسىغىچە يەنە مىڭ قەدەم قالىدۇ. يولدىن ئازماي توققۇز يۈز قەدەم ماڭغاندا يول ئۈستىدە بىر تاش تاختا يولۇقىدۇ. شۇ تاش تاختىنى قاتتىق تەپسە قورغاننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. قورغاننىڭ ئىچىدە بىر قولىغا ياي، بىر قولىغا ئوق تۇتقان، تۆمۈردىن ياسالغان ئادەم شەكلىدىكى بىر ھەيكەل ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مۇبادا ئاتسا قورام تاشنى تېشىپ ئۆتكۈدەك ھالدا ئوقيانى بەتلەپ تۇرغان بۇ ھەيكەلنىڭ پۈتۈن جىسمىدىن ئوت يالقۇنلىغان بولىدۇ. ھەيكەلنىڭ كۆكسىگە قۇياشتەك نۇرلۇق بىر ئەينەك ئېسىلغان. ئەگەر كىشى يۈز قەدەم يىراقتىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتسا، ئۇ ھەيكەل شۇ ھامان يىقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قورغان تۆپىسىدىكى ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن يۈز ھەيكەلمۇ بىللە يىقىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ مۇشكۇل تىلسىم ئېچىلىپ، كىشى بىمالال ئىچىگە كىرەلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئوق ئاتقان ۋاقىتتا بەختكە قارشى ئوق تەگمەي قالسا، ئۇ ھەيكەل ياينى تارتىپ ئوق ئۈزىدۇ. ئوقنىڭ تېگىشى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ھاياتلىق بۇلبۇلى بەدەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشقا قەدەم قويغىنىڭدا ئېيتقانلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغايسەن. ئەگەر بۇ يولدا ئازماي دېسەڭ، ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، ساناقلىق قەدەملەر بىلەن راۋان بولغايسەن. شۇنى تەكىتلەپ قويايكى، ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇماي، ئەسلا بىر قەدەم باسمىغايسەن. ئەگەر شىر نەپسىدىن ئەجدىھادەك ئوت ئېچىپ، ئاغزىنى ئېچىپ، ساڭا ھۇجۇم قىلسا، ئۆزۈڭنى دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاتقىن. شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولىدۇ. يەنە ئۆزۈڭنى ئېلىپ، مەن بەلگىسىنى ئېيتقان تاشقىچە بارغايسەن ۋە ئۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوقيارىڭنى

قولۇڭغا ئېلىپ ئېتىشقا تەمشەلگىنىڭدە ئىسمى ئەزەمنى تىلىڭدىن چۈشۈرمە. شۇنداق قىلساڭ مۇشكۇلۇڭ ئەلۋەتتە ئاسان بولغۇسىدۇر.

ئەلقىسسە، خىزىر ئەلەيھىسسالام پەرھادقا بۇ ئىشلاردىن تەلىم بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەمدى قورقماي يولغا چۈشكىن، — دېدى.

پەرھاد خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيدى ۋە تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممە ئىشلارنى خىزىرنىڭ تەلىمى بويىچە قىلماقچى بولدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا بىر شىرنى كۆردى. ئۇنىڭغا ئۈزۈكنى تاشلىغانىدى، شىر يوقالدى. پەرھاد ئۈزۈكنى قولىغا ئالدى-دە، قەدىمنى ساناپ مېڭىپ تاش تاختا ئۈستىگە چىقتى. ئۇ يەردە بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ھېلىقى تاشقا قاتتىق تەپكەنىدى، قورغاننىڭ ئىچىدىن ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر ئەكس سادا چىقتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن ئۇ سادامۇ يوقالدى. لېكىن بىر ھەيكەل ئوق تارتىپ چىقىپ كەلدى. قەلئە ئۈستىدىكى سايىۋەن كىيگەن يۈز ھەيكەلمۇ شاھزادىگە قاراپ، ئوق تارتىپ تۇراتتى. پەرھاد بىر جېنىغا تىكىلگەن يۈز بالا ئوقىنى كۆردى. ئۇ قورقماستىنلا ئوقيانى قولىغا ئالدى ۋە ھەيكەلنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەككە نىشانلاپ ئوق ئۈزدى. بۇ ئوق گويا مەھبۇپ ناز ئوقىنى ئاتقىنىدا سۆيگىنىنىڭ كۆكسىگە تەگكەندەك دەل تەگدى. ھەيكەل شۇ ھامان ئاغدۇرۇلدى. قورغان ئۈستىدىكى يۈز تۆمۈر ھەيكەلنىڭ ھەممىسى تەڭلا يىقىلىپ، يەر بىلەن يەكسان بولدى. پەرھاد بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئۇ تەڭرىگە دەرھال شۈكرى سانا ئېيتىپ، تۇتۇلغان تىلىنى راۋانلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن دەرۋازا تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ يوللارنىڭ غەۋغا-توپىلاڭلاردىن خالى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورغان ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلارنى، قارۇن خەزىنىسىدەك توپلانغان ماللارنى كۆردى. ئىسكەندەر كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، يەتتە ئىقلىمنى



ئىشغال قىلغاندا تاپقان ھېسابسىز خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قورغاننىڭ ئىچىگە تىلسىم قىلغانىكەن. بۇ قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىمارەت بار ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشكە يۈزمىڭ تىلمۇ ئاجىز كېلەتتى. ئۇ ئىمارەت ئەتراپىقا قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۆزى ئىنچام، چىرايلىق، كۆپ خاسىيەتلىك بىنا ئىدى. شاھزادە بۇ بىنانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىردى. ئىمارەتنىڭ مېھرابىدا يالتىراپ تۇرغان بىر قەدەھ كۆرۈندى. قەدەھ يالتىراقلىقتا قۇياشقا ئوخشايتتى. ئۇ قۇياش ئەمەس، بەلكى پادىشاھ جەمشىدنىڭ جامى ئىدى. يەنە بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقۇچى قۇياشتەك جاھاننەما ئەينىكىمۇ تۇراتتى. بۇ ئەينەكتە دۇنيانىڭ پۈتۈن ئەھۋالى، ھەممە ۋەقەلەر، ھەممە مەخپىي ئىشلار روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا پۈتكۈل روھى زېمىن جىلۋىلىنەتتى، ئىچىدە توققۇز پەلەك كۆرۈنەتتى. سىرتقى تەرىپى كامالەتكە يەتكەن قەلبتەك، ئىچى بولسا كىشىنىڭ پاكىز كۆڭلىدەك كۆرۈنەتتى. پەرھاد بۇلارنى تېپىپ چەكسىز خۇشال بولدى. ئۇ قەدەھ ۋە ئالتۇنغا تولغان خەزىنىلەرنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتماقچى بولدى. ئۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ ئېتىغا مىندى-دە، خاقاننىڭ بارگاھىغا قاراپ راۋان بولدى. شاھزادە خاقان بىلەن لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدى. ئۇلارنى تۈمەنمىڭ قايغۇدىن ئازاد قىلدى. ئاندىن كېيىن لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئۇلارنى خىزىر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ھېلىقى بۇلاق بېشىغا ئېلىپ كەلدى. لەشكەرلەر شۇ يەرگە چۈشتى. شاھزادە خاقان بىلەن پەرخۇندە① دەستۇرنى ئېلىپ، شىر بىلەن ئېلىشقان ھېلىقى دەرۋازا ئالدىغا كەلدى ۋە ھەيۋەتلىك قورغانغا كىردى. قورغاندىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاقانغا تۆھپە قىلدى. ھېلىقى دۇنيانى كۆرسەتكۈچى قەدەھنىمۇ خاقانغا تۇتتى.

① پەرخۇندە — مۇبارەك دېگەن مەنىدە.

ئاندىن كېيىن پاك تەڭرىگە يۈز خىل شۈكرى-سانالارنى ئېيتىپ، خۇشاللىق ئىچىدە مەنزىللىرىگە قايتىپ كەلدى.

كۈندۈز قورغىنىنىڭ تىلسىملىرىنى بۇزغۇچى ئاي پەرھادى كۆكتە ئۆز جىسمىنى كۆرسەتتى. قۇياش ئىسكەندەردەك زۇلمەتكە كىردى. ئۇ گويا جەمشىدنىڭ تىلسىمىغا يوشۇرۇندى. ئۇلار يەنە ئەيشى-ئىشرەت ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپ، جەمشىد جامىغا قىزىل شارابلارنى تولدۇرۇپ، ئىچىشكە كىرىشتى. گاھىدا ئىسكەندەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، گاھىدا جەمشىدنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەشتى. **نەزمە:**

كەل، ئەي ساقى، تۈزۈپ ئىشرەت مەقامىن،
قويۇپ مەي، تۇت ماڭا جەمشىد جامىن.
ئىسكەندەر كۆزگۈسىنى ئەيلەپ ئىفشا،
قىلاي جەمشىدنىڭ جامىن تەماشا.

※ ※

**سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەبىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ۋاقىتكى، سەھەر سوقراتى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتى. ئۇ ئۆز جامالىنىڭ نۇرى بىلەن ئالەمنى يورۇتۇپ، ئاسمان ۋاراقلىرىدىن ئەسۋابلىرىنى تۈزۈپ، قۇياش چەمبىرىدىن ئۇستۇرلابنى① ياسىغاندا، پەرھاد يەنە ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆزلەپ، ئېتىغا مىنگىنىچە ئىككىلەنمەستىنلا تاغقا قاراپ يول ئالدى. سوقراتنىڭ غارى شۇ يەردە ئىدى. خاقان بىلەن پەرخۇندە دەستۇرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال ئات سالدى. قالغان لەشكەرلەرگە يۈرۈش ناغرىسى

① ئۇستۇرلاب — ئاسترونومىيىدە قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.



چېلىنمىدى. ئۇلار ھېلىقى بۇلاق بېشىدىن يۆتكەلمىدى. ئەمما خاقاننىڭ دەرگاھىدىكى خىزمەتلەر ئۈچۈن خاس كىشىلەردىن ئىككى مىڭچە خادىم تاللاندى. ئۇلار تېز سۈرئەتتە چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ پەرھادقا يېتىشتى. بۇ جامائەت خاقان بىلەن پەرھادقا ھەمراھ بولۇپ ۋادىلارنى كېزىپ ھېلىقى تاغنىڭ باغرىغا يېقىنلاشتى. دانا ھېكىم سوقراتنىڭ خىلۋەتخانىسى شۇ تاغدا ئىدى. بۇ تاغنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى چوڭلۇقى ۋە ئېگىزلىكىنى كۆرگەن كىشىگە زېمىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دۆۋە توپىدەك بىلىنەتتى. ئۇ تاغنىڭ چوققىسى زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزىغا تاقاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشلىرى پەلەك جامىنى سىندۇرغانىدى. دەرەخلىرىنىڭ سايىسى ئالدىدا ئاسمان پەلەمپىيى تۆۋەن، كاتتا سىدىلەرنىڭ شاخلىرىمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى شاخلىرىدىن پەس ئىدى. تاغنىڭ چوققىسى پەلەكنىڭ جىسمىغا ئىگەك سېلىپ، ئاي پىلىنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ شۇ ئىگەكتىن زىننەت بەرگەنىدى. تاغنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنگەن غار پىل چىشىدەك كۆرۈنەتتى. غارغا چىقىدىغان پەلەمپەي جەدى② يۇلتۇزىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسى ئەسەد③ قاپلانى ئىدى. تاغنىڭ ئىچىدە يۈز مىڭلىغان بۇلاقلار بار ئىدى. بۇ بۇلاقلارنىڭ ھەر بىرى گوياكى قۇياشتەك يالتىرايتتى. گىياھلىرى تۈمەنمىڭ دەردلەرگە داۋا، سانسىز كېسەللەرگە شىپا ئىدى. تاغنىڭ ئېگىزلىكى توققۇزىنچى ئاسمانغا يېتەتتى. ئۇنىڭ ھۆلى ئىگىلىگەن دائىرە ئىككى جاھانغا تەڭ كېلەتتى. باغرىدىكى ھېسابسىز ئۆڭكۈرلەرنى بىلىشكە ئەقىل يەتمەيتتى. ئۇ يەردىكى غارلارنىڭ باش-ئاخىرىدىن ھېچكىم خەۋەردار بولالمىغانىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى شۇنچىلىك قاراڭغۇ

② جەدى — قەدىمكى ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ بىرى بولۇپ، كىيىك شەكلىدە پەرەز قىلىنىدۇ.

③ ئەسەد — شىر؛ ئاپتاپ بۇرۇجلىرىدىن بەشىنچى بۇرۇجنىڭ نامى بولۇپ، شىر شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

ئىدىكى، نۇرلۇق قۇياش ئۇ يەرگە كىرسە خىرەلىشىپ قالاتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرلۇق تولۇن ئاي كىرگەن تەقدىردىمۇ، كۆيۈپ كەتكەن پىتىر كۆمەچتەك قاپقارا بولۇپ قالاتتى. غارلار تاغ-ۋادىلارنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ ۋادىدا قان تۆككۈچى يۈزلىگەن دەريالار ئاقاتتى. تاغنىڭ ئىچىدە بولسا، قان ئىچكۈچى مىڭلىغان ئەجدىھالار ياشايتتى.

خاقان تاغ ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆردى. ئۇ مۇنداق ئاپەتلىك جاينى پۈتكۈل ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا پەرىشانلىق ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. ئەمما پەرھاد بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئىستىكى بىلەن تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ، شاھقا ۋە لەشكەرلەرگە مەدەت بەردى.

— تېز بېرىپ جام ۋە جاھاننەمانى ئېلىپ كېلەيلى. ئۇ ئەلنىڭ كۆڭلىدىكى دەردۇ-غەملەرنى يوقىتىدۇ، — دېدى.

ئۇلار ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال بېرىپ جەمشىدنىڭ جامىنى ئېلىپ كەلدى. يولنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىغانىدى، جاھاننىڭ تەسۋىرى ئۇنىڭدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇنىڭ قايسى تەرىپىگە قارىسا، بىر ئىقلىم جىلۋە قىلىپ كۆرۈنەتتى. پەرھاد پۈتۈن جامدىن دۇنيادىكى مەملىكەتلەرنى قىسىملارغا بۆلۈپ، يەتتە ئىقلىمنى بىر-بىرىدىن ئاجراتتى. ئۇ باشقا مەملىكەتلەرنىڭ مەنزىرىلىرىدىن كۆزىنى يۆتكەپ، يۇنان مەملىكىتىنى جامنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزى تۇرغان تاغنى كۆردى. پەرھاد تاغدىكى ھەربىر غارنىڭ ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاخىرى سوقرات ياتقان غارغا تىكىلدى. ئۇ ئۇزاق ئىزدەنگەندىن كېيىن سوقرات غارىنىڭ ئېغىزىنى تاپتى. دۇنيانى كۆرسەتكۈچى بۇ جامنى ئۇ مەشئەلدەك تۇتۇپ، يولغا چۈشتى. پەرھاد جام بىلەن كېچىگە ئوخشاش قاراڭغۇ يولنى يورۇتۇپ، ئىسكەندەر زۇلمەت ئىچىگە كىرگەندەك، غارغا يەنى يۈزمىڭ ئاپەت ئىچىگە كىردى. بۇ خىزىر



ئەلەيھىسسالامدىن بىشارەت بولغان يول ئىدى. پەرھاد بۇنى كۆرۈپ گويا توساتتىن ھاياتلىق سۈيىنى تاپقاندەك بولدى. ئۇنىڭدىن سوقرات يوشۇرۇنغان جاينىڭ نىشانىسى كۆرۈندى. بۇ ھال قاراڭغۇ كېچىنىڭ تۈگىگىنىدەك بۇ يولنىڭمۇ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. خاقان ۋە شاھزادە پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشتى. ئىشنىڭ ئاخىرى شۇنداق ئاجايىپ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاشتىن ياسالغان بىر پەلەمپەي كۆرۈندى. خاقان، شاھزادە ھەم ۋەزىر ئۈچەيلەن پەلەمپەيدىن باش-ئالتە باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەندە، كەڭ ۋە يۈكسەك بىر قەسىرنى كۆردى. خاقان بىلەن شاھزادە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭغىنىدا ھېلىقى قەسىرنىڭ تۆرىدە ئاجايىپ بىر دەرگاھ كۆرۈندى. ئۇلار بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالماقچى بولغانىدى، ئۆينىڭ تۆرىدىن بۇلارنى كىرىشكە ئۈندەپ بىر ئاۋاز كېلىپ قالدى. خاقان، شاھزادە ۋە مۇلكئارا تەشۋىش بىلەن ئىچىگە كىردى. ئۇلار قەسىر ئىچىدە بىر پارچە نۇرنى كۆردى. ئۇ نۇرنىڭ يورۇقلۇقىدىن بۇ قەسىر بەيتۇل-مەئمۇرغا ① ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇلۇڭىدا بولسا، سوقرات ھېكىم گوياكى نۇرلۇق قۇياشتەك ئولتۇراتتى. ئايلانغۇچى پەلەك ئۇنىڭ ئالدىدا شاگىرت ئىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىن پاكىز روھى كۆرۈنۈپ، شەخسىيىتىدىن بولسا، ئۇلۇغۋارلىق، ئەقىل-پاراسەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ زات دۇنيادىن پىشنى تاغقا ئوخشاش سىلكىپ، ئۆز ماكانىدا تاغدەك تەۋرىمەي ياشايتتى. ئۇنىڭ پاكلىقى ياقۇتتەك روشەن، كىيىم-كېچەكلىرى تاشنىڭ ئۈستىدىكى مەرۋايىتتەك پالپىراق ئىدى. ئۇنىڭ كەڭ ئەقىل كۆكىدە جاھان بىر يۇملاق تاشتەك، ئۆزى بولسا، جاھان جىسمىدىكى پاكىز جاندەك ئىدى. ئۇنىڭ شانلىق، ئالىي ۋۇجۇدى بولسا، جاھاندا ئۇلۇغ ئالەمدىن بىر نەمۇنە ۋە

① بەيتۇل-مەئمۇر — دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ تۆتىنچى ئاسماندىكى بىر مەسچىت بولۇپ، كۆرۈنۈشى كەبىگە ئوخشايدىكەن.

نىشانە ئىدى. كۆڭلى چەكسىز دېڭىزدەك كەڭ بولۇپ، دۇنيادا ئەزەلدىن ئەبەدكىچە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ دېڭىز ئىچىگە سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغان يۈزمىڭلاپ ئاسمان گوياكى سەدەپ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى تەڭرىنىڭ نۇرىدىن پارلىغان ئەينەككە ئوخشايتتى. ئۇ تەڭرىنىڭ سىرلىرىنى پۈتۈنلەي بىلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تامغان تەر تامچىلىرى ئالەمنى يۇلتۇزدەك يورۇتاتتى. ئۇ غاردىكى ھەربىر ئۆمۈچۈك تورى ئالدىدا ئاسمان ئۆمۈچۈكىنىڭ تورلىرى بىر ئۇستۇرلابتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ جىسمى قىمىرلىماي بىر يەردە جىم تۇرسىمۇ، تەبىئىتى ئاسماندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئايلىنىش مۇمكىن بولمىغان جايلاردىمۇ يۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ زاتىدىن ياخشىلىق ۋە ياۋاشلىق ئاسمىنى، يۈزىدىن بولسا بىلىملەرنىڭ شەۋكىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خاقان بىلەن شاھزادە ۋە مۇلكئارا بۇ ئالىي زاتنى كۆرۈپ، يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ شەۋكىتى ۋە داغدۇغىسىدىن تەنلىرى بىتاب بولۇپ، كۆڭۈللىرىگە لەرزە چۈشتى. ئۇلار بەدەنلىرى تىترەشكەن ھالدا تىك تۇرۇشتى. ئۇ ئامانلىق خەزىنىچىسى كۆزىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن:

— بالايىئاپەتلەردىن قورقماي، بۇ ھالاكەتلىك يولنى بېسىپ نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تىلى كەلمەي بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشتى. ئۇ زات شاھزادە بىلەن خاقانغا قاراپ:

— سىلەر تالاي رىيازەتلەرنى چەكتىڭلار، تەڭرى شەكسىز مۇكاپىتىنى بېرىدۇ. سىلەرگە يول بويى بىر تالاي خەزىنىلەر نېسىپ بولدى. بىز تەرەپكە كېلىشتە يەنە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى تارتتىڭلار، شۇنداقتىمۇ ھېسابسىز ئۈنچە-مارجان، ياقۇت-مەرۋايىتلار، قىممەتلىك ماللار، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى، جەمشىدنىڭ جامى قاتارلىقلارغا ئېرىشتىڭلار، بىز يەنە سىلەرگە ئىككى گۆھەر



تاپشۇرىمىز، بۇنىڭ بىرى، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، — دېدى ئۇ خاقانغا قاراپ، — سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، يەنە كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىسەن. ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قارىغاندا سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولىدۇ. يەنە بىرى، بىر تامغا بولۇپ ئۇ ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك. ئەگەر دۇنيادا ئۇزۇن يىللار ياشىساڭ، ساڭا بىر كېسەل ياكى ئاجىزلىق يۈزلەنسە ۋە ياكى قېرىلىق يەتسە، شۇ تامغىنى ئاغزىڭغا سېلىپ، سۈيىنى يۇتساڭ، كېسىلىڭ ساغلاملىققا ئالمىشىدۇ، ئاجىزلىق قۇۋۋەتكە ئايلىنىدۇ. قېرىلىق تامامەن يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىگىتلىك مۇقىملىشىدۇ، — دېدى. ئاندىن مۇلكئاراغىمۇ ياخشى بىشارەتلەرنى بېرىپ، — سەنمۇ تالاي جاپالارنى تارتىپ، قىيىنچىلىقلار بىلەن بۇ تەرەپكە كەلدىڭ. شاھ قانچە مۇددەت تەختتە ئولتۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە مۇددەت ۋەزىرلىك قىلغايسەن. قاچانكى ساڭا قېرىلىقتىن قىيىنچىلىق يەتسە، شاھ سېنى ئاشۇ تامغىدىن بەھرىمەن قىلغاي. لېكىن ئالدىڭلاردا بىر خەتەر بار. بۇنىڭدىن ھەممىڭلار ھەزەر قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ خەتەر تۆت ئاناسىرنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى، يەنى شامال بىلەن سۇدىن كېلىدۇ. بۇ خەتەرلەردىن كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتىسىلەر، بىراق ئۇلۇغ تەڭرى سىلەرنى ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشقا نېسىپ قىلغۇسى. ئەقلىي قىياسىم بىلەن ئېيتسام، بۇ خەتەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بەش يۈز يىلغىچە ئۆمۈر كۆرۈسىلەر، — دەپ ئۇلارغا خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. ئاندىن ئۆزرە سوراپ، خاقان بىلەن مۇلكئارانى ئۇزاتتى.

كېيىن شاھزادىنى «يېقىنراق كەلگىن» دەپ، ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، شاھزادىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ كۆپ ئەھۋال سورىدى. پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. بىلىمدار ھېكىم سوقرات ئۇنىڭغا:

— ھەي ۋۇجۇدى قايغۇ-ئەلەم بىلەن يۇغۇرۇلغان، پېشانىسىگە ئەزەل قەلىمى بىلەن ئاشىقلىق يېزىلغان يىگىت، خۇش كېلىپسەن،

ياخشى كېلىپسەن. قەدىمىڭ بىلەن بۇ قاراڭغۇ ئۆيۈمنى روشەن قىلدىڭ. مىڭ يىلدىن بۇيان مۇشۇ تاغلار ئارىسىدا قەدىمىڭگە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەنىدىم. خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن سېنى كۆرۈپ كۆزۈمنى يۈزۈڭ بىلەن يورۇتتۇم. ئەمدى ئۆز سۆزۈمگە كېلەي. ۋاقتىم قىس، ئاخىرەت يولىغا كېتىۋاتىمەن. بۇ پانى جاھان ھەقىقەت ئەھلىنىڭ زىندانىدۇر. ئەگەر ئىسكەندەرنىڭ مەملىكىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، نۇھتەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى يوقالماقتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلار ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، باشقا ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن كېچىدۇ. تەڭرى ئىنسانلارنى ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن ياراتقان، باشقا ھەۋەسلەردىن كېچىپ پەقەت ۋىسال يولىغا كىرگەنلەرلا ھەقىقىي ئاشىق ھېسابلىنىدۇ. ۋىسالدىن ئۆزگە ھەۋەس يولىنى ئۆزگەنلەرلا ھەقىقىي ئىشق ئىگىسىدۇر. ئاشۇنداق ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا ئۈمىد باغلىشى ئەبەدىي دۆلەت ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە سازاۋەر بولغانلىقتۇر. لېكىن بۇ ئىستەككە، يەنى ئالىي دۆلەتكە يېتىش قىيىن. بۇ يولدا كۆپلىگەن غەم ۋە دەرد، ئەلەملەر بار. ئەمما ئۇ ئىككى قەدەملىك يول بولۇپ، ھەر بىر قەدەم يولنىڭ مۇساپىسى مىڭ يىلدۇر. ئەگەر كىشى بۇ يولغا كىرسە ئاخىرىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يولنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆزلۈكنى يوقىتىش؛ ئىككىنچى قەدىمى بولسا ئۇنىڭ ئەسلى زاتىنى تېپىش، دەريانىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە تەڭداشسىز گۆھەرنى قولغا ئالغىلى بولمىغىنىدەك، كىمكى ئۆزلۈكىدىن كەچمىسە، ئۆزىنىڭ ئەسلى زاتىنى تاپالمايدۇ. ئاۋۋال ئۆزىدە مەجازى ئىشق ھاسىل قىلىش ئۆزلۈكتىن كېچىشنىڭ بىرىنچى چارىسىدۇر. بۇ غەم كېچىسىگە گىرىپتار بولغان كىشىگە نىسبەتەن گويا كى تاڭ قاراڭغۇلۇقى ئۆركۈپ كەتكەندىن كېيىن قۇياش پارلاپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ. **نەزمە:**

مەجازى ئىشق بولدى سۇبھى ئەنۋەر،
ھەقىقى ئىشق ئاڭا خۇرشىدى خاۋەر.



مەجازى ئىشق كىشىنى خارلىق ۋە غەمكىنلىككە سېلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئوت-چۆپنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرىدۇ. ھەقىقىي ئىشق چاقماقنىڭ بىر ئۇچقۇنى بىلەن ئۇنى كۈل قىلىدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئىشق-مەجازى ئىشق بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرىدۇ. پۈتۈن ئالەمگە شۆھرىتىڭنى تولدۇرۇپ ئىشقىڭنىڭ ئوتى ئالەمنى روشەنلەشتۈرگىنىدەك، كۆپكۆك ئاسماننىمۇ مۇنەۋۋەر قىلغۇسىدۇر. **نەزمە:**

تولا قىلغاي غەمى ئىشقىڭ جەھاننى،
جەھاننى، يوقكى توققۇز ئاسماننى.

قەيەردە بولمىسۇن ئىشق ئىچىدە تەنھا قالغان كىشى يولۇڭدا كۆز نۇرىنى چاڭغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاھىڭنىڭ ساداسى توققۇز پەلەكنىڭ تاقىغىچە يېتىپ، سېنىڭ ھەققىڭدىكى گەپ-سۆزلەر يەتتە ئىقلىمغا تولىدۇ. ئىشق ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا سەردار ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پادىشاھ بولالايسەن. مەجازى ئىشق بىلەن جېنىڭنى ئۆرتەپ، بارلىقىڭنى يوقلۇق سېلىدا ئېقىتالايسەن. شۇنداق قىلغىنىڭدا ھەقىقىي ئىشقىڭنىڭ شامىلى ساڭا خۇش پۇراق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەسلى مەشۇققا يېتىپ، مەجازى ئىشق ھەقىقىي ئىشققا ئۆزگىرىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ھوشسىزلىق بىناسىغا يېتىپ، ئىشقىڭ ئاخىرى كۆلۈپ، ئەبەدىيلىك مەملىكىتىدىكى ھەقىقەت تەختىگە چىقىپ بەختىيارلىققا ئېرىشىسەن. جاھان خەلقى بەختىيارلىقىڭنى ۋە جاھانگىرلىكىڭنى كۆرۈپ، ئاتاڭدەك يۈز مىڭلىغان خاقانلار ۋە قەيسەرلەرنى ئېسىدىن چىقارغاي. ئاشىقلىق يولىدىكى ياخشى نامىڭ ۋە سۈپەتلىرىڭ جاھاندا ئەبەدىي قالغاي، — دېدى.

ئۇ ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قاراپ، شاھزادىگە بىرقانچە دۇئانى ئۆگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئالدىڭغا قانداق بالايىئاپەت كەلسە، يۇقىرىقى دۇئانى

ئۇقۇپ، تەگرىگە يۈزلەنسەڭ، ھەممە بالالاردىن ۋە توسقۇنلۇقلاردىن قۇتۇلىسەن. يەنە جاھانتەما ئەينىكنىڭ ۋەقەسى بۇ جايغا كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى بولغانىدى. سەن ھېلىقى تۆمۈر ھەيكەلگە ئوق ئۈزدۈڭ. ئوقۇڭ ئۇنىڭ ئەينىكىگە تېگىپ، كۆكسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمىنى ئاچتىڭ. ئاۋۋالقى ئەينەكنى كۆرۈپ، كۆز-يېشىڭنى چاچقانىدىڭ، كېيىن بۇ ئوق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمىنىمۇ ئاچتىڭ. بۇ جايدىن قايتىپ چىن شەھىرىگە يەتكىنىڭدە ئۇ ئەينەكنى قايتىدىن كۆرۈشنى خالايسەن. ئۇنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان خەتنى ئوقۇيسەن ۋە ئەينەكتىن خەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك ئىنتايىن گۈزەل بىر سۈرەت ساڭا ئايان بولىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولىسەن. ئاشىقلىقىڭ شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. كېيىن ئۇ ئەينەككە قانچە قارىساڭمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ. سەن ئۇ سۈرەتكە مەپتۇن بولۇپ قالىسەن. ئىشلىرىڭنىڭ يىپ ئۇچىغا تۈگۈن چۈشىدۇ. تەدبىر ئەھلى بولغان دانالار بۇ تۈگۈننى يېشىشكە ئاجىز كېلىدۇ. ئەزەل قەلىمى پېشانەڭگە يازغان ۋەقەلەر ئالدىڭغا كېلىدۇ. ئەھۋالىڭ قانچە ئېغىرلاشسىمۇ، قەلبىڭنىڭ ئاھى پەلەككە يەتسىمۇ پايدىسىز. تەلەپ قىلغان مەھبۇبەڭ قوشۇن تارتىپ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى شۇنداق مەغلۇپ قىلىدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر دەم خەۋەردار بولالىساڭ مىڭ يىل پادىشاھ بولغىنىڭدىن ئارتۇقراق خۇشال بولىسەن. مەن ئەمدى سەن بىلەن خوشلىشىمەن. تەگرىنىڭ مۇرادىڭغا يەتكۈزۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. گاھىدا ئىشق ساڭا ھۇجۇم قىلغاندا بىر ئاھ بىلەن مېنى سېغىنىپ ئەسلەيسەن.

ۋاقتىكى، ئۇ دانا ھېكىم سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۆزىنى مەڭگۈگە يۇمدى. بۇنى كۆرگەن پەرھاد ئۇنىڭ ھىجرانىدا پەرياد چەكتى. سوقرات ھېكىم بولسا، سۇھەيلا ھېكىم كىرگەن ئاشۇ ئۆزۈن يولغا كىرىپ كەتتى (ۋاپات بولدى). پەرھاد كۆزىدىن ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ماتەملىك كىشىلەردەك داد-پەرياد سېلىپ يىغلىدى.



ئەھۋالنى كۆرگەن خاقان دەرھال مۈلكدارلىرىنى چاقىردى. ئۇلار تاشقىرىدا تۇرۇپ بىلىمدان ھېكىم بايان قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ سەزگەنىدى. شۇڭا دەرھال بىرنەچچە دانا ۋە ئاقىللارنى چاقىرىپ ئۇ بىلىمداننىڭ ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، دەپنە قىلدى. ئۇنىڭ قەبرىستانلىقىغا ۋەخپە بەردى. ئاندىن شۇ تاغنىڭ ئەتراپىنى شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئاۋات قىلدى.

شاھزادە پەرھاد بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، بۇلاق بېشىغا قايتتى. خاقان بىلەن پەرھاد لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. لېكىن خاقان ئۆز ھالىدىن غەم قىلمىغىنىدەك، پەرھادمۇ ئۆز ئەھۋالىدىن خۇشال ئەمەس ئىدى. **نەزمە:**

سىپاھ ئىچرە چۈشۈپ خاقانۇ پەرھاد،
نە بۇ ئۆز ھالىدىن غەمكىن، نە بۇ شاد.

قۇياش سوقراتى يەردىن ئورۇن ئالغاندا، كېچە لوقمانى ئۆزىنىڭ ئادىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ پەلەكنىڭ رەڭگىدىكى قارا كىيىمىنى كىيىپ، كۆز ياش تۆكۈپ، ھازا ئېچىپ، ماتەم تۇتتى. شاھزادە بىلەن خاقان سوقراتتىن ئايرىلغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىشتى. لېكىن چىن مەملىكىتىگە قايتىش ئىشتىياقى ئۇلارنى دەردتىن خالاس قىلدى. ئاندىن كېيىن مۇرادىغا يەتكەن ۋە مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرقانچىدىن ئاچچىق قەدەھلەرنى ئىچىشكە كىرىشىپ، بەزمە تۈزدى. **نەزمە:**

كەل، ئەي ساقىيۇ ھېكمەت ئەيلە ئايىن،
ماڭا تۇتقىل مەيى مەمزۇج رەڭگىن،
قەدەھ سەر چەشمەسىغە سالىبان جۇش،
مېنى قىل جۇشدىن بىر لەھزە خامۇش.

※ ※

**سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بىلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئەلقىسسە، تاڭ سەھەرنىڭ بۇلىقى پارلاپ، پەلەك گۈلشەنلىرىنى مۇنەۋۋەر قىلدى. پەلەك يۈزىنى سۈزۈلۈپ، قۇياش خاقانى قوشۇن تارتتى. خاقان، پەرھاد ۋە پۈتۈن لەشكەرلەر چىن مەملىكىتىگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا چۈشتى. خەزىنىلەرگە ئىشەنچىلىك كىشىلەرنى قويۇپ، ھەر بىر خەزىنىچىگە مىڭدىن ئارتۇق ياردەمچى بەلگىلىگەندىن كېيىن، چىن مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يولدا كۆچۈشتىن باشقا ئىشى يوق ئىدى. كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي يول بېسىپ، ئاخىرى خاقانى چىن خۇددى پەيغەمبەر دىندارلار مەملىكىتىگە يەتكەندەك، چىن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى.

مەملىكەتنى بېزىگۈچى شاھ شەرەپ بۇرچىغا ئاي كېلىپ ئولتۇرغىنىدەك، ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. پەرھادمۇ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھېلىقى ئەيىنەكنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئەسلا تىنجىمىدى. پەرھاد دەرھال ئاچقۇچنى سوراپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى-دە، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئالدىراپ ئەيىنەك تەرەپكە يۈگۈردى. بىللۇر ھەيكەلنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىگە شادلىق يۈزلىنىپ، سۆيۈندى. ئۇ لاتاپەت قۇتىسىنى، ياق لاتاپەت قۇتىسىنى ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەت قۇتىسىنى چۈشۈرۈپ، خەزىنىچىلەردىن ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، يۈز مىڭلىغان بالالارنىڭ تۇزىقىغا ئىلىندى. ئۇ ئاچقۇچ يالقۇن شەكلىدىكى تىلىنى سوزۇپ، زەنجىرلىرى قۇلۇپنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنى ئاچماسلىققا ئىشارەت قىلاتتى. ئاچقۇچ بولسا قۇلۇپ ئىچىدە يۈز قېتىم تولغىنىپ، «بۇ خەتەرلىك ئويۇڭدىن كەچ!»



دېگەندەك قىلاتتى. ئەمما ھېچكىم ئەزەلدىن يېزىلغان تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شاھزادە پەرھاد ساندۇقنى ئېچىپ ئەيىنەكنى چىقاردى. قۇياش كۆزگۈسىگە ئوخشاش بۇ ئەيىنەك جەمشىدنىڭ جامىدەك پۈتۈن جاھاننى كۆرسەتتى. پەرھاد ئەيىنەكنىڭ يۈزىگە نەزەر تاشلىدى ۋە كۆڭلىگە ھەيرانلىق ئۇچقۇنى چۈشتى. ئەيىنەكتە ئاجايىپ چىرايلىق بىر دەشت كۆرۈندى. دەشتنىڭ سەھنىسىدە ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلاردىن باشقا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمىدى. ئۇ يەرنىڭ گىياھلىرى كۆك دات باسقان نەشتەردەك، گۈللىرى ئاشىقلار قېنىدىن رەڭ ئالغان زەنجىردەك، سۈمبۈلنىڭ ھەر بىر بوغۇملىرى چىدام ۋە ئەقىلنى ئوۋلايدىغان بىر تۇزاقتەك ئىدى. كۆك ئاسمان كۆكەرتكەن بىنەپشىلەر ئەقىل بويىنىنى ھالقىغا ئوخشاش تارتقاندەك، نەرگىس گۈللىرى تەقۋا ئەھلىنى مەست ۋە ھوشسىز قىلىش ئۈچۈن شاراب جامىنى ئۇزاتقاندەك، لالىلىرى جان ۋە جاھاننى، بەلكى كۆڭۈل داغلىرىنى كۆيدۈرۈشكە ئوت ياققاندەك، تۇپراقلىرى ئەلنىڭ روزغارىنى قارا قىلىش ئۈچۈن تەبىئەت مۇشكىنى چاچقاندەك، ئۇ يەردىكى سەۋسەن گۈللەر: «بۇ يەرگە كەلگەن ھەر بىر ئەركىن كىشىنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ» دېيىشكە تىل ئاچالمىغاندەك، دەۋر بۇ يەردە ئارمان ۋە پەرمانسىزلىق گۈللىرىنى كۆكەرتكەنىدى. قاتتىق چىققان قۇيۇن تىلىنى سوزۇپ، باشتىن-ئاخىر سەرگەردانلىقلاردىن بەلگە كۆرسەتتى. يەنە بۇ ۋادىنىڭ قىرغاقلىرىدا ئايرىلىش تاغلىرىدەك قاتتىق تاغلار كۆرۈنەتتى. ئۇ تاغلار ئاياغلىرىنى يەرگە مۇستەھكەم تىرەپ، بېشىنى پەلەككىچە كۆتۈرگەنىدى. پەلەك بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلۇق سۈپىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى دۇنيا دېڭىزىغا لەڭگەر قىلىپ تاشلىغانىدى. بۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سانسىز خەلق تاغقا ھۇجۇم قىلىپ، ئېرىق قېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گوياكى ئۆزى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش بىر ياش يىگىتنى كۆردى. يىگىت توپلانغان خەلقنىڭ ئىچىدە مىسلى ئۇرۇش ماھارىتىنى نامايان

قىلىپ، تاغنى كەسمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا تاغ ئىچىدىن كۈچلۈك سەل كەلگىنىگە ئوخشاش ئاتلارغا مىنىشكەن ئاي يۈزلۈك بىر توپ گۈزەللەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۈرلۈك-تۈمەن ياقۇت، مەرۋايىتلارنى تاقاپ بېزەنگەنىدى. ماڭلايلىرى گۈلدەك، كىرپىكلىرى ئۇ گۈللەرنىڭ تىكىنىدەك ئىدى. كېلىۋاتقان بۇ قىزلارغا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل باشلىق ئىدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ ئالدىدا پەلەك ئېتى ئاقساپ قالاتتى. رۇخسارى ئالدىدا قۇياشنىڭ چىرايى خىجالەتتە قالاتتى. **نەزمە**:

بارى چابۇكسەۋارۇ ماھى پەيكەر،
جەۋاھىردىن بېرىپ پەيكەرگە زىيۋەر.
جەبىنلەر گۈل-گۈلۇ كىرپىكلەرى خار،
قاباغلار كەڭ-كەڭۇ ئاغىزلارى تار.
ئۇلارغە شاھى سەرۋەر گۈلئۇزارى،
دېمەكى گۈلئۇزارى، شەھسەۋارى.
سەمەندى سەيرىدىن كۆك تەۋسەنى لەك،
قۇياش رۇخسارى ئالدىدا خىجىل لەك.

ئۇ قۇياش بىلەن شاھمات ئوينىغاندەك، ھەر قېتىمدا توپنى ماڭدۇرۇپ ئاتنى سەكرىتىپ، ئۇنى ھەر سائەتتە يۈز قېتىم مات قىلاتتى. باشتىن-ئاخىر جاھاننى ئۆرتەپ، ئالەمگە ئوت سالاتتى. قىزلار توپىغا ئايدەك، بەلكى ئالەمنى زىننەتلىگۈچى قۇياشتەك نۇر ياغدۇراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە قەلبلەرگە ئوت يېقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ، ئېتىنى شامالدەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە پەرھاد ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ شەكلى ھېلىقى گۈل يۈزلۈكنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ، ئوۋلانغان قۇشتەك ئىڭراپ، يىقىلدى. ئەينەكتىكى ئۆز شەكلىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن پەرھادتا شۇ گۈزەلنى ئېنىق كۆرۈش ھەۋەسى قوزغالدى. ئەينەكنى كۆز ئالدىغا



يېقىنراق كەلتۈرۈپ، ئاشۇ نۇر چاچقۇچى قۇياشنىڭ جامالىغا قارىدى. پەرھاد ئەينەكتىكى ئۆز شەكلىگە ئوخشاش پەرياد چېكىپ، گويا جېنى تېنىدىن ئايرىلغاندەك، يەرگە يىقىلدى. ئۇ تام سۈرىتىدەك تىلسىز، ئەينەكتىكى شەكىلدەك ھوشسىز ياتاتتى. خەزىنە خادىملىرى پەرھادنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى كۆرۈپ خاقانغا دەرھال خەۋەر يەتكۈزدى. خاقان بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خەزىنە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. پەرھادنى ئۆلدى، دەپ ئويلىغان ئانىسمۇ چېچىنى چۇۋۇپ، بەزىدە يۇلۇپ، يىغان چېكىشكە باشلىدى. مۇلكئارا پەرھادقا ئاتا بەگ ئىدى. شۇڭا پەرھادنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك نالىزار قىلدى. مۇلكئارانىڭ بەھرام ئىسىملىك بىر پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇ پەرھاد بىلەن تەڭداش، سىرداش ۋە ئىملداش ئىدى. تەربىيەت بابىدا بولسا، قېرىنداش ئىدى. بەھرام پەرھادنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ياقىسىنىڭ ئورنىغا كۆكسىنى چاك قىلدى. شاھزادە نۇرى ئۆچكەن شامغا ئوخشاش ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەر پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، نالىزار قىلىشاتتى. پەرھاد بىر كېچە-كۈندۈزگىچە ھوشىغا كەلمىدى. يۈگرۈك شامال تاڭنىڭ بېغىنى يەلپۈگەندە ئەتراپقا تارقالغان خۇش پۇراق پەرھادنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچتى، كۆز يېشىنى سەلدەك تۆكۈپ يىغلاۋاتقان ئەتراپىكى جامائەتنى كۆردى. مۇلكئارا يىغلاپ تۇرغان بەھرامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا ئاتلىق مېھرى بىلەن تەسەللى بەردى. پەرھاد ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ماتەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خىجالەتتىن گوياكى ھالاك بولغۇدەك ھالەتكە يەتتى. ئاتا-ئانىسى پەرھادنىڭ قايتا ھوشىدىن كېتىپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن پەرھاد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى قويۇپ ئۆزرە ئېيتتى. ئۇ ئەدەب بىلەن:

— سىلەرنى ماتەمگە سېلىپ قويغۇدەك ئەھۋالغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىش مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، مېنىڭ

ئىختىيارىمغا باغلىق بولمىدى، مەن رەسۋا بولدۇم، تۈگەشتىم، بۇ سەۋەبتىن سىلەرگە ئۆزرىلىكمەن. مەندىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى بولۇڭلار، ماڭا قارىتا كۆڭلۈڭلەردە غۇبار قالمىسۇن، — دېدى ۋە كۆپ مالاللىق يەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. گەرچە كۆزى ۋە تىلى ئۇلاردا بولسىمۇ، جېنى ۋە دىلى ئەينەك تەرەپتە ئىدى.

ئاتا-ئانىسى پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، سارايغا قايتىشتى. پەرھاد شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلىمىنى يېنىكلىتىپ سارايغا قايتۇرۇۋەتكىنىدىن كېيىن، جان-دىلى بىلەن ھېلىقى ئەينەككە يەنە قارىدى. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەر ئاللىقاچان يوقىلىپ، ئەينەك يۈزى قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى. بۇ ئەينەكنى ھېكىم ئەسلىدە شۇنداق ياسىغان ئىكەنكى، ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولغان كىشىگە كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈپ بولغاندىن كېيىن تىلسىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتەتتى. پەرھاد ئەينەكنى قايتا كۆرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ قايغۇ ۋە مۇشەققەتتە قالغانلىقىنى بىلدى-دە، مۇنداق ئوي-پىكىر كۆڭلىدىن كەچتى: بېشىمغا ھەممىدىن ئېغىر بىر ئىش چۈشتى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قايغۇسى مېنى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇردى. **نەزمە:**

ئەگەر قىلسام ئۆزۈمنى پارە-پارە،<br>
چۇ مەتلۇب ئولماغاي ھاسىل، نە چارە.

بۇ زەئىپ جېنىم كۆيۈپ، جۇنۇنۇم ئۆرلەپ، ئەركىم كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئەقىل قائىدىسى بويىچە ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىلانە تەكەللۇپلارنى كۆرسەتسەم شاھنىڭ كۆڭلى خۇشال بولىدۇ. يارايدىغان ئىش مۇشۇ. ئەگەر ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ تاقەتسىزلىك تۈپەيلىدىن بېشىمنى بىرەر جايغا ئېلىپ كەتسەم مەملىكەتنىڭ زىننىتى بولغان



پادىشاھ بۇنىڭغا ئەسلا سەۋرى-تاقەت قىلالمايدۇ، دەرھال يۈز مىڭ لەشكەرنى تەيىنلەپ مېنى ئىزدەيدۇ. چىن مەملىكىتىنىڭ تەرەپ-تەرىپىگە چېپىپ يۈرۈپ، ھايال قىلمايلا مېنى تېپىۋالىدۇ. ئەگەر مەن بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلسام، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ، پولات قىلىچنى ئىشقا سالاي دېسەم، ئەلگە ۋە ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغان بولىمەن، بىر قانچىلىغان كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ، گۇناھسىزلارنى ئۆلتۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ ناھەق ئىشتىن قولۇم ناكار بولۇپ، ئاخىر چارىسىز ھالدا قولغا چۈشىمەن، چىن خەلقى ماڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟ مەن نېمىشقا ئۇلارنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلۇپ قالىمەن؟ پادىشاھ ماڭا زۇلۇم قىلمىسا بۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن ئاخىر ھەقىقىي پادىشاھقا (تەڭرىگە) جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدىغۇ. ئەگەر شاھنىڭ كۆزىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالسا خىجالەتچىلىكتىن يەرگە باقماي ئىلاج يوق. خەلقنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارىيالايمەن. بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مۇبادا شاھ بۇ غەلىتە ئەھۋالىمنى ئاڭلاپ، خەلققە مېنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپشۇرسا، ئىشىم تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، تەدبىرلىرىمدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ساراڭ» دەپ پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىش قىيىن. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، جۇنۇنۇم يوقالغاندىن كېيىن، ھەرقانچە قىلسامۇ ھېچكىم ماڭا ئىشەنمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى بىلىپ، ئۆز-ئۆزۈمنى مۇھاپىزەت قىلىشىم كېرەك.

پەرھاد يۇقىرىقى ئىشلارنى باشتىن-ئاخىر ئەقىل مىزانى بىلەن ھېسابقا ئالدى، ئەمما ئۆزىنى تېخىمۇ قىيىن ئىشقا مۇپتىلا قىلدى. ئۇ بىلمىدىكى، ئىشق زۇلۇم سېلىشقا باشلىغاندا، يۈزلىگەن ئاقىلنىڭ رەسمى-قائىدىلىرىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. **نەزمە:**

شەراب كەلتۈركى، ساقى، ئاشىقانە،<br>
كى بولدۇم مەن ئەقىل بىرلە فەسانە.

مېنى ئىشقى فەنا بەزمىدە خاس ئەت،
ئەقىل رەنجۇ-بەلاسىدىن خەلاس ئەت.

※ ※

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سۆيگۈ يولىنىڭ مەخپىيە تىلكىلىرىنى بىلىشكە ماھىر بولغان كىشى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇنداق ئېچىپ بېرىدۇ:

ئەلقىسسە، پەرھاد ئىشق سىرلىرىنى يوشۇراتتى، لېكىن كۆزىدىن ئاقلانلىق نىشانىسىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر بىر ئۆيدە ئوت يانسا، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈنگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئوت بولماي پەقەت تۈتۈنلا چىقسا، ئۇ ئۆينىڭ تاملىرىنى بۇزۇش كېرەك. پەلەك كېچىسى قۇياشنى يوشۇرىدۇ، بىراق، يۇلتۇزلاردىن تۆكۈلگەن ياش قۇياشنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. نافە ① ئۆزىنىڭ ئىپارىنى يوشۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇرىقى ئالەمگە تارقاپ كېتىدۇ. لالىنىڭ غۇنچىسى ئېچىلىدىغان چاغدا ئۆز كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن داغنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالىسۇن؟ بىراق، ئۇنىڭ ئېچىلغان چېغى مەلۇم بولغاندەك، ئەسلىدىكى دېغىمۇ ئاشكارا بولىدۇ. پەرھاد گوياكى يالقۇنجىغان ئوتنىڭ ئۈستىنى ئوت-خەس بىلەن كۆمۈپ قويغاندەك، ئۆزىنىڭ ئىشق قايغۇسىنى يوشۇرغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاھى بىلەن كۆز يېشى يوشۇرۇن دەردىدىن ئەلنى خەۋەردار قىلىۋەتتى. ئەقىل پەردىسىنىڭ ئىشق ئوتىنى تىنجىتىش ۋە يوشۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. زەررىچىلەرنىڭ قۇياش نۇرلىرىنى توسۇشقا ماجالى يەتمەيدۇ. كۆپۈكنىڭ دەريانى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇۋېلىشى مۇمكىن

---

① نافە — كىندىك.



ئەمەس. نەزمە:

قۇياشنى زەررە ياشۇرماق بولۇرمۇ؟
ھۇباب ئىچرە تېڭىز تۇرماق بولۇرمۇ؟

شام ئۆزىنىڭ شولىسىنى پانۇس بىلەن ياپسىمۇ، لېكىن ئۇ شولا جەمئىيەت ئەھلىگە پەردە سىرتىدىن نامايان بولۇۋېرىدۇ. قانلىق ياشنى ھەرگىزمۇ كۆز ئىچىدە مەخپىي تۇتقىلى بولمايدۇ. خرۇستال شىشە سۈزۈك مەينى ئەسلا يوشۇرالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش پەرھادنىڭ ئۆز دەردى-غېمىنى خەلقتىن يوشۇرغىنى ئىشق يالقۇنىنىڭ يۈرىكىگە شىددەت بىلەن ئورۇلغانىدۇر.

بىرقانچە كۈنلەردىن بۇيان پەرھادقا ئىشق ئازابى شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، ئۇ ماغدۇرىدىن كەتتى، كېسەل تارتتى، زارۇ-ھەيران بولدى. كۆزەتكۈچىلەرگە ئۇنىڭ ئەھۋالى گوياكى ئوتقا سېلىنغان گرانىت تاشنىڭ مۇمدەك ئېرىۋاتقىنىغا ئوخشاش مەلۇم بولاتتى. مەرۋايىت ياشلىرى كۆزىدىن قانغا بويالغان مۆلدۈردەك تۆكۈلەتتى. پەرھاد ئېغىز ئاچسىلا چىقىدىغان ئاھىنىڭ قارا تۈتۈنى خۇددى لالىنىڭ قارا دېغى كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك تىك ئۆسكەن قەددى-قامىتى مادارسىزلىقتىن تالدەك پۈكۈلدى، ئاشۇ تالدىكى ئۈزۈمنىڭ تەبىئىتىدىكى شارابلىق خۇسۇسىيەت ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئارقا قان يۇتتۇراتتى. تېنى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يىغان چېكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى قانچە بېكىتسىمۇ، لېكىن نالە چېكىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى جىسمانىي قۇۋۋىتى، ساغلام كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، يوشۇرۇن چەككەن ھەسرەتلىك يىغانلىرى داۋاملىق ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دىمىقىغا سەۋدايىلىقنىڭ پۇرىقى كېلىپ، جىسمىمۇ ھەر خىل كېسەللەرگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە جۇنۇنلۇق ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ،

سەۋدايىلارچە سۆزلەشكە باشلىدى. سەۋرى-تاقەتتىن كۆڭلىدە ئەسەرمۇ قالماي، ئەرك-ئىختىيارى قولدىن كەتكەنىدى. **نەزمە:**

كۆڭۈلدە قالمادى سەبرۇ قەرارى،
ئىلكىدىن باردى بارى ئىختىيارى.

ئەلقىسسە، شاھ بىلەن مۇلكىئارا پەرھادنىڭ بۇقىرىقى ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەرد-ھەسرەت ئىچىدە كۈنسېرى باغرى ئېزىلىشكە باشلىدى. قانچە نەسىھەتلەر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. قانچە پىكىرلىشىپمۇ ئۇنىڭغا تەدبىر تاپالمىدى. قارىغاندا، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئەندىشە قىلىش بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇراتتى. شۇڭا شاھ پۈتۈن دانىشمەنلەرنى، تېۋىپلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. پەرھادنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى، بۇ مەسلىھەتلەرگە بەزىلىرى قوشۇلدى. بەزىلىرى بولسا رەت قىلدى. ئاخىرى ھېكمەت ئەھلىلىرى خاقانغا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى مەلۇم قىلىپ:

— پەرھادنىڭ مېڭىسىگە سەۋدايىلىق نۇقسان يەتكۈزۈپتۇ. كۆچلۈك ھارارەت تەبىئىتىنى ئىگىلەپتۇ. ئۇنىڭ مىجەزى يەنە مەي تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مەي بىلەن ھارارەتنىڭ تېگى-تەكتى بىر، بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ يالقۇنىنى كۈچەيتىپ قويۇپتۇ، — دېدى.

ئۇلار يەنە تۆۋەندىكىچە كېڭەش قىلدى:

پەرھادنىڭ ئىككى-ئۈچ يېشىدىن ئون ئىككى يېشىغىچە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا بېشىنى تەپەككۇر ياقىسىغا تىقىپ ئۆتكەنلىكى، ئىككى-ئۈچ يىل مۇبازىرلىق (ھەربىي ئىلىم)نى ئۆگىنىش يولىدا كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغانلىقى، يەنە پايانسىز خەتەرلىك يوللاردا خاقان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەرگە يار بولغانلىقى قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمىگەن. بۇ ئىشلار ئۇنىڭدىكى ھارارەتنىڭ



غالىب كېلىشىگە سەۋەب بولغان. يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، چەكسىز ئوي-پىكىرلەر ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىنى چۇلغاپ ئالدى. بۇ پىكىرلەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن بىردەم خالى بولمىدى. يەنە ئۇنىڭ بېشىغا تىلسىم ئېچىش خىيالى چۈشتى. بۇ خىيالنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆز كۆڭلىنىڭ چىمەنلىكىگە چېچىپ، شۇ سەۋدا يولىدا كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەكتى، بىردە ئەجدىھا ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرسە، بىردە ئەھرىمەن دىۋە ئۇنى تۇتۇن ئارىسىدا قالدۇردى. پەرھادنىڭ نازۇك تەبىئىتى شۇنچە ھارارەتلەرگە ئۇچرىدى. شۇ ئوتلارنىڭ يالقۇنىدىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭغا بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈزلىنىشى مېڭىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مىجەزىدە قۇرۇق ئىسسىقلىق پەيدا بولغان. ئۇنى ئىلاج قىلىپ داۋالاپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. لېكىن بۈگۈن جەۋزا ① پەسلىنىڭ ئاخىرى، شۇڭا قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن لالىلەرگە داغ چۈشتى، ئەتراپتىن كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق شامال كېلىۋاتىدۇ. خەلق بۇ ھارارەتلىك شامال ئىچىدە سەمەندەردەك يۈرمەكتە. قۇياشنىڭ ئىسسىقىدىن كۆكتىكى يۇلتۇزلار سىمابتەك ئېرىپ چۈشۈشكە يېقىنلاشتى. چۆللەردىكى قۇيۇننىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن ئايلىنىشى، يىلانلارنىڭ تولغىنىپ تۇرۇشى ئىسسىقتىندۇر. بۇلاقلارنىڭ قايناپ چىقىشى — ھاۋانىڭ تاغ ئۈستىگە ئوت تۆككەنلىكىدىندۇر. غەربتە كۆرۈنگەن كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقى بۇ كۆمتۈرۈلگەن پەلەكنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك قىزىپ كەتكەن كۈرەكنىڭ نىشانىسى بولۇپ، قۇياش ئۇنىڭ ئوت چاچقۇچى ئېغىزىدۇر. قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭ كۆمۈرى بولۇپ، تاڭ شامىلى ئۇنىڭ دېمىدۇر. سامان يولىدىكى يۇلتۇزلار ئۇ كۈرەكنىڭ ئۇچقۇنىدۇر. تەرەپ-تەرەپكە ئېقىۋاتقان سۇلار يەرنىڭ ئىسسىقتىن تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرىدۇ. سايىلار

① جەۋزا — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە كۆرسىتىلگەن 12 بۇرۇجنىڭ بىرى.

ئارىغا بىرەر نەرسىنى پەردە قىلىپ، قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاۋانىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ ھېسابسىز ئىسسىقلىق پەرھادنىڭ ئوتلۇق تەبىئىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھارارىتىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋېتىشىدىن قورقۇش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، ھېكمەلەر «پەرھادنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە ھارارىتى ئېشىپ كېتىپتۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ داۋاسى سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشتۇر» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. شۇڭا پەرھادنى «ھاۋاسى ياخشى، كېلىماتى ھۆل ۋە سوغۇق يەردە داۋالايمىز» دەپ بىر جاينى تاللىدى. بۇ يەر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارال بولۇپ، ئۇ بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى. ئەقىل ئۇنى تەرپلىيەلمەي خىرەلىشىپ قالاتتى. ئۇ ئارالدا بىر تاغ بولۇپ، تاغدا يەتتە-سەككىز بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى. بۇ بۇلاقلار دەريا ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا پەلەك دەرياسى ھۆكەر يۇلتۇزىدەك كۆرۈنەتتى. ئارال ئەتراپىدىكى سۇلاردىن نەملىك، تاغ ئۈستىدىكى سوغۇقتىن كىشىگە قىيىنچىلىق يۈزلىنەتتى. تاغنىڭ ئۈستى كۆز پەسلىدەك سوغۇق، بۇلاقلىرى مۇز تۇتۇپ تۇراتتى. ھېكمەلەر: «ئەگەر مەسلىھەت بويىچە شاھزادە شۇ تەرەپكە بارسا، كۆڭلى ئېچىلىپ، مىڭىسى ياخشىلىنىپ، مۇبارەك جىسمى ساغلاملىشىپ قالىشى ئەجەب ئەمەس. ھاۋانىڭ تەسىرىدىن قورقمىساق، ئۇنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلىش ئاسان بولىدۇ» دېيىشتى.

خاقان تېۋىپلاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىنى مۇۋاپىق كۆردى. دەرھال مۇلكئاراغا:

— تېۋىپلارنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنى چۈشەندىڭ. دەرياغا قىلىدىغان بىرقانچە كۈنلۈك سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىن، — دەپ ئەمرى قىلدى.

دانىشمەن ۋەزىر بۇ ئالىي پەرماننى ئاڭلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى ۋە شاھزادىگە خاقاننىڭ پەرمانىنى مەلۇم قىلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ قايغۇلۇق قەلبى شادلىققا تولدى. ئۇ مۇلكئاراغا:



— شاھقا مېنىڭ سالىمىمنى ئېيت، شاھ نېمىنى خالىسا، مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئارزۇيۇممۇ دەل شۇ بولىدۇ. «شاھنىڭ ئوغلىمەن» دېيىشكە ھەددىم يوق، بەلكى ھەممە قۇللارنىڭ ئارىسىدىكى كەمتەر قۇلدۇرمەن. شاھ قەيەرگە بېرىشقا تەييارلانسا، مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىشقا تەييار. مېنىڭ بېشىم شاھنىڭ ئايىغىدادۇر. **نەزمە:**

قايان ئەزم ئەتكەلى بولسا ياراغى،
مېنىڭ باشىمدۇرۇر شەھنىڭ ئاياغى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر مۇلكئارا پەرھادنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى خاقانغا مەلۇم قىلدى. خاقان يىغلاپ تۇرۇپ پەرھادقا دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەمدى كېمىلەرنى تەييارلاپ، لازىملىق ئەسۋابلارنى كېمىگە بېسىڭلار، مەنمۇ دەريا تەرىپىگە بىللە چىقىشنى قارار قىلدىم، — دېدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە ئادەتتىن تاشقىرى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە قايغۇلۇق كۆڭلىگە تەسەللى تاپتى. پەرھاد شۇ شەكىلدىكى ھىيلە بىلەن خاقاننى ئەنسىرەتمەي، مۇشۇ ئىشنىڭ باھانىسىدە ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى كۆزلىدى. بۇ ئىش ئۆز مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى چەكسىز شادلىققا تولدى. قەلبى دەريادەك دولقۇنلىنىپ، لېۋى تەبەسسۇم بىلەن ئېچىلدى. لېكىن يەنىلا خامۇش ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەريا دولقۇنىدەك خىياللارغا غەرق بولغانىدى. خىياللار زەنجىرى ئۇنىڭ قەلبىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، مۇھەننى بادەئى ئال،
بۇ دەريا ئىچرە ساغەر زەۋرەقىن سال.
يۈرۈر غەم بەھرىدە جىسمى ھەقىرىم،
ھەمۇل زەۋرەق بىلە بول دەستىگىرىم.

※ ※

**سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق ئىشىق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلشىر بۇ ئاجايىپ يېقىلىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

غەۋۋاس ئاتاقلىق مەنىلەر مەرۋايىتىنى مۇنداق سۈزۈپ چىقتى:

ئەلقىسسە، خاقان بىلەن شاھزادە دەريا سەپىرىنىڭ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى دەريا ساھىلىغا تارتتى.

ئۇلار ئاخىرى مەقسەت مەنزىلىگە يېتىپ باردى. كۆزلىرى دەريا مەنزىرىسىدىن بەھرە ئالدى. دەريا ئۈستىدە گوياكى ياغاچتىن ياسالغان بىر شەھەر پەيدا بولغاندەك كۆرۈندى. بۇ خاقانىڭ پەرمانى بويىچە مۈلكدارلار تەييارلىغان، سەپەر ئەسلىھەلىرى تولۇق بېسىلغان سۇ ئۈستىدىكى ھېسابسىز كېمىلەر ئىدى. دەريادىكى بۇ كېمىلەر يىراقتىن گوياكى ھەيۋەتلىك بىر شەھەردەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، تولۇق جاھازلانغان ئىككى يۈز كېمە دەرياغا چۈشكەنىدى. بۇ كېمىلەرنىڭ كەڭلىكىگە پەلەك ئۆيىنىڭ چوڭلۇقىمۇ تەڭلىشەلمەيتتى. كېمە تۈۋرۈكلىرى پەلەككە يېتىپ، ئىككى نىرق تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىدا ئاي سەرگەردان بولۇپ قالغانىدى. بۇ تۈۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى پەلەككە سانچىلغانىدى. تۈۋى يەر قەھرىدىكى ھۆكۈز ۋە بېلىقنى يانجىغانىدى. تۈۋرۈكنىڭ يەلكەنلىرى ئاسمان ئەتلىسىدىن بەلگە بېرىپ، يەلكەنلەرگە تارتىلغان ھەر بىر تاناپ ئالتۇن چاچقۇچى قۇياشنىڭ پارلاق شولىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە نىل رەڭلىك ئاسماندەك بىر ئۆي بولۇپ. بۇ ئۆينى پەلەك ياغاچچىلىرى ھىيلە-ھۈنەرلەر بىلەن ئاجايىپ زىننەتلەپ، تېگىگە كاھىش ياتقۇزۇپ، پالاسلارنى سالغانىدى. كېمە ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبىزى كۆمتۈرۈلگەن ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تۈۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى دەريانىڭ قەرىگە، يەنە بىر



ئۇچى ئاسمان گۈمبىزىگە يېتەتتى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچى بىر ئۆينى كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە مۇستەھكەم ياسالغانىدى. يەلكەنلىرىدىن چىققان ئاۋاز كۆككە يېتەتتى. لەڭگەرلىرىمۇ كۆك ئۈستىدە ئارام ئالاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق گۈمبىزىگە ئوت، بوران، سۇ تەسىر قىلالمايتتى. بۇ ئۆينىڭ پەلەك گۈمبىزىگە يەتكەن ئېگىز بىر تۈۋرۈكى بولۇپ، يۇقىرىدا يۇلتۇز، تۆۋەندە ئارقان — بۇ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن كۆكنى تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يۇقىرىدا تۈۋرۈك، تۆۋەندە ئارقان بىرلىشىپ، پەلەكتە بىر دائىرىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇلاردىن باشقا كۆكتە سەيلە قىلغۇچى بۇ كېمىلەرنىڭ راۋانلىقى شامالدەك، يۈرۈشى سۇدىن تېز بولۇپ، كۆك دېڭىزىدا بىر يېڭى ئايدەك كۆرۈنەتتى. يەنە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بىرمىڭ بەشيۈز قولۋاق بولۇپ، سۇدا مىڭ يىلغىچە ئۈزەلەيتتى. تېزلىكى كۈچلۈك شامالدەك، ئايلىنىشى قاينامدەك ئىدى. بۇ قولۋاقلارنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلاردىكى يۈرۈشى ۋە ئايلىنىشى قۇرۇقلۇقتا قارا تورۇق چاپقاندەك تېز ۋە سەيلە-تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئەپلىك ئىدى.

خاقان بىلەن شاھزادە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كېمە ئۈستىگە كەيانىلارنىڭ تەختىگە ئوخشاش بىر تەخت قويۇلدى. ئۇلار ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بۇ تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. چىن خەلقىنىڭ ياغاچتىن ياسىغان سۇ ئۈستىدىكى بۇ شەھەرلىرى گوياكى يەنە بىر چىن مەملىكىتىدەك كۆرۈنەتتى. كېمىلەرنىڭ تېزلىك سۈرئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەسلىھەلەر تەلەپتىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىدى. يەنە ھەر بىر كېمىدە سەپەر ئەسۋابلىرى بىلەن بىللە قارۇن خەزىنىسىدىنمۇ كۆپ خەزىنىلەر بار ئىدى. كېمىلەردە يەر ئۈستىدە قىلىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق ئىش قالمىغاندەك دەرىجىدە تەييارلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەيۋەت بىلەن يولغا راۋان بولدى. كېمىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن كىشىلەردە گويا چىن شەھىرىگە زىلزىلە چۈشكەندەك ھېس-تۇيغۇ پەيدا بولدى. نەچچە مىڭلىغان كېمىچى

ھۇنەرۋەنلەر چۈشكەن قولۋاقلار كېمە ئەتراپىدا بېلىقتا ئوخشاش ئۈزەتتى. قولۋاقلار ئۇلارنىڭ ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭ تېزلىكى سۇدىن تۇتۇن چىقىراتتى. پۈتۈن كېمىلەر مەقسەت تەرىپىگە قاراپ ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى. خاقانى چىن بىلەن بىللە پۈتۈن لەشكەرلەر ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ جەمئىي ئون مىڭ كىشى يولغا چۈشتى. ئۇلار سۇ ئۈستىدە گويا بىر ئالەمدەك ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ سۇدىكى شولىسى يەر يۈزىدەك، يەر ئەمەس، بەلكى كۆككە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. دەريا يۈزى گويا ئىپاردەك قارا نىقاب بىلەن نىقابلانغانىدى. پەلەكمۇ يۈزىگە بولۇتتىن بۇنداق نىقاب تۇتالمايتتى.

ئۇلار شۇ سۈرئەتتە ئارال تەرىپىگە يۈزلەندى. ئىككى كېچە-كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن، شامال چىقىپ، دەريادا دولقۇن پەيدا بولدى. شاھ بىلەن شاھزادە دەريا دولقۇنلىرىنى تاماشا قىلدى. دولقۇنلار ئىچىدە يۈزلىگەن قىزىق ھالەتلەر كۆرۈنەتتى. بۇ ھالەتلەر يوقالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭلىغان ئاجايىپ-غارايىپلار پەيدا بولاتتى. ئەتراپقا نەزەر تاشلىغاندا كۆپكۆك سۇ كۆك ئاسمانغا ئوخشايتتى. سۇنىڭ قىرغىقى ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپتا يۈزمىڭ خىل بېلىقلار چىرايلىق ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ئەقىل بۇ بېلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئاجىز ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بېلىقلار شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچاتتى. سۇدىكى چوڭ بېلىقلار گويا يۈز مىڭ تاغلار ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى نەقىشلەر دەريالارنىڭ دولقۇنلىرىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ بېلىقلارنىڭ ھەرىكىتىدىن دەريادا گويا سۇدىن رەڭلىك ئاسمانغا زىلزىلە چۈشكەندەك تىنچسىزلىق پەيدا بولاتتى. كىچىك بېلىقلارنىڭ توپىلاڭلىرىدىن دەريا چايقىلاتتى. كىچىك بېلىقلار بىلەن چوڭ بېلىقلار بىللە كۆرۈنگەندە، بۇ گويا كىشىلەرگە ئوت-چۆپلەر سەرۋى دەرەخلەر ئارىسىدا تۇرغاندەك سېزىلەتتى. تاشپاقىلارنىڭ جىسمى سۇ ئۈستىدە گۈمبەز ياسىغان بولۇپ، بۇلارنى قورغۇچى قۇدرەت



ئىگىسى بولغان بىناكار بۇنداق بىنانى سۇدىن خاراب قىلغۇسى كەلمەيتتى. خۇددى ئاسمان گۈمبىزىنىڭ يېرىلمىغىنىدەك شۇنچە ھەرىكەتلەردىن ئۇنىڭ شىپلىرى يېرىلمايتتى. ھەببەشلەرنىڭ يولۋاسنى ئۆۋلىغىنىدەك لەھەڭلەر بېلىقلارنى ئوۋلاپ يۈرەتتى. بېلىقلارنىڭ جىسمى قورام تاشتىن بەلگە بېرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسى ئۆتكۈر بىر پەردىگە ئوخشايتتى، ياق، پەردە ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر كۆچىتىنى كەسكۈچى ھەرىدەك ئىدى. ئۇ، غەم قوشۇنىنىڭ خەنجىرى ۋە بالايىئاپەت قەلئەسىنىڭ كۈنگۈرىسى ئىدى. سۇنىڭ دولقۇنى كۆمۈشتىن توقۇلغان ساۋۇتقا ئوخشايتتى. بېلىقلار بولسا ئۇنى ئامبۇردەك ئاغزى بىلەن يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. لەھەڭلەرنىڭ ئەتراپىدىكى دولقۇنلار ئەجدىھا ئەتراپىغا چۈمۈلە ئولاشقاندەك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئەتراپتا سۇ ئارسلانلىرى كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىرەر تەرەپكە ئۈزگەن ۋاقتىدا ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. سۇدىكى ئىككى تاشپاقا جىسمىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كېتىشى تاغنىڭ-تاغقا ئۇرۇلغىنىدەك مەلۇم بولاتتى. بۇ كەڭ دەريا ئىچىدىكى جانىۋارلار قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلاردىنمۇ كۆپ ئىدى. دەريادىكى دولقۇنلار تىنچىمايتتى. گويا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياراتقۇچىنىڭ قولى تۇزاق يايغانىدى.

ئەلقىسسە، خاقان بىلەن شاھزادە ئەتراپتىكى سانسىز ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئاسمان بالاسى باشلاندى. ئىنتايىن خەتەرلىك بوران چىقىشقا باشلىدى. جەنۇب تەرەپتىن قاتتىق بوران كېلىپ، دەريا ئۈستىگە قۇيۇن ھۇجۇم قىلدى. دەريادا كېتىۋاتقانلارغا قورقۇنچ چۈشتى. قېرى كېمىچىلەر «بىز مۇنداق بالايىقازانى كۆرۈپ باققان ئەمەس. بۇنداق بالا ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرەتتى. بۇنىڭدا ياخشىلىقتىن دېرەك يوق» دەپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى. دەرھال يېڭى ئاي قولۋىقىدىنمۇ تېزرەك ئۈزەلەيدىغان بىر قولۋاقنى كەلتۈرۈشتى. بوران كۈچىيىشتىن ئىلگىرى شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ بۇ قولۋاققا چۈشۈۋېلىشىنى سورىدى.

پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا قولۋاققا چۈشۈشكە دولقۇن كۆچىيىپ كېلىپ چوڭ كېمىگە شۇنداق ئۇرۇلدىكى، چوڭ كېمە بىلەن قولۋاقنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلىدى. شاھ چوڭ كېمىدە داد-پەرياد چېكىپ قالدى. بوران شاھزادە چۈشكەن قولۋاقنى ھەيدەپ كەتتى. شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ ئارىلىقى يىراقلىشىپ، كۆرۈشكە مۇمكىنچىلىك بولمايدىغان، قارىسى كۆرۈنمەيدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇلارغا شۇنداق جۇدالىق چۈشتىكى، گويا جاھاننى توپان باستى. دەريا چايقىلىپ سۇ پەلەككە ئۆرلىدى. يۈز تۈمەن دولقۇنلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن تۈرۈلۈپ كېلەتتى. دولقۇن ئەۋجى ئارقا-ئارقىدىن كۆككە يېتىپ ھەر بىر تاغدەك دولقۇن يەردىن كۆككە چىقىپ، يەنە كۆكتىن يەرگە چۈشەتتى. يۈز تۈمەنلىگ دولقۇنلار ئاسمان يۈزىگە تەستەك ئۇراتتى. كۆككە تېگىشۋەرگەن شۇنداق تەستەكلەردىن ئاسمان كۆكىرىپ قالاتتى. قۇيۇن كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ تاشلىغان ھەر بىر كېمە دەريا ئۈستىدە خەشەكتەك چېچىلىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. كېمىلەر بىر-بىرىگە قېتىلالماي، كېمىدىكىلەر بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشمەي قېلىشتى. كېمىلەر ئاسمانغا چىققاندا ئۇنىڭ ئوق تۈۋرۈكى ئاسماندىن تۆشۈك ئېچىۋېتەتتى. بۇ تۆشۈكلەردىن ئاسمان يۇلتۇزلىرى بەلگە بېرىپ تۇراتتى. سۇ كۆك بىلەن شۇنداق توقۇنۇشقاندىن كېيىن، پەلەك گۈمبەزلىرىنىڭ شىپى ئاجراپ چۈشتى. بېلىق ۋە سۇ ئارسلانلىرى دەريا دولقۇنى بىلەن پەلەككە چىقىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە دەريا قەرىگە قايتىپ چۈشەتتى. سۇنىڭ ئىچىدە قالغان دۇنيانى قىزىتقۇچى قۇياش خىرۇستال ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك كۆرۈنەتتى. كۆك مۈلكىدە ئۆزىگە ئورۇن تاپالمىغان پەرىشتىلەر سۇ ئۈستىگە قۇشتەك قوناتتى. بۇ بالا-قازا ھەر بىر كېمىنى يەردىن كۆككە، كۆكتىن يەرگە ئىتتىرىۋېرىپ، ئۇلارنى پاچاقلاپ تەرەپ-تەرەپكە ئېقىتىپ كەتتى. بۇ بالا-قازا ئىچىدە پاچاقلانماي قالغان بەزى كېمىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ كېمىدىكىلەر باشقا كېمىلەر ۋە ئۇنىڭدىكى



ئەھۋالنى بىلمەيتتى.

جاھانغا تۈننىڭ نىقابى يېپىلغۇچە دەريادا ئەنە شۇنداق توپىلاڭ بولۇپ تۇردى. تۈن كېمىچىسى قۇياشنى ئۆزىنىڭ قارا جۇۋىسى ئىچىگە يوشۇردى. دەريانىڭ سۈلەيسۇن جۇۋىسىغا دولقۇن چۈشتى. سۇ ئۈستىدىكى بوران توختىدى ۋە يەر ئۈستىدە كۆك دېڭىزى ئورۇنلاشتى. دەريادىكى كېمىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەلق ۋە ئەشيالارنىڭ تولىسى بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پارچىلىنىپ كەتكەن، يىر قىسمى كۆك ئۈستىدە، بەزىسى سۇنىڭ قەرىدە قالغان، خەلقنىڭ كۆپچىلىكىگە كېسەل تېگىپ، سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىرى بېلىقلارغا يەم بولغانىدى. بۇ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى پەلەك كېمىلەرنى پاچاقلاپ، بەدەن قولۋاقلىرىنىمۇ ئاۋارە قىلىپ، بىر يۈز ئون كېمىدىن بىرىنىمۇ قالدۇرمىدى. بەزىلەر بىرەر تاختا پارچىسىدا قالغان بولسا، بەزىلەرنى دولقۇن دەريا قىرغاقلىرىغا تاشلىدى.

خاقان بىلەن مۈلكىئارا ۋە باشقىلار بىر چوڭ كېمە ئىچىدە ئىدى. بۇ زالىم پەلەك ئۇلارغا قانچە ئاداۋەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ كېمىدە سالامەت قالغانىدى. كېمىدىكىلەردىن بەزىلىرى ئۆلۈكتەك جىمجىت، بەزىلىرى ھوشسىز ئىدى. چوڭ كېمە بىر قىرغاققا كېلىپ توختىدى. ئۇلار تاسادىپىي چىقىپ قالغان بۇ قىرغاق چىن مۈلكىگە تەۋە ئىدى (ئۇلاردىن باشقا بوراندىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەر بىرى بىرەر ئىقلىمغا چىقىشتى).

خاقان كېمىسى چىن مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىغا يەتتى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر يىراق-يېقىن جايلارغا تارقالدى. مەملىكەت خەلقى ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ پادىشاھ بىلەن مۈلكىئارا ۋە باشقىلارنى كېمىدىن چىقىرىشتى. ئۇلار كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن، ھوشىدىن كەتكەنلەرنىڭ دىمىقىغا خۇش بۇي دورىلارنى پۈركۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈشتى. شاھ شۇ چاغدىلا ئۆز ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى. خالايىقمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. خاقان پەرھادنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ يەنە پەرياد ئۇرۇپ

مۇسىبەتكە چۈشتى. بەزىدە، پەرھادنىڭ بىرەر جايدىن چىقىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، سوقراتنىڭ بىشارەتلىرىنىمۇ ئەسلەيتتى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال ئەمەس ئىدى. خاقان بىلەن مۇلكئارا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر دۆلىتىنى غەنىيمەت بىلمىسمۇ، يەنىلا چىن تەختىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. **نەزمە:**

كېتۇر ساقى، قەدەھكىم ناتەۋانمەن،
مەلالەت بەھرىدە ئازۇردە جانمەن.
قەدەھ كىشتىسىغە جانىمنى خاس ئەت،
مېنى بۇ غۇسسە بەھرىدىن خالاس ئەت.

※ ※

*سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلشىر بۇ ئاجايىپ ۋە تەسىرلىك قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:*

بۇ دېڭىزنى ساياھەت قىلغان كىشى دېڭىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

دولقۇن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن دەريا چايقالغان چاغدا پەرھاد چۈشكەن قۇلۇۋاق ئاسمان دەرياسىنىڭ زۇلمىدىن پايانسىز كەڭ دەرياغا غەرق بولۇپ كەتتى. بىراق پەرھادقا بىر پارچە تاختا قالغانىدى. پەرھاد تاختىغا مەھكەم يېپىشتى، لېكىن ئۆزىنىڭ جېنى ۋە جىسمى بىلەن ۋىدالىشىپ قويدى. ئۇنىڭ مادارسىز جىسمى شۇ تاختا پارچىسىغا ئوخشاپ قالغان، زەئىپ جېنى بولسا تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. چەكسىز دەريادىن بۇ ماجىرانى كۆرۈپ، ھەر نەپەستە يۈز قېتىم ئۆز جېنىدىن قول ئۈزەتتى. ئاسمان ئاخشام كېمىسىنى پاچاقلاپ، پەلەك دەرياسىغا يۇلتۇز مەرۋايىتلىرى پاتقاندىن كېيىن، دولقۇنلار دەريا يۈزىدىن توزاقلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى.



توپىلاڭ قوشلىرى ئارام ئېلىشقا چۈشتى. پەرھاد ئورۇنلاشقان تاختا پارچىسىنىڭ يولى يەمەن مەملىكىتىدىكى بىر تائىپىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالدى. تەن كىشىنىڭ جېنىغا تاختا بولغاندەك، بۇ تاختا پارچىسمۇ پەرھادقا پاناھلىنىش ئورنى بولغانىدى. جىسمىدا جاندىن ئازغىنە ئەسەرمۇ يوق، تېنىدە روھ دېگەن سۆزنى يازغۇدەك ھەرپتىن بىرسىمۇ يوق ئىدى.

شۇ چاغدا تېز سۈرئەت بىلەن يەمەنگە قاراپ ماڭغان بىر كېمە يېتىپ كەلدى. كېمىدە گۆھەر، مەرۋايىت سودىسى ئۈچۈن يولغا چىققان ۋە دېڭىزنى دەسمايە قىلغان سودىگەرلەر بار ئىدى.

سودىگەرلەر يىراقتىن ئۈستىدە بىر كىشى تۇرغان تاختا پارچىسىنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. كېمىچىلەر بۇ تاختا پارچىسىنى ئۆز كېمىسىنىڭ يېنىغا تارتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھادىسىلەر بورىنىنىڭ زەربىسىدىن زەئىپلەشكەن بىر ياش يىگىت ياتاتتى. ئۇ ھوشىنى يوقاتقان مەستلەردەك، بەلكى ئۆلۈكتەك جانسىز ئىدى. كېمىچىلەر خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى، تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ئۇلار ناھايىتى خۇشاللىنىپ، ئۇنى دەرھال كېمە ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا خۇش بۇي دورىلارنى پۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىدىن ھاياتلىقى مەلۇم بولدى. ئاغزىغا شەربەتلەرنى تېمىتىپ، تاماق يېگۈزدى. ئۇ قۇۋۋەتلىنىپ، ئولتۇرغۇدەك ھالغا كەلدى ۋە كېمىدىكىلەردىن ئۆز ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلارمۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. پەرھاد ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— بىز خوتەن شەھرىدىن يەمەنگە قاراپ يولغا چىققان بىر سودىگەرلەر گۇرۇھى ئىدۇق. دەريا دولقۇنى كېمىمىزنى بار-يوق نەرسىلىرىمىز بىلەن دەرياغا غەرق قىلىۋەتتى. ماڭا ھاياتلىق چارىسى سۈپىتىدە بۇ تاختا پارچىسى نېسىپ بولدى. مەن شۇ تاختا پارچىسىنى قۇچاقلىغىنىمچە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بېشىمغا

دەردۇ-غەمدىن ئۆزگە نەرسە كەلمىدى. بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ۋە باشقىلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم، ھاياتىم ئاخىرلىشىشقا يۈزلىنىپ، قۇتۇلۇشتىن مۇتلەق ئۈمىدسىز قالمىغانىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۆلۈمدىن جېنىم ئامان قالدى. سىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلىرىڭلاردىن ماڭا نىجادلىق يۈزلەندى. ئۆز ئەھۋالىمنى قىياس قىلىپ كۆرسەم، سىلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئادا قىلىش ناھايىتى قىيىندۇر. تەقدىرنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى. ھايات قېلىشىمغا سەۋەب بولغىنىڭىزلار ئۈچۈن سىلەرگە مىڭ يىل ئۆزرە ئىبىتسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. ماڭا كەلگەن بۇ غېرىبلىق، ئاجىزلىق، كېسەللىكلەر ھېچ كىمنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن. تىرىك ئىكەنمەن، سىلەرگە بەندىمەن. ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردا تاكى ئۆلگۈچە شەرمەندىمەن، — دەپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى.

كېمە ئەھلى پەرھادتىكى بۇ كەمتەرلىكنى، سۆزىدىكى گۈزەللىكنى ۋە باشتىن-ئايىغىچە شاھانە بەلگىلەرنى كۆردى. ئۇنىڭ تىلىدىن گۆھەر تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىنابىلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدى. پەرھادقا ماغدۇر كىرگۈچە يېمەك-ئىچمەككە سېخىلىق بىلەن شەپقەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشتى.

شۇ چاغدا دەريادا بىرقانچە قولۋاق پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن كېمىدىكى سودىگەرلەرنىڭ بېشىغا ماتەم چۈشتى. ماتەم بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىسىدىن رازىلىق ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەرھادنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئەمما بۇ سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ جېنىدىن، مال-دۇنياسىدىن ئەنسىرىمەي، بەلكى پەرھادنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيتتى. ھەيرانلىقتا قالغان پەرھاد ئۇلاردىن:

— نېمىشقا بۇنداق غەم-قايغۇغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار يىغلاپ:



— سەن نېمىنى سوراۋاتىسەن؟ دەريادىكى ئاۋۇ قولۋاقلارنى كۆردۈڭمۇ، قولۋاقتىكىلەر ئارالغا ماكانلاشقان قاراقچىلاردۇر. ئۇلار دائىم بۇ چەكسىز دەريادا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا يالغۇز ياكى ئىككى-ئۈچ كېمە يولۇقۇپ قالسا، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ، نېفىت تولدۇرۇلغان شىشىلەر بىلەن كېمىلەرگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرىدۇ. كېمىدىكى خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل-ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەريادىكى تىجارىتى شۇ. بۇ يول ئەسلىدە تېنچ يول ئەمەس ئىدى. دەريا دولقۇنى كېمىمىزنى مۇشۇ تەرەپكە سېلىپ قويغان. بۇ قاراقچىلاردىن بىزگە ئەمدى ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بۇ گۇرۇھتىن خالاس بولۇشقا ئۈمىدىمىزمۇ يوق، — دېدى.

شاھزادە بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە:

— سىلەر ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار، تەڭرى سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ئامان ساقلايدۇ. سىلەرگە ئۇلاردىن مۇتلەق ئاپەت يەتمەيدۇ. كېمەڭلەردە چوڭراق يا بىلەن بىرنەچچە تال ئوق تېپىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

پۈتۈن كېمىدىكىلەر ھەيران قېلىپ، چۇقۇرىشىپ كەتتى ۋە دەرھال بىر يانى تېپىپ كەلتۈرۈشتى. بۇ يانىڭ چوڭلۇقىغا تەڭ كېلەلەيدىغان يامۇ تېپىلمايتتى. ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان بىر قانچە تال ئوقمۇ بار ئىدى.

پەرھاد يانى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىنى ياساپ، ئوقلارنى تۈزلەپ، قاراقچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە تەييارلاندى. پەرھاد ئوق بىلەن يانى تۈزەشتۈرگۈچە، قاراقچىلار تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كەلدى ۋە كېمىنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن نېفىت شىشىلىرىگە ئوت يېقىشقا باشلىدى. پەرھاد بۇنى كۆرۈپ، نېفىت شىشىگە ئوت يېقىۋاتقان قاراقچىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق ئوت يېقىلغان شىشىنى سۇندۇرۇپ نېفىت ئىدىشىگە چۈشتى-دە، ئىدىشقا ئوت كەتتى. قولۋاق قاراقچىلار بىلەن پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگەشتى. ئىككىنچى قولۋاقتىكى نېفىت شىشىسىنى

تۇتقان قاراقچىغا قارىتىپ ئاتقانىدى، ئۇ قولۋاققىمۇ ئوت كەتتى. ئىككى قولۋاقنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باشقا قولۋاقلاردىكى قاراقچىلار قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار قېچىپ ئۈلگۈرگىچە پەرھاد ئون-ئونبەش قولۋاقنىڭ ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇردى. قاراقچىلاردىن بەزىلىرى ئۆلۈپ، بەزىلىرى كۆيۈپ، بەزىلىرى قېچىپ سەرسان بولدى.

پەرھادنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن كېمىدىكى سودىگەرلەر ھەيران قالدى. ئۇلاردىن بىرى خۇشال بولسا، ئۇنى ھالىدىن كېتەتتى. سودىگەرلەر پەرھادنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ئۇنىڭغا جېنىنى بېغىشلاپ، ماللىرىنى ئالدىغا تۆكەتتى. لېكىن پەرھادنىڭ زەئىپلىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قايغۇ يېپى بارغانسېرى ئۇزىراشقا باشلىدى. كېمە ئەھلى پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. بىراق پەرھاد كۈندىن-كۈنگە غەم-قايغۇغا چۆكەتتى.

كېمە بىرقانچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن يەمەن ساھىلى كۆرۈندى. بۇلار كېمىنى يەمەن تەرەپكە ھەيدەپ ساق-سالامەت قىرغاققا چىقتى. ھەممەيلەن بالا-قازادىن قۇتۇلدى. كېمە ئەھلى شەھەرگە كىرىپ بىر ياخشى مەنزىلنى تاپتى. دەرھال يۈكلەرنى يېشىپ مەپىلەرگە بېسىپ، شۇ مەنزىلگە چۈشتى-دە، ئارامۇ ئالماي پەرھادنىڭ ئالدىدا ياخشى بىر بەزمە تۈزدى. ھېقىققا ئوخشاش شۇنداق سۈرلۈك مەيلەرنى كەلتۈردىكى، يەمەندىمۇ مۇنداق سۈزۈك ھېقىق تېپىلمايتتى: مەينىڭ تەسىرىدە پەرھادنىڭ بېشى قىزىپ، كۆزىدىن قانلىق يېشىنى تۆكۈشكە باشلىدى. **نەزمە:**

چۇ مەي پىرلە قىزىشتى باشى ئانىڭ،
سۇراھىدەك ئاقىپ قان ياشى ئانىڭ.
كېلىپ يادىغە ھەردەم تەختۇ جاھى،
بىھىشتى قەسرئىلە خەيلۇ سىپاھى.
ئاتاسى قالماغى دەريا ئارا زار،
ئاناسى كۆڭلىدە يۈز ئانچە ئازار.



پەرھادنىڭ ئۆز تەختى، شانۇ-شەۋكىتى، جەننەتكە ئوخشاش قەسىرلىرى ۋە لەشكەرلىرى ھەمىشە يادىغا كېلەتتى، ئاتىسىنىڭ دەريادا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى، ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە يەتكەن يۈزلىگەن ئازارلارنى ئەسلەيتتى. ئۆزىنىڭمۇ تۈمەنمىڭ قايغۇ ئىچىدە بىچارە ۋە ئاۋارە بولۇپ قالغىنىنى ئويلايتتى. بەزىدە يالغۇزلۇق قەلبىنى زەخمىلەندۈرسە، بەزىدە كېسەللىك جېنىغا نەيزە سانجىيتتى. ئىستىكىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ جېنىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ بۇ قايغۇسى ئارقىلىق ئەتراپىدىكىلەرنى ماتەمگە سالاتتى. سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، بىرى يىغلىسا، بىرى ھەيران بولاتتى. بىراق، ھېچكىممۇ پەرھادنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەيتتى. پەرھادمۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەيتتى.

بۇ بەزمىدە سەممىي، مەرد، ئەقىللىق بىر مۇساپىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھۈنەر بابىدا زاماننىڭ ئۇستازى، ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز نەققاشى ئىدى. ئۇ نەقىش سىزىشقا قەلەم تارتقان چاغدا تەقدىر قەلىمىگە ئورۇنباسار بولاتتى. ئۇ قايسىبىر سۈرەتنى سىزىشقا باشلىسا جاھان خەلقى شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ، سۈرەتپەرەس بولۇپ قالاتتى. مەملىكەتمۇ مەملىكەت كېزىپ چىققان، غەرب چېگرىسىدىن تاكى شەرقىچە ساياھەت قىلغانىدى. خىتاي مەملىكىتىگىمۇ قەدىمى يەتكەن بولۇپ، نەققاش مانى ئۇنىڭ نەقىشلىرىگە قايىل بولغان ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت ئالغانىدى. مانى ئۇنىڭدىن گۇۋاھنامە بېرىشنى سورىغاندا ئۇ مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدى. پۈتۈن رەسساملار ئۇنىڭ سىزغان سۈرەتلىرىنى دەستۇر قىلاتتى. جاھان خەلقى ئۇنى شاپۇر دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ساياھەت جەريانىدا پەلەكنىڭ تەقدىرى شاپۇرنى بۇ سودىگەرلەر گۇرۇھىغا ھەمراھ قىلغانىدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ ئىشلىرىغا تولىمۇ ھەيران ئىدى. چۈنكى ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى.

ئۇ پەرھادنىڭ ھەر بىر ئىشىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسىمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. پەرھادنىڭ دەريادىكى جەڭگىۋارلىقىنى، بەزمىدىكى بىچارىلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ چەككەن پەرياد-پىغانىغا قاراپ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. شاپۇر كۆپ تەھلىل قىلىپ، پەرھادنىڭ قەلبىنى ئىشق تىغى زەخمىلەندۈرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، داۋالىماقچى بولدى. لېكىن پەرھاد ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. پەرھادنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشق ئوتىدىن سۆز باشلىدى ۋە ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدا ئېيتقان ھېكايىسىنىڭ پەرھادقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دانىشمەنلىكتە تەڭدىشى بولمىغان شاپۇر پەرھادنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن كۆيلىگەن ئوتلۇق ئەپسانىلەرنى سۆزلەيتتى. پەرھاد ئۇنى ئاڭلىغىنىدا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. شاپۇر شۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن پەرھادنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

پەرھادمۇ ئەقىللىق شاپۇر بىلەن دوستلىشىۋالدى. ئۇنى كۆرمەي بىردەممۇ چىدالمايتتى ۋە شاپۇرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى مۇھەببەت داستانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندەيتتى. شاپۇر سۆزلىسە، پەرھاد زار-زار يىغلايتتى. ئۇ سۆزلىمىسە، ئازابلىناتتى.

شاپۇر شۇنداق قىلىپ پەرھاد بىلەن دوست، سەپەرداش ۋە سىرداش بولۇپ قالدى. ئۇ پەرھادتىن ئاستا-ئاستا ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى بىلىشكە باشلىدى.

پەرھاد ئاخىرى ئۆز سىرلىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. شاپۇر ئۇنىڭ سىرلىرىدىن نېمىنى سورىسا، پەرھادمۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ، بىلىشنى خالىغان ئەھۋاللاردىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇراتتى. شاپۇر سوئال يۈزىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ:

— ئالدى بىلەن ئەسلى نەسلىڭنى، قايسى گۆھەردىن ئىكەنلىكىڭنى، قايسى مەملىكەتتىن ئىكەنلىكىڭنى... پۈتۈن ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن، — دېدى.



پەرھاد:

— مېنىڭ قايسى مەملىكەتتىن ئىكەنلىكىمنى ۋە ئەسلىم بىلەن گۆھىرىمنى سورىما. ئۇ ھەقتە سۆزلەشتىن ماڭا ياخشىلىق بولمىغىنىدەك، ئۇنى ئاڭلاشتىن ساڭىمۇ پايدا يوق. لېكىن، ئەھۋالىمدىن نىشانە سوراپ قالدىڭ، مەن ساڭا قىسقىچە نىشانە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ ئۆز ئەھۋالىدىن تۆۋەندىكى نەمۇنىلەرنى كۆرسەتتى، — مەن يۈرىكى ئېزىلگەن بىر جاپاكەشمەن. ئىلگىرى مەنمۇ باشقىلاردەك شاد-خۇرام ياشايتتىم ھەم باشقا ئىشلاردىن كۆرە ئىبادەتنى ياخشى كۆرۈپ، تەقۋادارلىق ۋە زاھىدلىققا تىرىشاتتىم. بىر كېچىسى ماڭا تۇيۇقسىز بىر بالا يۈزلەندى. يايىغا ئوخشاش پەلەكنىڭ تەسىرلىك بىر تال ئوقى كېلىپ يۈرىكىمگە تەگدى، گۈزەل بىر مەلىكەت چۈشۈمگە كىردى. ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك مەلىكەتنى كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن، — دەپ پەرھاد شاپۇرغا كۆرگەن چۈشىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. پەرھاد ئۇ دىلنى تارتقۇچى ئاي يۈزلۈك گۈزەلنى تەرىپلەشكە باشلىغىنىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاھ تارتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شاپۇر پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بېشىدىن-ئاخىرغىچە بىلىپ چىقىپ، جان-دىلى بىلەن ئۇنىڭغا چارە ئىزدىمەكچى بولدى ۋە پەرھادنىڭ بېشىنى كۆكسىگە بېسىپ، تىرىشىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. باشقا سودىگەرلەر پەرھادقا ھە دەپ، مەي كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىچىۋېرىپ ھوشىنى يوقاتقانىدى. شۇڭا بۇ ئىككى سىرداشنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. شاپۇر ئۇلارنىڭ ھوشىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، پەرھادنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلماقچى بولدى. شاپۇر:

— ئەي خازان پەسلىدىن كۆلپەت چەككەن مۇھەببەت بوستانىنىڭ ئازاد سەرۋىسى، مەن ساڭا ھەمدەم بولۇپ قالدىم. بارلىق سىرلىرىڭغا مەھرەم بولۇپ قالدىم. تەڭرىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ماڭا مەقسەد-مۇددىئايىڭنى بايان قىلغىن. سەن ئىزدىمەكچى بولغان خەزىنە قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىنى مەندىن تاپالايسەن. قايغۇرما، سەن ماڭا باشتىن-ئاخىر تەرىپلەپ بەرگەن جاينىڭ نىشانىسىنى

مەن بلمەن. دىلنى تارتقۇچى ئۇنڭدەك يەنە بر ئۆلكە بۇ جاھاندىن تېپىلمايدۇ. مەن ئۇ جاينى كۆرۈپ، شۇ يەردە بولغانمەن. ئۇ زېمن پاكىز گۈللەرگە تولۇپ ياتىدۇ. ھاۋاسى جانغا راھەت بېغىشلايدۇ. بۇ جەننەت بېغىدەك كۆرۈنگۈچى زېمننىڭ نامى «ئەرمەن» دۇر. **نەزمە**:

ھەۋاسى جانفەزا گۈل ئاندا خىرمەن،
نەزاكەتتە ئىرەندەك ئاتى — ئەرمەن.

ئەگەر ئەرمەنيگە بارماقچى بولساڭ مەن يول باشلغۇچىلك، بەلكى چاكىرلىك بولۇشنى خالايمەن، — دېدى.

پەرھاد بۇ يېقىملىق سۆزلىگۈچىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بەختىگە ۋە ئۇ قىلغان سۆزلەرگە ئىشىنەلمەي قالدى.

شاپۇرمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۇنىڭ ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— ئەگەر بۇ سۆزۈمگە سەن ئىشەنمىسەڭ، سەن ئىزدىگەن جاينى كۆرگەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن، — دېدى-دە، قەلىمىنى چىقىرىپ بىر ۋاراق قەغەزگە پەرھاد ئېيتقان جاينىڭ رەسمىنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى شۇنداق بىر رەسمنى سىزدىكى، پەرھادنىڭ ئېيتقىنىدىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيتتى.

پەرھاد سۈرەتنى كۆرۈپ، شاپۇر ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. مەشۇقىنىڭ مەملىكىتىدىن نىشانە تېپىلغىنىدىن كېيىن، پەرھاد مۇھەببەت شارابىدىن مەست بولۇپ، ئاھ تارتقىنىچە يىقىلدى. **نەزمە**:

كېتۈر ساقى، ماڭا ئىشرەت ئاياغىن،
كى دەۋران بەردى مەقسۇدۇم سوراغىن.
مېنى چۈن قىلدى مەھۋى ئەرمەنى زار،
چېكەي بىر نەچچە ساغەر ئەرمەنىۋار.

※ ※



سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىنى تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سائادەتلىنىڭ يول باشلىغۇچى بۇ ۋادىغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ مەقسەت-نىشانىسىنى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئەلقىسسە، پەرھاد ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ، شاپۇر ئېيتقان سۆزلەرنى ۋە ئۇ سىزغان ئەرمەن دۆلىتىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىگە ئالدى. تېخى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى كەتمىگەنىدى. ھاۋانىڭ كۆزى سۈرمە رەڭدە ئىدى. پەرھاد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ شاپۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئايىغىنى سۆيۈشكە باشلىدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ تاۋۇشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. پەرھادقا قارىغانىدى، تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقى ئۇنىڭدىن نۇر تاپقانلىقىنى كۆردى.

— ئەي دەردمەن ئىشق ئەھلىنىڭ شاھى، سېنىڭ ئىزىڭ مۇھەببەت گۆھىرىنىڭ قىبلىگاھىدۇر. بۇ يەرگە كېلىشىڭدە بەلكى تۈنۈگۈن ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەردىن باشقا مەقسەت بولمىسا كېرەك؟ — دېدى شاپۇر تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئەسلىتىپ.

پەرھات شاپۇرنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويدى ۋە شاپۇرغا:

— دىلكەش خەۋەرلىرىڭ جانىنىڭ تىلىكى، جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىدۇر. بۇ سەۋدا بىلەن كۆڭلۈم بەھرىلەندى، ئۇ سۆزلىرىڭدىن مۇڭلۇق كۆڭلۈم تىلەككە يەتكەندەك بولدى. ئەمدى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئورۇندىشىڭ كېرەك، — دېدى.

شاپۇر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— يۈزۈڭ زامانىمىزنىڭ چىرىغىدۇر. ئەگەر يولدا ھەمراھ بولالىساڭ، يولۇم جەننەتكە ئايلىنىدۇ. سەندە ھەقىقەتەن شۇنداق مەقسەت بولسا، «بىسمىللاھ» دەپ يولغا چۈشەيلى، — دېدى.

شاپۇر يولغا چۈشمەكچى بولدى. پەرھاد ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، بىللە يولغا راۋان بولدى. پەرھاد ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ، يوللارنى كېزىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ ئاراممۇ ئالمىدى. شاپۇر پەرھادقا ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ماڭدى. بەزىدە ھەمراھلىقنىڭ خاسىيەتلىرىدىن سۆزلەشسە، بەزىدە مەقسەت بىرلىكىدىن سۆزلىشەتتى. بەزىدە پەرھاد شاپۇر سىزغان سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ باشتىن-ئاخىرغىچە كۆرۈپ چىقاتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ سۈرەتكە تۆمەنىڭ ئاپىرىنلارنى ئوقۇيتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «شاپۇرنىڭ سىزغان بۇ سۈرىتىدىن چىن سۈرەتلىرى رەشك قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

شۇ يوسۇندا بىر قانچە مۇددەت يول باسقاندىن كېيىن ئەرمەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. شاپۇر پەرھادقا:

ئەي بەختلىك دوستۇم، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن مەملىكەت مانا شۇ. ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كۆر. ئۆزۈڭ تەلەپ قىلغان جاي بەلكىم يولۇقۇپ قالار، — دېدى.

پەرھاد شاپۇرنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ چىدام بىلەن قەدەم تاشلىدى. ئىككى-ئۈچ كۈن دىققەت بىلەن يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق يۈزلەندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چۈشىدە ئەقلىنى شەيدا قىلغان ھېلىقى دەشت كۆرۈندى. بۇ جاي ئاشۇ مايسىزار، سەۋسەنزار ۋە گۈل-چېچەكلەر ھەم ئاشۇ گۈللەر ئەتراپىدىكى بۇلبۇللارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى تەقۋادارلارنىڭ روشەن كۆزىنى خىرە قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ شامىلى ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەتتى. بۇ جاينىڭ گۈل-گىياھلىرى ۋە تىكەنلىرى پەرھادقا قەدىناس دوستلىرىدەك كۆرۈندى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى پارە-پارە قىلىشقا، ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئۇنى ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بالا ۋادىسىغا قەدەم تاشلاپ، مالامەت چوققىسىغا ئاھ بايرىقىنى تارتىپ، شاپۇرغا دېدىكى:

— ئەي جانجان دوستۇم! دوستلۇق قائىدىسى ساڭا مۇناسىپ ئىكەن. ئاشۇ چۈشۈمدە كۆرگەن ۋادا ۋە كۆككە يەتكەن تاغلارنى



بۇ يەردە ئەينەن كۆرۈۋاتىمەن. ئەمدى ماڭا تېخىمۇ كۆپرەك ھەمدەم بولغايسەن ۋە ھالىمدىن داۋاملىق خەۋەردار بولغايسەن. بۇ ئازابلانغان جېنىمنى تاش قېزىۋاتقان ۋە شۇ تۆپىلىي غەۋغا كۆتۈرۈۋاتقان توپنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزگىن.

شاپۇر شۇ تەرەپكە قەدەم قويدى. ئىككى دوست ئېرىق قېزىش يولىدا جاپا چېكىۋاتقانلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

بىر توپ كىشىلەر تاغ ئارىسىدا جاپا-مۇشەققەت، قايغۇ-كۈلپەت ئىچىدە تاش قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىدى. ئۇلار تاش كېسىشتە شۇنچىلىك ئاجىز ئىدىكى، بۇنداق ئاجىزلىقنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. قولىدا مېتىن تۇتقان ئىككى يۈز تاش كەسكۈچى مېتىنلىرىنى تىنماي تاشقا ئۇراتتى، ئەمما، يۈز قېتىم مېتىن ئۇرۇپمۇ نۇقۇتچىلىك ياكى كۆكنار ئۇرۇقچىلىك تاشنى كېسەلمەيتتى. ئىككى يۈز تاش كەسكۈچى ئۇستا ئۈچ يىلدىن بېرى تىنماي مېتىن ئۇرۇش بىلەن بەند بولۇپ، ئاران ئىككى يۈز گەز ناشنى كەسكەنىدى. كېسىلگەنلىرىنىڭمۇ بەزىسى تېخى چالا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قاشلىرى بۇ غەم-غۇسسىدىن ئۈچ كۈنلۈك ئايدەك ئېگىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قان يىغلاپ، بىر دەم ئارام ئالماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەرھاد كۆپ قايغۇردى. ئۇ زۇلۇم چېكىۋاتقان توپنىڭ ئارىسىغا كىردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

— ۋاي، ماڭا ئوخشاش بالاغا قالغانلار، پەلەكنىڭ جاپاسىدىن ماڭا ئوخشاش تەشۋىشكە چۈشكەنلەر! بۇ جاپا-مۇشەققەتكە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىڭلارنىڭ سىرىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى بايان قىلىڭلار، تارتىۋاتقان رىيازەتلىرىڭلارنى كۆرۈپ، ئىچىمگە پۈتۈنلەي ئوت تۇتاشتى، — دېدى.

بۇ يەردىكى جامائەت پەرھادنىڭ گۈزەل يۈزىنى كۆرۈپ، جان بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بېشى ئايلاندى. غەمدە قالغان بۇ جامائەت پەرھادقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئېيتتى:

— سەن پەرىشتىمۇ ياكى ئادەممۇ؟ سېنىڭ نەسلىڭ

پەرىشتىلەردەك پاك ئىكەن، پەرىشتە سۈپەتلىك بىر ئالىي گۆھەر ئىكەنسەن. بىز پەرىشتىنى كۆرگەن ئەمەسمىز. لېكىن سەندەك ئىنسانىمۇ ئەسلا ئۇچرىتىپ باقمىغان. تەڭرى ساڭا يار بولسۇن. ۋۇجۇدۇڭ قايغۇ-ئەلەمدىن ئازاد بولسۇن. سەن سورىغان مەسىلىنىڭ جاۋابى شۇكى، بۇ مەملىكەتنىڭ جاھان رەشك قىلغۇدەك بىر ھۆكۈمرانى بار. ئۇنىڭ نەسەبى ئەپرىدۇن پادىشاھقا بېرىپ يېتىدۇ. زاتى جەمشىدىدىنمۇ ئارتۇقراق. بېشىغا تاج سايە سالمىسىمۇ، لېكىن تاجدارلاردىن باج ئالىدۇ. **نەزمە**:

ئەگەرچە سايە سالماس باشىغە تاج،
ۋە لېكىن تاجۋەرلەردىن ئالۇر باج.

نازۇكلۇقىدىن ئۇنىڭ بېلىدە كەمەر تۇرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلايدۇ. سەن سۈپەتلىرىنى ئاڭلاۋاتقان بۇ كىشىنى جاھان خەلقى «مېھىنبانۇ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەملىكەت ئىچىدە ئوتتۇز-قىرىق قورغان بار، بۇ قورغانلار ناھايىتى مۇستەھكەم ياسالغان بولۇپ، تاملىرى كۆككىچە ئاشىدۇ. ئىلكىدە جاپا-مۇشەققەتسىز يىغقان قارۇننىڭ خەزىنىسىدىنمۇ ئارتۇقراق خەزىنىلىرى بار. بۇ خەزىنىلەر ئىمكانىيەتتىن ئارتۇقراق، خەلقنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ كۆپ. ئۇ جاھاندا خاتىرجەم، راھەت-پاراغەتتە ياشايدۇ. يېنىدا سىڭلىسىنىڭ گۈلىيۈزلۈك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ، سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ ئېيى، ئىپپەت سارىيىنىڭ شاھىدۇر. ئۇنى تەرىپلەپمۇ ئەھدىسىدىن چىقالمايمىز. ئىسمىنى ئاتاشتىن قورقىمىز. بىر قانچە گۈلىيۈزلۈك، سەرۋى قامەتلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرگەن ئەمەس. **نەزمە**:

ھەرىمى سەلتەنەتتە شاھ ئول ئېرمىش،
سىپېھرى ئىسمەت ئۆزرە ماھ ئول ئېرمىش.



ئانى ھەم ۋەسف ئېتەرگە بەھرەئى يوق،
ئاتىن داغى تۇتارغە زەھرەئى يوق.
يۈزىن كۆرمەيدۇر ئانىڭ ئادەمىزاد،
مەگەر بىر نەچچە گۈلرۇخ، سەرۋى ئازاد.

بىرەر كىشىنىڭ نەزىرى تاسادىپىي ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالسىلا، باشقا گۈلىيۈزلۈكلەرنىڭ چىرايىغا باققۇسى كەلمەيدۇ. بەلكى باشقا سەيلە-تاماشىلارنىمۇ قىلغۇسى كەلمەي قالىدۇ. مېھىنبانۇ ئۇنى ناھايىتى كۆپ ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزىنىڭ جان ئۆيى ئىچىگە ياساپ بەرگەن. شۇ قىزنىڭ يۈزى بىلەن ئۆز بەزمىسىنى گۈلشەن قىلىدۇ ۋە ئالەمنى روشەن كۆرىدۇ. بىز تاش قېزىۋاتقان بۇ تاغنىڭ بىر بېشى شەرققە، يەنە بىر بېشى غەربكە بېرىپ تۇتىشىدۇ. تاغنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر بۇلاق ئاقىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى ھاياتلىق سۈيىدەك سۈزۈك. ئالەم خەلقى ئۇ بۇلاقنى «ھاياتلىق بۇلىقى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئۆلۈككە ئىچۈرسە تىرىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ھۆر-پەرىلەر بۇ يەردىن ئۆتكىنىدە، بۇلاق بېشىدا ئىستىراھەت قىلغىنىدەك، ئۇ پەرى سۈپەتلىك قىز بۇ بۇلاق بېشىغا كېلىدۇ، پەرى يۈزلۈكلەر بىلەن بۇ يەردە ئىشرەت بەزمىسىنى تۈزىدۇ. ئۇ پەرى سۈپەتلىك قىزنىڭ ماكانى تاغنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنى «ئەرمە-نىيە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ مەنزىلگاھى بولغان بۇ جاي گۈزەللىكتە جەننەتكە ئوخشايدۇ. يېنىدا كۆككە تاقاشقان تاغ بار. ئۇ گۈزەل شۇ يەرگە بىر ئالىي قەسىر بىنا قىلىشنى ئويلاپ، ھەممە رەڭ، بوياقلارنى تەييارلاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۇستىدە سۈيى يوق ئىدى. شۇڭا دانا بىناكار مۇتەخەسسىسلەر ئايلانغۇچى كۆكتەك يۈرۈپ، مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇ يەردىن بىر ئېرىق قېزىلسا، سۇ ئۇ ھۆرنىڭ قەسرىگە يېتىپ بارىدۇ، دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. بۇلاق بىلەن ئالىي قەسرگىچە بولغان ئارىلىق

ئۇن ياغاچلىق ① مۇساپە ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ. ئارىغا تارتىپ قويۇلغان بۇ جەدۋەل-سىزىقلار ئېرىق قېزىش بەلگىلەنگەن يەرلەردۇر. بۇ خىزمەت مۇشۇ بىچارە جامائەتكە تاپشۇرۇلغان. جېنى ئاجىزلاشقانلار بۇ بالا-قازا تېغىغا جەم بولۇپ مېتىن بىلەن تاشلارنى يېرىپ، ئېرىق قېزىپ چىقىشى لازىم ۋە ئېرىقتا سۇ باشلاپ، قەسىرگىچە يەتكۈزۈش كېرەك. قاتتىق تاشلارغا كەكە، مېتىن كار قىلمايدۇ. ئىككى، ئۈچيۈز گەز يەر ئۈچ يىلدىن بېرى جان تالىشىپ ئاران قېزىلدى. مۇنداق كېتىۋەرسە نوھنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزاق ئۆمۈر، جىسمىمىزغا ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق روھ تاپقاندىمۇ، بۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ئىشنىڭ چەك-چېگرىسىغا يېتەلمەيمىز. بۇ ئىشنى تاماملاشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق. بەزىدە ئاھۇ-پىغان چېكىمىز، بەزىدە ئىش ئۈستىدە جان بېرىمىز. كېچە-كۈندۈز قىلىدىغان ئىشىمىز سوغۇق تۆمۈر بىلەن قاتتىق تاشلارنى قېزىشتىن ئىبارەت. ئۇلارغا مۇۋاپىق ھالدا ھەر قانچە ئۆزرىلەر ئېيتساقمۇ، ئۆزرىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قوبۇل بولمىدى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇ. بۇ تېخى ھەممىسىمۇ ئەمەس. تەپسىلىي بايان قىلىشقا بىز ئاجىز.

پەرھاد بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىندى. ئۆز-ئۆزىگە: «شۇنچە كىشىلەر پەلەك زۇلمىدىن ئازاب چېكىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە يۈزلەپ ھالاكەت يېتىپتۇ. بۇلارغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىشىم لازىم. مەخپىي تۇتقان بۇ ھۈنەرلىرىم ئاخىرى مەن بىلەن بىللە تۇپراق ئاستىغا كېتىدىغۇ» دېدى-دە، تۆمۈرچىلەردىن كۆرەك بىلەن بىر دەمنى سوراپ ئالدى. تېرە پەشتامنى بېلىگە باغلىدى. دەمنىڭ ئۈچىنى كۆرەككە مەھكەم بېكىتىپ ئۇنىڭغا كۆمۈرنى تۆكۈپ دەم بېرىشكە باشلىدى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ مېتىن، تىشلىرىنى سوراپ ئالدى. ھەممىنى ئوتقا سېلىپ قىزىتتى. ھەر ئون، ئونبەشتىن مېتىننى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ بىر مېتىن قىلىپ ياساپ چىقتى، ھەم شۇنچە كەكنى

① ياغاچ — قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، ھەر بىر ياغاچ 12 كىلومېترغا تەڭ.



ئېرىتىپ چوڭ بىر كەكە ياسىدى. يەنە بىر نەچچە بازغان ۋە بىر قانچە سەندەللەرنى تەييارلىدى. ياسالغان ئەسۋابلارنى ئىلگىرى قارەندىن ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە مەخپىي سۇغاردى. ۋاقتىكى، پەرھاد ئەسۋابلارنى تەييارلاپ ئىشقا چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلدى. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز سوئال سوراشقا ھېچكىمنىڭ تىلى بارماي ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن كۆز تىكىپ تۇراتتى. باشقىلارنى ئەسۋابلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېلىنى مۇستەھكەم باغلاپ دەرھال ئېرىقتا چۈشۈپ تاش قېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئىشلىگەندە گوياكى سەل قۇمنى سۈرۈپ كەتكەندەك تاشلارنى ئېلىپ ئاتاتتى. كەكىسى بىلەن چاپقان تاشلىرىنىڭ ھەر بىرى پەلەك پىلىغا يۈك بولاتتى. ھەر بىر ئۇرغان مېتىنىنىڭ زەربىسى بىلەن تاغدەك تاشلارنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلايتتى. بىر ياغاچ يىراقلىقتا تاماشا كۆرۈۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ كەكىسىدىن چاچراپ چىققان ئۇششاق تاشلاردىن بېشىنى قاچۇراتتى. كەكىسىنىڭ زەربىسىدىن ئۇچۇپ چىققان تاشلار ئون ياغاچلىق يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. پەرھاد تاغنىڭ ئىچىنى شۇنداق كولىدىكى، ئىككى يۈز تاش قازغۇچى ئۇستا ئۈچ يىلدا ئىشلىگەن ئىشنى بىر كۈندىلا قازدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ھۈنىرىگە قاراپ تۇرغان تاغ ئىچىدىكى خەلق ئارىسىدا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئىش بۇيرۇغۇچىلار بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېھىنبانۇ قېشىغا يۈگۈردى. ئۇلار مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— توساتتىن بىر كىشى پەيدا بولۇپ، بۇ مۈشكۈل ئىشقا قەدەم قويدى. مۇنداق كىشىنى بىز كۆرگەن ئەمەسمىز. كۆرمىگەن ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ، — دەپ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى بايان قىلدى. **نەزمە:**

كېتۇر ساقى ماڭا ئول لەئلى رەڭگىن،
كى چۈشتى غەم يۈكى كۆڭلۈمگە سەڭگىن.

ئاندىكى مەيكى چۈن ئاغزىمغە يەتكەي،
ئىچىمدە دەردۇ غەم تاشىم ئېرىتكەي.

※ ※

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ گۆھەر چاچقۇچى زەرشۇناس ئۆزىنىڭ بەرگەن خەۋىرىدە ئىنئام ئاقچىسىنىڭ خەزىنىسىنى شۇنداق پاش قىلدى:

ئەلقىسسە، ئۇ جايدىكى تاش قازغۇچىلار پەرھادنىڭ تاش قازغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالغىنىدىن كېيىن ئەرمەنىيگە قاراپ چاپتى ۋە مېھىنبانۇغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— شۇنداق بىر ياش يىگىت يەنى يىگىتلىك بوستانىنىڭ مىڭ داستانى پەيدا بولۇپ، خەلق ئۇنى كۆرۈشكە شەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ تاش قېزىش ئىشىنى شۇنداق ۋۇجۇدقا چىقاردىكى، ئۇنىڭ قازغان تېشىنى ئادەمزاتنىڭ قېزىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايدۇ. پەلەكمۇ مۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەندۇر. بۇ ئادەم پەرىشتىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەكسىنىڭ ئالدىدا بۈيۈك تاغلارمۇ چالمىغا ئوخشاپ قالىدۇ، — دەپ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى شەك-شۈبھىگە ئورۇن قالدۇرماي، بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بەردى.

مېھىنبانۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئۇ بىر پەس ئىشىنەلمەي ئويغا چۆشۈپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئارقا-ئارقىدىن ئوخشاش خەۋەرلەر كېلىۋەرگەندىن كېيىن، بۇ ھېسابسىز ماختاشلارغا قاراپ ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋا ئانا جەننەت بېغىغا ماكانلاشقىنىدەك سارايدىن ئورۇن تۇتقان گۈلىيۈزلۈكنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:



— ئەي ھايات بېغىمنىڭ نازاكەتلىك سەرۋىسى، خىلۋەت ھەرىمىمنىڭ زىننەت چىرىغى. مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ قۇياشتەك رۇخسارىڭ بىلەن خۇشال. چېچىكىڭنىڭ ھەر تارىسى جېنىمنىڭ رىشتىسىگە بەندىدۇر. مەن ساڭا كۆڭلۈڭنى شادلاندۇرىدىغان ئاجايىپ بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. تەڭرى سېنى گۈزەللەر ئىچىدە يېگانە ياراتتى. كۆزلىگەن مەقسىتىڭ ئەمدى كۆڭلۈڭدىكىدەك ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. سەن ئېرىق قېزىشقا ھۆكۈم چىقارغانىدىڭ. ئەلگە قاتتىق تاش ئىچىدىن ئېرىق قېزىڭلار دەپ پەرمان قىلغانىدىڭ. كىشىلەر بۇ ئىشقا ئاجىز كېلىپ پەرمانىڭنى ئىجرا قىلالماي كېلىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئىش پۈتۈنلەي مۇشەققەتلىك ئىش بولسىمۇ، بىراق قازاۋۇ-قەدەر ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپتۇ. خالايىق تاغدا تۇساتتىن بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى، ئۇنىڭ تەرىپى بىزنىڭ ئاڭلىغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇقراق ئىمىش، — دەپ ئۆز ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — باشقا تاش قازغۇچىلار ئۈچ يىلدا قىلغان ئىشنى ئۇ كىشى بىر كۈندە پۈتتۈرۈپتۇ، — دېدى مېھىنبانۇ ئۇنىڭغا بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاپ.

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان پەرى سۈرەتلىك قىز ئۇنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەگەر بۇ ئىش ھەقىقەتەن راست بولسا، بېرىپ سۇ تاماشاسى قىلىش كېرەك. ئۇ كىشىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تاماشا قىلىش كىشىگە غەنىيمەتتۇر. **نەزمە:**

غەنىيمەتتۇر ئانى كۆرمەك كىشىگە،
تاماشا ئەيلەمەك قىلغان ئىشىگە.

تەڭرى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بۇ كىشى ھەقىقەتەن ئاجايىپ مېھمانىكەن. بۇ گويا بىر قۇشكى، بىزنىڭ بۇ گۈلشەنىدە

ئارام ئالىمەن دەپ كېلىپ تۇزاققا چۈشۈپتۇ. خۇشاللىق بىلەن بالا-قازا ئىچىگە كېلىپ تۇزاققا ئاياغ بېسىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ ھۆرمەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بىزگە غايەت كېرەكلىك ئادەمدۇر. ئېرىق قېزىش ئۈچۈن مەن يۈز مىڭلىغان خەزىنىلەرنى تۆككەن. بىراق، سۇ كەلمىگەنلىكى تۈپەيلى ئۇ ئىشتىن قولۇمنى يۇغانىدىم. تەڭرىگە شۈكرى، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈپ، ئۇ كىشىنى تۇزىقىمغا ئىلىندۇرۇپتۇ.

ھەسەل لەۋلىك قىز دەرھال ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى. مېھمانىمۇ بىللە بارماقچى بولدى.

ئۇ گۈزەلنىڭ خىزمىتىدە تۆت يۈز قىز بار ئىدى. ئۇ ئۇلارسىز بىرەر جايغا ئاتلانمايتتى. ئۇ قىزنىڭ گۈل رەڭلىك شامالدەك ئۇچقۇر بىر ئېتى بولۇپ، يۈرۈشى ئاسمان ئېتىدىنمۇ تېز ئىدى. ئۇ پەرى سۈپەت قىز ھېلىقى دېۋە سۈرەتلىك ئاتقا مىنەتتى. ئاتنىڭ ئۆزى گۈلدەك قىزىل، رەڭگىمۇ جىسمىغا ئوخشاش گۈل رەڭ بولۇپ، خالايىق ئۇنىڭ ئىسمىنى گۈلگۈنە دەپ ئاتايتتى. جاھان بېغىدا بۇ ئاتقا ئوخشاش شامالدەك تېز يۈرۈشلۈك يەنە بىر ئات يوق ئىدى. ئۇ ئات گۈليۈزلۈك قىزنى بىرەر جايغا ئېلىپ ماڭغاندا گوياكى تاڭ شامىلىدەك چاپاتتى. بۇ شامال يۈرۈشلۈك ئاتنى دەرھال كەلتۈرۈشتى. ئاي شەپەق ئېتىغا مىنگەندەك ئۇ گۈزەل گۈل رەڭلىك ئاتقا مىنىپ پەرىزاتلار تويى بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. ئۇلار پەرھاد تاش قېزىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئېتىنى سۈردى. ئۇ گۈزەلنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مېھمانىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پەرىزاتلار تويى ئەگىشىپ باراتتى. ئۇ پەرى يۈزلۈك قىز دېۋىزات ئېتىنى قاتتىق چاپتۇرغاچقا، گويا گۈل ئۈستىگە شەبنەم چۈشكەندەك يۈزىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئاسمان ئېتىغا مىنگەن كۆك قۇياشىدەك تېز ئات سېلىپ ماڭاتتى. قىزنىڭ ھەرياققا تۇزىغان زەنجىرگە ئوخشاش چاچ ئۆرۈملىرى گوياكى تاش قازغۇچلارنى ئىلىندۇرىدىغان سىرتماققا ئوخشايتتى.



ئۇ قانداق سىرتماق بولسۇن؟ ئىككى قاراڭغۇ كېچىدەك ئىككى ئۆرۈم چېچى ئوتتۇرىسىدىكى ئاپئاق جىسمى خۇددى ئاق سىزىقتەك كۆرۈنەتتى. مۈشكىدەك چاچلىرىنىڭ ئۈستىدىن يۈزىگە گويا ئاينى قاراڭغۇ كېچە ئورىۋالغاندەك پەردە تارتىلغانىدى. يۈزىدىكى مەرۋايىت تەر تامچىلىرى قۇياش ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. گويا ئايلىنىۋاتقان ئاسمان چاقى قۇياش بۇلىقىدەك مەرۋايىت تامچىلارنى ئەتراپقا چاچاتتى. پىتنە قىلغۇچى ھىلال ئايدەك ئىككى قېشى ئاي يۈزىگە ئىككى قىلىچ سىزىلغاندەك، خۇددى قان تۆكۈشنى كېڭىشىش ئۈچۈن بېشىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىشقا قۇرئاننى ئېچىپ قەسەمياد قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر مەست كاپىرغا ئوخشايتتى. گويا ئۇ ئىسلام ئەھلىگە غالىب كېلىپ، كىتابلار ئۈستىدە يېتىپ ساغلاملىقنىڭ راھىتىنى ئېلىش ئۈچۈن بىتاب بولۇپ مەيگە بولغان خۇمارلىق كەيپىدىن ھالسىزلانغانىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى شارابقا مىلەنگەنلىكتىن قىزىل مەي رەڭگىدە ئىدى. يائاللا! ئۇنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ئىككى لېۋى شېكەرگە ئوخشاش. بىراق ئۇنىڭدا تۇز بار. ئەمما ئۇ تۇزدا قەنتلەر يوشۇرۇنغان. بۇنداق قەنت بىلەن تۇزنى ھېچكىم بىلمىگەن. بەلكى ئۇ ھاياتلىق سۈيىدىمۇ تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ قاپقارا خاللىرى كۈندۈزى تۇز، كېچىسى قەنت ئوغرىغىلى كەلگەن ئوغرىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئوغرى شېرىنلىكلەرنى ئوغرىلاپ قاچىدىغان ۋاقتىدا پۇتلىرى شېكەر ئىچىدە ئۆيۈپ قالغان ياكى تۇز ئوغرىلاۋاتقاندا ئۇنى تۇز تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ چىراي گۈلزارىدا رەڭ بىلەن خۇش پۇراق تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ گۈلزارلىق ئۇنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى بولغان لېۋىدىن سۇ ئىچىدۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق يۈزىنىڭ پاكىز گۈلى ھاياتلىق بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن. ئاغزى ئۈستىدىكى بۇرنى ئاجايىپلىقنىڭ مىسالى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بىر قارا خال ئورۇنلاشقان. بۇ خال گويا ھىندى سودىگەرلىرىنىڭ خۇددى شېكەرنىڭ يېنىغا ھىندىستان ناۋىتىنى قويغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇ ھىندىستان ناۋىتى ئەمەس، بەلكى گۈلنىڭ غۇنچىسى، بۇ غۇنچە

ۋايىغا يەتكەن ئەقلىمۇ ساراڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۈمۈشتىن
ياسالغان نەسرىن گۈلىنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ؛ ھەر بىر كىرپىكى
قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئەلنى قەتلە قىلىش ئۈچۈن
ھۆكۈمنامە يازغان. ئۇنىڭ رۇخسارىنى ھۆكۈمنامىنىڭ ۋارىقى قىلىپ
بۇلار بىلەن ئەلەم ئەھلىنىڭ روزگارىنى قارا قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ
قەددى-قامىتى جەننەتنىڭ سەۋسەن گۈلىدەك تۈز، يۈزى گۈل
بەلكى گۈلنىڭ خامىندۇر. قىزىل ياقۇتتەك لىۋىدىن ھارارەت ئوتى
ئۆرلەپ ئاشۇ گۈل خامىنىغا ئوت تۇتاشقان. بۇ ئوتتىن چىققان يالقۇن
كۈچىيىپ، كۆككە يېتىپ، پۈتۈن قۇياشنى ئۆرتىگەن. زىناقلىرىنىڭ
ئەتراپىغا شۇنداق مۇھىم بىر خەت يېزىلغانكى، ئۇنى پەقەت ساغلام
ئەقىل ئىگىلىرىلا كۆرەلەيدۇ. بۇ مۇھىم خەت قۇياشنىڭ يېنىدىكى
ھىلال ئايغا ئوخشاش، خىيالدەك بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەي
قالىدۇ. بۇ خەتلەرنى تەقدىر تەسەۋۋۇر قىلىپ زىناق ئەتراپىغا
يازغىنىدەك، ئاغزىنىڭ نۇقتىسىنىمۇ تەقدىر ياراتقان. قۇلىقىدىكى قىممەت
باھالىق گۆھەر-ياقۇتلىرى گويا ئاي ئەتراپىدىكى زۆھرە (چولپان)،
مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزلىرىغا ئوخشايدۇ. قەددى-قامىتى قىزىلگۈل
رەڭلىك شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شەمشاد ئەمەس، بەلكى
گۈل ۋۇجۇدلۇق سەرۋى دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، كىلىشكەن
قەددى قامىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن جانىنىڭ ئاپىتى
بولسا، نازۇكلۇقى بىلەن جانىنىڭ رىشتىسىدۇر. قامىتىنى جىسىم
دېمە، ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىلەرچە چەبدەسلىكى بىلەن ئۇچار قاناتتۇر.
لىۋىدىن كۆپلىگەن ئۆلۈكلەر جان تېپىپ، سۆزىدىن ھەسەللەر
ئاقىدۇ. **نەزمە:**

لەبىدىن جان تاپىپ بىسيار-بىسيار،
سۆزىدىن شەھد ئاقىپ خەرۋار-خەرۋار.
لەبىدىن تامىپۇ ئاقىپ لەتاپەت،
يۈزىدىن ئاقىپۇ تامىپ مەلاھەت.



مىڭلىغان جانلار ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ خۇشبۇيلىقىدىن قۇۋۋەت ئالسا،
ئۇ كىيىملەرنىڭ خىلمۇ خىل رەڭگىدىن يۈزلىگەن ئەقىل ھەيرەتتە
قالىدۇ. كىرپىك ئوقىدىن ئاشىقلار گۇرۇھىنىڭ قەلبىگە كۆكلەم يامغۇرىدەك
ئوقلارنى ياغدۇرىدۇ. لەۋلىرىدىن چىققان ھەر بىر سۆزى يۈزلىگەن
جانلارغا ئاپەت سېلىپ ھەر بىر تال چېچى كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى
بەرباد قىلىدۇ. ئۇ قانخور قاتىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان كىشىگە ئاھ
ئۇرۇپ ئۆلمەكتىن باشقا ئىش يوق. ئۇ ئېتىنى سۈرگەندە تاغلارنى
پەستە قالدۇرىدۇ. ئات ئۈستىدە ھۆسنى قەدىھىدىن مەست بولۇپ
ماڭىدۇ. كۆك ئېتىنىڭ ئۈستىدە شەرق قۇياشىدەك، قۇياش ئەمەس
بەلكى دىۋە ئۈستىگە مىنگەن پەرىدەك جەۋلان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ
ئېتىنى قايسى تەرەپكە سۈرسە زامان يىراقتىن «ھەزەر قىل!» دەيتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ گۈزەل پەرى-شۇ خىلدا تاشلار ئۈستىدە ئات
سۈرۈپ، ئېرىق قېزىلىۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى ۋە ئېگىزرەك بىر
جايغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭغا گويا يەر بىلەن
زامانغا ئوت يېقىلغاندەك بىلىندى. ئۇ تاشلار ئارىسىدا تاش كېسىۋاتقان
بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ يىگىت مىتىن بىلەن تاشلارنىڭ ئىچىدىن
ئون تۈگمەنلىك سۇ سىغقۇدەك كەڭلىكتە ئېرىق قېزىۋاتاتتى.
كېلىشكەن يىگىت تاشلارغا مىتىنى كۈچەپ ئۇرۇپ، ئۇلارنى
پارچە-پارچىلاپ، تاشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىۋاتاتتى. ئۇ يىگىت
يالغۇز بەرنا ئەمەس، بەلكى داۋرانىدىن خازان مۇشەققىتىنى
كۆرگەن بوستان سەرۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ شىجائىتىدىن تاشلار
قورقۇنۇچلۇقتا چۈشۈپ، مىتىنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاسانلىق بىلەن
قومۇرۇلۇپ چىقاتتى. لېكىن تاشلار ئاستىدا ئۇنىڭ قەددى قايغۇ-غەم
تاغلىرىدىن پۈكۈلگەن، يادەك ئېگىلگەنىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى
زامانە كىشىلىرىدىن بۈيۈكرەك، شەۋكىتى ھەيۋەتلىك پىلدىن
زورراق ئىدى. بېشىدا تاجدارلىقنىڭ نىشانىسى، يۈزىدە بولسا،
سەلتەنەتنىڭ نورى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، مۇشەققەت تاشلىرى
ئۇنىڭ بېشىنى يارغان، خارلىق تىكەنلىرى پۇتىغا سانجىلغانىدى.

پېشانىسىدە مۇھەببەت دەردى، يۈزىدە غېرىپلىقنىڭ غۇبارى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گەۋدىسىدە بىناۋالىقتىن كۆپلىگەن ئەسەرلەر، يۈزىدە دوستلۇقتىن خەبەرلەر بار ئىدى. قولىدىكى گۈرزىدەك كەكىسىنىڭ زەربىسى بىلەن ئېلبىرىس تېغىمۇ توپىدەك يانجىلىپ كېتەتتى.

ئەلقىسسە، شىرىن پەرھادنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تىلى سۆزگە كەلمىدى. تەئەججۈپ بىلەن بىراقلا ھالسىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ چېھرىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى دولقۇنلاندى. بىر دەم ئۇنىڭ شىددىتىدىن يىغلىسا، بىردەم دەرد-ئازابىدىن كۆڭلى بۇزۇلدى. **نەزمە**:

كۆرۈنگەچ كۆزگە مۇنداق چېھرى ئانىڭ،
ئىچىگە سالدى شورىش مېھرى ئانىڭ.
گەھى ئەشكى يۈگۈردى شىددەتىدىن،
گەھى كۆڭلى بوزۇلدى مېھنەتىدىن.

ئۇ سىرلار پەردىسىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، ئېتىنى پەرھادنىڭ يېنىغىراق سۈرۈپ؛ سۆزگە ئېغىز ئاچتى، يەنى قىپقىزىل لېۋىدىن گۆھەرلەر چاچتى، سۆز غۇنچىلىرىنى تۆكتى:

— ئەي، دۇنيادا يېگانە، كۆك ئاسمان تېغى ئىچىدە يالغۇز بولغان نادىر يىگىت! سېنىڭ بۇ ھالىتىڭدىن كۆپلىگەن ئاجايىپلىقلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئاجايىپلىقتىن رەنجى-مۇشەققەتلىرىڭ تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىك كۆرۈنىدۇ. سەن بۇ جاھاندا ھېچكىمگە ئوخشىمىغىنىڭدەك، قىلغان ئىشلىرىڭمۇ ھېچكىمنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بىز ساڭا بۇ ئىشلارنى تاپشۇرمىغان ئەھۋالدا، ئۆز خاھىشىڭ بىلەن كېلىپ بىجىرىپ، كۆڭلىمىزنى چەكسىز خۇشال قىلدىڭ. بۇ ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كۆپ ئاجىز ئىدۇق. قولۇڭ مۆجىزە يارىتىپتۇ. ئەگەر ساڭا يۈز قەرنە ① مىننەتدارچىلىق بىلدۈرسەكمۇ، بىر كۈن قىلغان ئىشىڭنىڭ

① قەرنە — بىر قەرنە 30 يىل ھېسابلىنىدۇ.



ئۆزرىسىنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ئالدىدا بىزدەك يۈز كىشى بولسىمۇ كەملىك ھېس قىلىدۇ. مىننەتدارچىلىقىمىزنى ئادا قىلالمىساق، ئۇلۇغ تەڭرىدىن يانغاي، — دەپ بىر تاۋاق ئۈنچە-ياقۇتلارنى كەلتۈردى ھەم ئۇنى پەرھادنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— بۇ ئۈنچە-ياقۇتلار سېنى مۇكاپاتلاشقا لايىق ئەمەس، — دېدى. ئۇ ئۆزرىخالىق ئېيتىپ ۋە تاۋاقتىكى ئۈنچە-ياقۇتلارنى پەرھادنىڭ بېشىغا چاچقۇ قىلدى. پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن پەرھادنىڭ دىلىغا ئىلھام بەردى.

پەرھاد خۇددى مەجنۇندەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. تومۇرىنىڭ جىددىي سوقۇشى ئۇنىڭ جىسمىنى تىلىپ، كۆڭلىنىڭ بىزەۋىتلىكى كۆكسىنى تېشىپ چىقىشقا ئىنتىلەتتى. تېنىگە چۈشكەن تىترەكتىن تىنچلىنالمىدى. ئۇ شىرىنغا قاراپ:

— جانلارنى پەرۋىش قىلغۇچى نەپەسلىرىڭدىن ئۆلەر ھالغا چۈشتۈم، تاۋۇشۇڭنى ئاڭلاپ ئۆمۈر قىينىچىلىقىدىن قۇتۇلدۇم، — دەپ تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئوقۇدى:

مېنى غۇربەت ئارا بىچارە ئەتكەن،
دىيارۇ مۈلكىدىن ئەۋارە ئەتكەن.
چىقىپ جانىم ئۈنۈڭدىن بولغاچ ئاگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلدۈم ئاھ، يۈز ئاھ!

پەرھاد يۈز-كۆزىدىن توپان سېلىنى ئاققۇزۇپ تۇراتتى. تويۇقسىز شامال چىقىپ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى ئېچىۋەتتى. پەرھاد ئۇ جاھاننى زىننەتلىگۈچىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن ۋە ھېلىقى جاھاننەما ئەينىكىدە ھۆسنىنى كۆرۈپ مەجنۇن بولغان گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەگەر كىشى ئەينەكتە ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتسە، ئۇنىڭ ئەينەن ئۆزىنى كۆرگىنىدە قانداقمۇ جانىدىن كەچمەي تۇرالىسۇن؟ بىراۋ مەي تۇغرىسىدىكى

سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن قانداقمۇ يەر بىلەن تەك پەس بولماي قالسۇن؟

پەرھاد ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ پەرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدىن كېيىن، ئوتلۇق پىغان تارتقىنىچە يىقىلدى. شىرىن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، جېنى چىقىپ كەتتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدى. پەرھادنىڭ ئوتلۇق ئاھىدىن شۇنداق بىر تۈتۈن چىقتىكى، گويا بۇلۇت ئاينى باسقاندەك قاراڭغۇلۇق پەيدا بولدى. ۋاپادارلىق چىرىغىنىڭ نۇرى قالمىدى.

شاپۇر دەرھال پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، زار-زار يىغلاپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆز قۇچىقىغا ئالدى ۋە:

— دەرد-ئەلەمدىن ئۆزگە قىسمىتىڭ يوقكەن. سېنىڭ غېرىبلىقتا تارتقان دەرد-ئەلەملىرىڭمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئۆمرۈڭنىڭ چىرىغى ۋاقىتسىز ئۆچتى. ۋاپا يولىنى كېزىپ، ئەمدىلا مەنزىلگە يەتكىنىڭدە، مەشۇقىڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا جان بەردىڭ. ۋادەرىغ! پەزىلەتلىرىڭ، بىلىملىرىڭ، ئاقىللىقىڭ، ھايالىقلىقىڭ ۋە تەمكىنلىكىڭگە مىڭلارچە ئەپسۇس! سېنىڭ پاك قەلبىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىمەن، چەككەن قايغۇلۇق پىغانلىرىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، — دەپ بۇ بېيىتنى كۈيلىدى. **نەزمە:**

كەمالۇ، فەزلى ئايىنىڭدىن ئەفسۇس،
ھەياۋۇ ئەقل تەمكىنىڭدىن ئەفسۇس.
زەمىرۇ رەئيى پاكىڭدىن دەرىغا،
فىغانى دەرناكىڭدىن دەرىغا.
قولۇڭدىن ھەيفۇ شەستىڭدىن داغى ھەيف،
شۇكۇھى زور دەستىڭدىن داغى ھەيف.
قانى فەررۇ شۇكۇھۇ زور دەستىڭ،
تەۋانالىغ ئارا يۈزمىڭ شىكەستىڭ.
بەشەر خەيلىدە سەن بولماي مەلەك سان،
نېدىن بولماس بارى يەر بىرلە يەكسان.



نە شەھ باشىغە ئەفسەر ئېردىڭ ئېركىن،
قايۇ ئەفسەرغە گەۋھەر ئېردىڭ ئېركىن.
نە كىشۋەر تۈشتى ئېركىن ماتەمىڭغە،
قايۇ ئەل قالدىلار ئېركىن غەمىڭغە.
نە خاقان سوگۇك ئىچرە قالدى، ئايا،
قايۇ ئىقلىم ئېلى قوزغالدى، ئايا.
چېكىپ رەنجىڭ ماڭا غەم بولدى پاداش،
كى ھەرگىز كۆرمەگەي ئېردىم سېنى كاش.

شاپۇر شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ زار-زار يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى بىر ئاز پەسەيگەندىن كېيىن مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىردى. ئۇلار شاپۇردىن پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. شاپۇرمۇ بىلگەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شىرىن بىلەن مېھىنبانۇمۇ زار-زار يىغلىدى. كېيىن پەرھادنى شاھلارچە بىر كاجۇۋىغا سېلىپ، ئوردىغا قايتماقچى بولدى. نازىنىن قىزلار پەرھاد ياتقان كاجۇۋىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا گۈزەللەر يىغلاپ ماڭدى. پەرھادنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، بارگاھنىڭ بۇرجىكىدە شاھانە بىر تەختنى قويدى. تەختنىڭ ئۈستىگە ئېسىل بىساتلارنى سېلىپ، ئۇنى ئۈستىگە ياتقۇزدى.

پەرھاد نە ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن، نە ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، شەرابى بىخۇدانە،
كى بىخۇدلۇق بىلە بولدۇم فەسانە.
ئەجەپ بىھوش بولۇپمەن ئىشق ئارا بىل،
مېنى بىر جام ئىلە بىھوشراق قىل.

※ ※

سىرلار مەنلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن

بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىيلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ بېقىنلىق ۋە تەسىرلىك قىسسىنى تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ كاجۇۋىنىڭ لەۋھەلىرىگە قەلەم تارتقۇچى كىشى، بۇ قىسسىگە مۇنداق قەلەم تەۋرىتىدۇ:

ۋاقتىكى، پەرھاد ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بىھوش ھالىتى بويىچە تەخت ئۈستىگە ياتقۇزدى. ئۇ تىرىكلىك ئالىمىدىن خەۋەرسىز ئىدى. جىسمىدا بولسا نەپەستىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇ ھالدا ئىككى كېچە-كۈندۈز ياتتى. بەزى-بەزىدە نەپەس ئالسىمۇ كۆزىنى ئاچالمايتتى. ئۈچىنچى كېچىسى ئەل كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندا، ئۇ، كۆز ئېچىپ ھوشىغا كەلدى-دە، شاھانە تەخت ۋە بارگاھنى، ئۆزىنىڭ تەخت ئۈستىدە شاھلارچە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى ئويلاپ كۆردى. ئويلىغانسېرى تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاخىر ئۇ ئاي، ياق، ئاي ئەمەس بەلكى دۇنيانى زىننەتلەپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ بېشىغا نۇر چاچقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ئېنىق يادىغا كەلدى. شىرىنىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، نومۇس كۈچىدىن بۇلۇتتەك تەرگە غەرق بولدى-دە، ياتقان ئۆيىدىن چاقماق تېزلىكىدە سەكرەپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. پاراسەت بىلەن بىلدىكى: «ئۇ دىلىغا ئارام بەرگۈچى ئاي ھالىمغا ئېتىبار قىلغان بولسا كېرەك، ئۆزى مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئېغىز ئېچىپ، يەنە ھازا بىلەن بېشىمنى سىلىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندى. ئاندىن دەرھال تاغ تەرىپىگە راۋان بولدى. خىجالەتچىلىكىدىن چۆللەرنى بېسىپ، كۆپ ھەرىكەتلەر بىلەن قىزىلىۋاتقان ئېرىققا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەرگە تەر ئاققۇزۇپ، مېتىن ۋە كەكىسنى تېپىپ كېلىپ، دەرھال ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. پەرھاد ئۆز-ئۆزىگە: «ئۇ پەرى يۈزلۈك گۈزەل مەندەك مەجنۇنغا شۇنچىلىك



مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپتۇ. ھوشۇمدىن كەتكىنىمدە ئىززەت ۋە مەرھەمەت قىلىپ بېشىمنى سىلاپتۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى قانچە قىلساممۇ، تىلىم بىلەن رەھمەت ئېيتساممۇ ئادا بولماس. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىستىكى شۇ ئېرىقنى قېزىش ۋە بۇ ئىشنى تاماملاش ئۈچۈن كۆپ ھىممەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئۆمرۈم مەن بىچارىگە مۆھلەت بەرسە، ئۇ گۈزەلنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلسام شۇنىڭ بىلەن بۇ دەردىمگىمۇ داۋا قىلسام» دەيتتى. بۇلارنى ئويلاپ يېڭىباشتىن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى ۋە تاشلاردىن كۆككە چاڭ چىقىرىشقا باشلىدى. قاتتىق تاشلارنى يونۇشقا شۇنداق كۈچ چىقاردىكى، كۆكتە پەرياد كۆتۈرۈلدى. ئۇ مېتىننى ھەر قاچان تاشقا ئۇرغاندا ئاسمان گۈمبىزىگە غەۋغا چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئاھىنىڭ تۈتۈنى مېتىنىدىن چىققان چاڭ-توزانلار بىلەن قوشۇلۇپ، كۆپكۆك ئاسماننى كۆزدىن يوقىتاتتى. ئۇنىڭ دەرد-قايغۇسىنىڭ تۈتۈنى مېتىنىنىڭ چاڭ-توزانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەرمەن تېغىنىڭ چېگرىسىنى قاپلىدى. بۇنى قايغۇ-دەردنىڭ چاڭ-توزىنى دېمە، بەلكى ئۇ باھار بۇلۇتى بولۇپ، يېغىن ئورنىغا تاش-بوران ياغقىنىدۇر. ھەر بىر ئۇرغاندا تاشلارنىڭ ئىچىگە پېتىپ كەتكەن مېتىنى ھەر نەپەستە چاقماقتەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تاشلارنى قېزىشى ۋە پارچە-پارچە قىلىپ ئېرغىتىشى كەتمەن بىلەن لايىنى ئېلىپ ئاتقاندەك ياكى تارتقۇ بىلەن قارنى تارتقاندەك ئىدى. كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپمايتتى. ھەر كۈنى خالايىقلار ئۇنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن تۈشمۇ-تۈشتىن توپ-توپ بولۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىشىغا نەزەر سالغان كىشىلەر ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىمەي قالمايتتى. ئۇ قاتتىق تاشلارنى شۇ خىلدا كولاپ، تاشلارنىڭ باغرىغا توپىلاڭ سالاتتى.

ئەلقىسسە، ھېكايە قىلغۇچى قالغان ئىشلارنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ:

پەرھاد ئاشۇ كېچىسى مېھىنبانۇ بىلەن ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ

ئۆيىدە ھوشىغا كېلىپ دەررۇ تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شاپۇر پەرھادنى ئىزدەپ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ، ئۇنى تاغدىن تاپتى ۋە غەمدىن ئۆزىنى ئازاد قىلدى. ئۇ پەرھادنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. قەسىردىكى خىرە كۆزلەر تاغدىن نۇر تېپىپ قارىغىنىدا پەرھاد بىلەن شاپۇرنى تاپالمىدى. بۇ چاغدا شىرىننىڭ كۆزى غەمدىن قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئايرىلىش ئوتى تۇتىشىپ، خۇشاللىقنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىگە قارىسا، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ھىجران ئوقىغا نىشان بولۇپ قاپتۇ. شىرىن پەرھادنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، باھانە كۆرسىتىپ:

— مەن تاغ ئارىسىدا بۇ ئىشلارنى تەييارلاپ، ئېرىق قېزىشنى باشلىغانىدىم، ئۇلۇغ تەگرى مېنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلىرىمنىڭ زايا كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ يىگىتنى بۇ يەرگە كەلتۈردى. شۇڭا ئۇنى تاپمىساق يۈز قەرنە يىل تىرىشقان بىلەنمۇ، ئۇ ئېرىق ھەرگىز قېزىلىپ پۈتمەيدۇ. ئەتراپقا ئادەم چاپتۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىمىز لازىم ئىدى، — دېدى.

مېھىنبانۇ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقى ۋە تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى پەملىدى. تاش چاپقۇچىنىڭ نەپىسىدىن چىققان بىر ئىسسىق يالقۇن ئۇنىڭ تەشنەك قەلبىنى يۇمشىتىپتۇ. مېھىنبانۇ ھازىر نەسىھەت بىلەن ئۇنى ئۆزىگە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلدى. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھېكمەتلەرگە رىئايە قىلىپ، پەرھادنى تېپىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئېرىقتا تاش قېزىۋاتقانمىش. بۇ خەۋەرنى ئۇ ئاي يۈزلۈككە يەتكۈزۈشتى.

بۇنى ئاڭلىغان شىرىنگە ھېسابسىز خۇشاللىق يۈزلەندى، لەۋلىرى گۈل بەرگىدەك خەندان ئېچىلىپ، قايغۇلۇق كۆڭلى پارە-پارە بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىرىن: «قانداق قىلىپ ئۇنى كۆرەلەرمەن، ئارقا تەرەپتىن بىر جاي تېپىپ، ئۇنى تولۇق كۆرۈپ تۇراي، ئەمما ئۇ مېنى كۆرمىسۇن، مۇبادا مېنى كۆرسە ھالسىزلىق ۋە ھوشسىزلىق



يەنە باشلانسا، بۇ سىرلار پەردىسى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغۇسى» دەپ ئويلىدى.

مېھىنبانۇمۇ پەرھادنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، يوشۇرۇن قايغۇلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى. ئۇ پەرھادنىڭ كۆپ ھۈنەرلەرنى بىلىدىغانلىقىنى، نۇقسانلاردىن خالىي ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىۋاتقان بىر مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ بارلىقىنى پەملىدى، شۇڭا مېھىنبانۇ: «نەسلى ئېسىل شۇ يىگىت ماڭا ئوغۇل بولسا ئىدى» دەپ ھەۋەس قىلاتتى.

شىرىن بولسا، ھىجران ئازابىدىن زارلىنىپ، كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىز ئۆتەتتى. دەردىنى ئېيتىشقا بىرەر دەردىشى يوق ئىدى. كېچە-كۈندۈز يېمەك-ئىچمەكتىن ۋە ئۇيقۇدىن قالغانىدى. ھەمدەم بولغۇدەك كىشىسى بولمىغاچقا، ئەھۋالىنى ئېيتىشقا نومۇس يول قويمايتتى. پەرھادنىڭ قېشىغا باراي دېسە، ئۇنىڭ تاقەتسىزلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بارماي دېسە، ئۇ گۈليۈزلۈكنىڭ غەمكىن كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، مىسكىن جېنى پىراق ئوتىدا كۆيەتتى. ئۇ داۋاسىز دەردكە مۇپتىلا بولغانىدى. **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، مەيى گۈلرەڭگى خۇشبۇ،
كى ئۇرغاي چارەسىز دەرد ئوتىغە سۇ.
مۇنىڭدەك مەي ماڭا ئارمان بولۇپدۇر،
كى دەردىم ئەسرۇ بىدەرمان بولۇپدۇر.

※ ※

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ ئېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ رەڭمۇ-رەڭ ۋەقەلەرنى زىننەتلىگۈچى ئۇستاز قەلىمنى تۆۋەندىكىچە خۇش خەتكە تارتتى:

ئەلقىسسە، پەرھاد تاشلارنى پارچىلاپ ئېرىق قېزىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئىش تاماملانسا، ئۇ گۈزەل يار تاماشا قىلغىلى بۇ يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ تولغان جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ، روھلاندۇرغۇچى سۆزلىرىنى ئاڭلىسام ئارمىنىم قالماس ئىدى. خۇشاللىقتىن بۇ مۇڭلۇق جېنىم چىقىپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولارىدى» دەپ ئويلايتتى ۋە: «ئەگەر ئۇ ئۆزى بۇ تەرەپكە كەلمىگەندىمۇ، بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ھىممىتى بەك زور، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تولىمۇ مۇشكۇل، مۇبادا چارە-ئامال تېپىپ، بۇ قىيىن ئىشلارنى ئورۇندىسام، ئۇ گۈزەللەرنىڭ ئۇلۇغۋار شاھى ئاڭلىسا، ئارزۇسىنىڭ ئاسانلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭدىن رازى بولىدۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن تاڭدىن كەچكىچە بىر نەپەس ئارام ئالماستىن تاش چېپىشنى داۋاملاشتۇراتتى. مۇھەندىس (ئىنژېنېر) لەرگە ئوخشاش ئېرىقنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى جەدۋەل (سىزىق) تارتتى. ئېرىقنىڭ بۇ قىرغىقى بىلەن ئۇ قىرغىقىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ گەز، چوڭقۇرلۇقى ئىككى گەز ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەربىر تارتقان سىزىقى ئۇزۇنىسىغا مىڭ گەزدىن ئاشاتتى. پەرھاد بۇ مىڭ گەز ئېرىقنى تاماملاپ، يەنە مىڭ گەز سىزىق تارتىشقا باشلايتتى. بۇ مىڭ گەز يەردىكى تاشلارنى مېتىن بىلەن پارچە-پارچە قىلىپ تاشلايتتى. بۇرۇنقى ئىككى يۈز تاش چاپقۇچىلار پەرھاد چاپقان تاشلارنى توشۇپ، ئېرىقنىڭ ئىچىنى تازىلايتتى. پەرھاد كەكىنى ئېلىپ، ئېرىقنىڭ قىرغاقلىرىنى يونۇپ، سىلىقلاپ، ئېرىق ئىچىدە يەنە قىرىندىلارنى پەيدا قىلاتتى. ئۇ كەكىنى قولىغا ئېلىپ يۈز گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تاشلارنى تۈپتۈز سىلىقلاپ، ئەينەككە ئوخشاش يالتىرىتىۋېتەتتى-دە، ئۇنىڭدا سۇدا ئەكسىنى كۆرگەندەك چىرايىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىككى تەرەپتىن تاشلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ، ئاستىنى بولسا،



چىشتەك جىپسىلاشتۇرۇپ چىقاتتى. بىرەر يەرنىڭ توپىسى كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇيەرنىمۇ مېھنەت ۋە زەخمەت تارتىپ، ئالا قويماي ياساپ، ئەينەكتەك تۈپتۈز قىلىۋېتەتتى. بىراق ئۇ ھېرىپ-چارچاشقا قارىماي، تاش-تاختىلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، مۇھەندىسلەردەك تەكشى ھەم سىلىقلاپ باراتتى. ئۇ ھەربىر تاشنى شۇنچىلىك جىپسىلاشتۇرۇپ چىقتىكى، تاشلارنىڭ ئارىلىقىدىن ھېچكىم بىرەر دەز تاپالمايتتى. ئەگەر ئالدىغا بىرەر تاغ كېلىپ قالسا، ئۇنى چېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كەكىسىنى ئوتقا تاۋلايتتى ۋە ئۇنى بىر تامچە سۇ بىلەن سۇغىراتتى، ئاندىن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ تاشلارنى قازاتتى. چوققىلارنى ئاغدۇراتتى. شۇڭا ئۇ «كوھكەن» (تاغ قازغۇچى) دېگەن لەقەم بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. ئۇ تاشلارنى ئاغدۇرۇشقا بېلىنى باغلىغان بولۇپ، بىرەر زەربە بىلەن تاغنىڭ بىر قىسمىنى يىقىتاتتى. تاغنىڭ چوققىسىغا بىر زەربە ئۇرۇش بىلەن چوققىسىنى يەرگە تەڭلەشتۈرۈپ قوياتتى. ئارقا-ئارقىدىن ئۇرغان مېتىنىنىڭ زەربىسىدىن تاغنىڭ چوققىلىرى بىر-بىرلەپ تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كېتەتتى. مېتىنىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرغاندا ئۇچۇپ چىققان تاشلار ئاسماندىكى ئايغا تېگىپ كەتكىلى ئاز قالاتتى. ئاي بۇ تاشلاردىن قوتان باغلاپ، قوتاننى ئۆزىگە قالقان قىلغانىدى. يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى پەرھادنىڭ ئۇرغان مېتىنىدىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تاشلارنى كۆرۈپ، بېشىنى قاچۇرغانلىقى ئىدى. پەلەك ھەر نەپەستە يەر ئۈستىگە ياغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئۇششاق تاشلارنى ئوغرىلايتتى. پەلەك ھېلىغىچە جاپا تاشلىرىنى ياغدۇرۇشتىن توختىمىدى. بۇ تاشلار ئاشۇ تاشلاردىن بولۇپ، تاكى مۇشۇ دەملەرگىچە تۈگىگىنى يوق.

پەرھاد تاغنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقىرىپ، تاغنى ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئورنىدىن قومۇرۇپ تاشلايتتى. ئېرىقنىڭ بىر قىسمىنى قازغۇچە ئۆز ھۈنىرى بىلەن يۈزلىگەن بابىلنىڭ سېھىرلىرىنى كۆرسىتەتتى. بىر تاغنى يەر بىلەن تەڭلەشتۇرسە، يەنە ئېرىق قېزىشقا قول سېلىپ، پەركارنى ئاۋۋالقى سىزىققا

توغرىلاپ تارتىپ، كېچە-كۈندۈز ئېرىق قېزىشنى داۋاملاشتۇراتتى. شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئېرىقنىڭ بېشىنى قەسىرگە يەتكۈزدى. ئۇ يەردىمۇ يەنە تاشلارنى كېسىپ، يونۇپ بىر كۆل قازدى. كۆلنىڭ ھەر تەرىپى ئاتمىش گەزدىن كەڭ ئىدى. ئۇنى كۆل دېگەندىن كۆرە دەريا دېگەن ياخشىراق. ئۇنىڭ سۈيى «ئابى ھايات» (تىرىكلىك سۈيى) دەك سۈزۈك ھەم پاكىز ئىدى. ئۇ قەسىرنىڭ ئالدىدا بىر تاش بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەكتىن ئاشقان بولۇپ، ئايلانمىسى پەركار (سىركول) بىلەن سىزغاندەك يۇملاق ئىدى، ئومۇمىي ئايلانمىسى بەش يۈز گەز كېلەتتى. تاش كەسكۈچى پەرھاد بۇ تاشقا مېتىننى توغرىلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. تاشنىڭ ئىچىنى، ئەتراپىنى يونۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يۈكسەك ئاسماندەك بىر قەسىرنى بىنا قىلدى. ئۇنىڭ بىر گۈمبىزىنى سۇ تەرىپىگە ياسىدى. ئايۋىنىنى بولسا، كۆك گۈمبىزىگە يەتكۈزدى. ئىچىگە شۇ ئايۋانغا لايىق بىر گۈمبەز، گۈمبەزگە لايىق يەنە بىر دالان ياسىدى. يەنە ئۈچ تەرىپىگىمۇ ئۈچ گۈمبەز بىلەن ئۈچ ئايۋان ياساپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى زۇھەل يۇلتۇزىغا ئوخشاش تەييار قىلدى. ئۇنىڭدىن پەلەك گۈمبىزى خىجالەت بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە بېشىنى ئېگىپ تۇرىدۇ.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ يەردە كۆپلىگەن راۋاقلار ۋە پەنجىرىلەرنى ياسىدى. ياسالغان ھەر بىر ئۆي گۈزەللىك ۋە يورۇقلۇقتىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى. پەرھاد ئالەمنى گۈزەللەشتۈرگۈچى بۇ خىل قەسىرنى يونۇپ پۈتتۈردى. قەسىرنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرى بىر پۈتۈن تاشتىن ياسالغانىدى. قەسىرنىڭ ئايۋىنىغا يۈزلىگەن سېخىيلارنى، سېخىيلارغا مۇۋاپىق رەسىملەرنى سىزدى. تاشنى يونۇش ئارقىلىق ئۇ سەرۋى قامەت، گۈلىيۈزلۈكنىڭ سەلتەنەت تەختىنى ياساپ چىقتى. تەخت ئۈستىگە ئاشۇ پەرىلەر شاھىنىڭ رەسىمىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا پەرىلەرنىڭ يەرگە يۈزىنى قويۇپ،



خىزمىتىگە تەييار تۇرغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەرنى سىزدى. بۇ سۈرەتلەر گەرچە جانسىز بولسىمۇ، لېكىن شىرىننىڭ رەسىمى ئۇلارغا جان كىرگۈزگەنىدى. ئەنە شۇنداق يۈز مىڭلىغان ئاجايىپ مىساللارنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى بولسا، ئۇ شوخ پەرىنىڭ ئالدىدا ھالسىزلانغان تەخلىتتە تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ ئاي سۈرەتلىك قەيەردە پەرھادقا نەزەر تاشلاپ، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزگەن بولسا، شۇ يەردىكى ئۆزىنىڭ ھوشسىزلىق ھالىتىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىنى سىزغانىدى. بۇ ئىشلاردا شاپۇر ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن ھەربىر سۈرەتكە زىننەت بېرەتتى. پەرھاد شىرىننى سىزسا، شاپۇر باشقىلارنى سىزاتتى. پەرھاد جانىۋارلارنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، شاپۇر باشقا تەسۋىرلەرنى سىزاتتى. پەرھاد شۇ تەرىقىدە ئۇ ئاينىڭ سۈرىتىنى، ئۆزىنىڭ تاش ئۈستىدىكى سۈرىتىنى سىزىپ چىقتى. پەرھاد ئۇ ئاي يۈزلۈك، جاھاننى زىننەتلىگۈچىنىڭ سۈرىتىنى سىزىۋاتقىنىدا بەزىدە ئاھ-ۋاھ چېكەتتى.

شۇ تەرىقىدە ھېلىقى قەسىرنى زىننەتلىدى. بۇ قەسىر گۈزەللىكتە چىننىڭ سۈرەتخانىسىغا ئوخشىدى. ئاخىر قەسىرنى شۇنداق زىننەتلەپ پۈتتۈردى. كۆلنىمۇ ياساپ تۈگەتتى. ئاندىن كېيىن بىر ئېرىق قازدى. بۇ ئېرىق قەسىرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ئېرىقنىڭ بىر ئۇچى ئۇ دەرگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، شەھەر تەرىپىگە قويۇلاتتى. ئېرىقنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مىڭ گەز كېلەتتى. سۇ ئۇ يەردىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقاتتى. بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن تۆۋەندە باغ-بوستانلار بەرپا قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

تاش كېسىش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاش كەسكۈچى سۇنى باغلاپ، شەھەرگە باشلاش ئۈچۈن سۇنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر شەھەر خەلقىگە ئاڭلىنىپ، شەھەرگە غۇلغۇلا چۈشتى. شەھەر خەلقى بۇ ئىشنى كۆرگىلى تاغ باغرىغا قاراپ ماڭدى. تاماشا كۆرگىلى ماڭغان خەلقنىڭ تولىلىقىدىن تاغ-تۈز

كۆرۈنمەي قالدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يىغنە تاشلىسا يەرگە چۈشمەيتتى.

پەرھاد ئىبرىقنى ياقىلاپ ماڭماقتا ئىدى. بىچارە شاپۇرمۇ پەرھادنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي بىللە ماڭدى. تەڭداشسىز ھۈنەرۋەن پەرھاد كېتىۋېتىپ، كۆزىدىن توختىماي ياش تۆكەتتى. دىلبىرىنىڭ خىيالى ئۇنىڭ جېنىغا چۈشۈپ، ۋەيرانە خاتىرىگە ئوت تۇتاشقانىدى. قايغۇدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي، يېشى ئىبرىق سۈيىدەك ئاقاتتى. قايغۇ ئۇنى ھۇشىدىن جۇدا قىلىپ، بىچارىلىقتىن كۆزىنىڭ سەل يامغۇرىنى ياغدۇراتتى. ئۇ: «شۇنچە كۆپ خەلق بۇ تاغ-دەشتكە تولۇپ، تاماشاغا كەپتۇ، بىراق ئۇ ئاي قايسى تاغدىن چىقىپ كېلەر؟ مۇبادا ئۇمۇ تاماشا قىلغىلى كېلىپ قالسا، مەن بىچارە ئۆلمەي قالماسمەن، ئەگەر كەلمىسە، ناتىۋانلىق بىلەن ھالاك بولارمەن!» دېگەن خىياللار ئارىسىدا جىمىپ قالدى. خالايىقلار پەرھادنىڭ كەيپىياتىدىن ئەھۋالنى پەملەپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى.

مېھىنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىگە ئەلنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. كۆپلىگەن تەكەللۇپلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ ھەر قەدىمىگە پۇللارنى، ھېسابسىز جاۋاھىرلارنى چاچاتتى. لېكىن بېشىغا چېچىلغان ئۈنچە-ياقۇتلار ھىجران تاشلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن كۆك سۈپەتلىك ئاتلىقلار يۇلتۇزدەك تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. تېز يۈرگەنلىكتىن ئاتلىقلارنىڭ ئاياغلىرى قاپىرىپ كەتكەنىدى. پەرھادنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ ئاتلىقلار بىردەم توختاپ ئارام ئالسا ئىدى، بۇ چاپقۇر ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيسەم» دېگەن خىيال چېكەتتى. خالايىق پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دەردىنى چۈشىنىپ، زار-زار يىغلىشاتتى.



پەرھاد تېز قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۆۋە-دۆۋە تاغدەك ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ قەيەرگە قەدەم قويسا، خەلقمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇ تەرەپكە يۆزلىنەتتى. شۇ ھالدا مېڭىپ سۇنىڭ بېشىغا يەتتى. ئۇ: «زامانغا غەۋغا سالغۇچى گۈزەل كېلىپ قالارمىكىن» دەپ، سۇنى ئاچماي، دەم ئېلىشنى باھانە قىلىپ، توختاپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى، يۈرىكىدە ئوت كۆيەتتى. كۆزى تۆت بولۇپ ئەتراپقا قارايتتى. **نەزمە**:

كېتۇر ساقى مەيى دەفئى ئەت خۇمارىم،
كى، ئۆلتۈردى خۇمارى ئىنتىزارىم.
خۇمارى ھەجر بەس مۇھلىك بەلادۇر،
ئاڭا يا ۋەسل يا خۇد مەي دەۋادۇر.

※ ※

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت ساھىبلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ تاغ ئارىسىدا تاشلارنىڭ باغرىنى يارغان كىشى پاك ۋە سۈزۈك سۈيىنى مۇنداق ئىچەتتى:

ۋاقتىكى، پەرھاد سۇ ئېچىشقا ماڭغاندا، شىرىنگە تەرەپ-تەرەپتىن: «ئىبرىق قازغان ئۇ پاك ۋە ساددا كىشى كۆككە ئوخشاش قەسىرنى ياساپ، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە تالاي ئىشلارنى ئىشلەپتۇ. قەسىرنىڭ پەنجىرە-تاملىرى ئاسمانغا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق نەقىش ۋە رەسىملەرنى سىزىپتۇ. بۇلارنى كۆرسە، كىشىلەر خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ. بۇ خىل ئىشلار ئادەمزاتنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇ تاش كەسكۈچى يۈزلىگەن قايغۇ تاغلىرىنى كۆڭلىگە

سىغدۇرۇپ، كۆزىدىن تۆمەنمىڭ غەم سەللىرىنى تۆكۈپ، ئاھىدىن ھەر نەپەستە ئوت چېچىپ، سۇ ئىچىشقا مېڭىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. گۈزەل شىرىنمۇ يوشۇرۇن كۆيۈشتىن ئارام تاپالمايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەۋرى-تاقىتى تۈگىدى. لېكىن ئۇ ھوشىنى يىغىپ: «دەرھال ئات كەلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭغا تېزلىكتە بوز ئاتنى كەلتۈردى. بۇ ئات پەلەكتەك يۈرۈشلۈك، ئۈنچە-مەرۋايىتتەك يالتىراق ئىدى. شىرىن گويا شەرق قۇياشى پەلەك ئېتىغا مىنگەندەك ئۇ ئاتقا مىنىپ، سۇ سەيلىسىگە راۋان بولدى ۋە مېھىنبانۇغا: «مەن سۇ بويىغا بېرىپ، بىر پەس توختاپ تۇرىمەن. ئۇ تاش قازغۇچى مەن يېتىپ بارغۇچە ئېرىققا سۇ ئاچمىسۇن» دەپ، دەرھال كىشى چاپتۇردى. مېھىنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ دىلى سۇنۇق پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ:

— بىزدىن ساڭا مالاللىق يەتتى، شۇڭا بىزگە خىجالەتچىلىكتىن باشقا ئىش قالمىدى. كۆپ ھۈنەر ئىشلىتىپ، جاپا تارتتىڭ. ئەمدى بىردەم ئارام ئالغىن. ئۇ گۈليۈزلۈك سەرۋى يولغا چىقىپتۇ. بۇ يەرلەرنى ئۆز جامالى بىلەن يورۇتۇپ، ئېرىق بويىدىن سەرۋى گۈلدەك ئورۇن ئالىدۇ، — دەپ، پەرھادقا ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. شۇ يەرگە تەخت قويۇشقا ئەمر قىلدى. ئۆزى تەختكە چىقىپ ئارام ئالدى. پەرھادنى سۆز بىلەن رام قىلىپ، دەرھال يەرگە يىپەك زىلچىلارنى سالدۇرۇپ، ھالى پەرىشان پەرھادنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. پەرھاد تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، دەردلىك ئاھى بىلەن خالايىقنى ئۆرتەپ، گويا پەرىشتە پەلەك ئالدىدا ئورۇن تۇتقاندەك مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئورۇن ئالدى. مېھىنبانۇ پەرھادقا مەرھەمەت قىلىپ، كۆڭلىنى ياساپ، شەپقەت بىلەن سۆزلىسە، پەرھاد ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ، كۆزىنى يەرگە تىكەتتى. ئۇ ئۇلۇغلۇقى، ئەدەبلىكلىكى بىلەن ئۆزىنى خەلققە گويا تاغ ئالدىدىكى



خەس-خەشەكتەك كۆرسەتتى. بەزىدە مېھىنبانۇغا ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ھەر بىر سۆزى سۈزۈك ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن زېرەكلىكى، يۈزىدىن بولسا، ئەقىل-پاراستى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار شۇنداق رەسىم-قائىدىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، يىراقتىن تۇتىيا رەڭلىك چاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ چاڭ-توزان تولغىنىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاسمان ئەمەس، بەلكى قۇياشنىڭ كۆزىنىمۇ روشەنلەشتۈرگەنىدى. ئۇلار بۇ سۈرمە رەڭلىك چاڭ-توزاننى كۆرۈپ: «پەلەك سۈرمە بىلەن بىرلىشىپ كېتىپتۇ، بۇ گۈزەللىك ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق ئاينىڭ چاڭ-توزىنى. **نەزمە**:

ھەمانا خوبلار سۇلتانىنىڭدۇر،
جەمالى ئەۋجى مەھ تابانىنىڭدۇر.

ئۇ بۇ تەرەپكە ئېتىنى سۈرۈپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ چاڭ-توزانىدىن شەرق قۇياشىمۇ كۆرۈنمەي قالدى» دېيىشتى.

خالايىقنى سۇنىڭ بېشىدىن، بەلكى پەرھاد بىلەن مېھىنبانۇنىڭ قېشىدىن يىراقلاشتۇردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرھادنىڭ تېنىگە تىترەك چۈشتى. ئۇنىڭ ھارارىتى جىسمىدىكى قانلارنى قۇرۇتتى. مېھىنبانۇ كېلىپ پەرھادقا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شىرىننىڭ بېشى بىلەن قەسەمياد قىلىپ دېدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى بەردەم تۇت. كۆڭلۈڭ بىلەن كۆزۈڭنى ئاسرا. مۇبادا ھوشۇڭنىڭ يىپى چۇۋۇلسا، بىرنەچچە يىل قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ نەتىجىسى يوقىلىدۇ. مەجنۇنلۇقۇڭ سېنى مەغلۇپ قىلىۋەتسە، ئۇ پەرى سۈرەتلىك ئەل-جامائەت ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ زاماننىڭ كىشىلىرى ئەيىب ئىزدىشىدۇ. بۇ ئىشىڭ ئۇلارغا باھانە بولۇپ قالمىسۇن. ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ، ئۇ ھۆرنىمۇ پەرىشان قىلمىغايسەن، —

مېھىنبانۇ پەرھادقا شۇ خىلدا كۆپ تەلىم بەردى ھەم تەسىرلىك قەسەملەرنى ئىچتى.

ناتىۋان پەرھاد ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچە، ئۇ گۈزەل پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇ نۇرلۇق يۈزى بىلەن ئالەمگە ئوت ياقتى. خالايىق سەمەندەرگە ئوخشاش ئوت ئىچىدە قالدى. ئۇ گۈزەلنىڭ يۈزى ئۈستىدىكى چاچلىرىنى ئەنبەر ھىندلىق دېمەك، بەلكى ئۇ ئوتتەك يانغان يۈزلەر قارا ئەنبەرگە ئوخشاش تۈتۈنىنى كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ئۇ ئوتنىڭ يالقۇنى جاھاننى ئۆرتەپ، تۈتۈنى يۈز خانۇماننى قارا قىلدى. ئۇ گۈليۈزلۈك سەرۋى ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۈزىنىڭ ئوتىدىن سۇ ئېقىپ، سۇدىن گۈزەللىك بۇلىقى نامايان بولدى. بۇ سۇ گوياكى كۆڭۈلنى ئېلىپ قاچقۇچى ئاپەت سېلىگە ئوخشايتتى. يۈزىدىكى مېڭى گۈل ياپراقلىرى ئارىسىدىكى قارغىدەك، تەر باسقان گۈلدەك، يۈزى سۇ ئىچىدىكى باغدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنى سۇ دېمەك، بەلكى ئۇ تىرىكلىكنىڭ سۈزۈك سۈيىدۇر. بۇ سۇنى خىزىر بىلەن ئىسكەندەرمۇ تاپالمىغان. بۇ سۇ كۆركەملىكتە گۈل ئۈستىدىكى شەبنەمدەك يالتىرايتتى ۋە سۇمبۇل چېچىغا ھەر نەپەستە يۈز تامچە چېچىلىپ تۇراتتى. بۇ تامچىلار چېچىنىڭ زۇلمەتتەك تۈتۈنى ئىچىدە يۈز مىڭ ئىسكەندەر سەمەندەرگە ئوخشاش ياتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدىكى رەنا قەددى-قامىتى ھەممىگە بالايىئاپەتلەرنى چاچاتتى. گويا ئاي بۇلۇت ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك، ئۇ گۈزەل قۇياشتەك يۈزىنى نىقاب ئىچىگە يوشۇرغانىدى. زامانغا غەۋغا سالغۇچى گۈزەل شۇ تەخلىتتە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تاقىسى زاماننىڭ بېشىنى ئېزىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. مېھىنبانۇ دىلسىز پەرھادقا قاراپ:

— قېنى تېز ماڭغىن، ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بولۇپ، قول سالغىن. زاماننىڭ ئاپتى بولغان ئۇ گۈزەل بۇ ياققا يول ئاپتۇ. سەن ئۇ تەرەپكە نەزەر سالما، مەسلىھىتىم شۇ. بۇ ساۋاقلارنى ساڭا غەرەزسىز ئېيتتىم، — دېدى.



ئۇ جاپاكەش مېھىنبانۇغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاپۇرنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە مېتىنىنى قولىغا ئېلىپ، سۇ ئېچىشقا تۇتۇش قىلدى. گۈزەل پەرىزاتمۇ بۇ جايغا دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئېرىقنىڭ ئىچ-سىرتىغا نەزەر سېلىپ، ھەردەم بېشىنى تەۋرەتتى. بۇ يەردىكى ئىشلارغا قارىغانسېرى ھەيرانلىقى ئېشىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى. ئۇ گۈزەل پەرھادقا مەدھىيە ئېيتىشتىن باشقا سۆز تاپالمايتتى.

ئەلقىسسە، مەجنۇن پەرھاد سۇ ئېچىشقا مېتىن ئۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئېرىقنىڭ توغىنىنى ئاچتى. ئۇ سۇنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، ئېرىقنى ئوڭشىدى. سۇ توسۇلۇپ قالغان يەردىكى تاشلارنى ئېلىپ تاشلىدى. ئېرىق تۈگمەننىڭ نورىغا ئوخشايتتى. سۇ خۇددى تۈگمەن نورىدىن چۈشكەندەك تېز ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى خالايىق ئىچىگە غەۋغا چۈشۈپ، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خۇشاللىقتا چۆمگەن كىشىلەر ناخشىلارنى كۈيلەپ، سازەندىلەر ئېرىقتىكى سۇنىڭ شاۋقۇنىغا جور بولۇپ مۇزىكا ياڭراتتى.

مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن سۇدىن ئىلگىرى قەسىر ئالدىغا يېتەكچى بولۇپ، ئات سۈرۈشتى، لېكىن سۇ شۇنداق تېز ئاقتىكى، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە چاپقۇر ئاتلارمۇ يېتىشەلمىدى. كىشىلەر سۇغا ئەگىشىپ بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلىشىپ، توپ-توپى بىلەن يۈگۈرۈشەتتى.

پەرھاد خالايىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەمما كۆزى ئۇ ھۆر-پەرىزاد تەرەپتە ئىدى. ئۇ گۈزەل ئون ياغاچلىق يولغا ئات چاپتۇرغانىدى، پۈتۈن تاغ ۋە چۆلنىڭ ئىچى ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە يەتتە-سەككىز ياغاچلىق يولغا چاققانلىق بىلەن ئات سالدى. شامالدەك ئۇچۇۋاتقان ئاتقا ئۆزىنىڭ تۇياقلىرى يۈك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئات تېز چاپقانسېرى ئۇ پەرى سۈپەتلىك گۈزەل يىقىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى ۋە كۆپ كۈچىنىپ

ئۆزىمۇ ئارام ئالماقچى بولدى.
چاپقۇر ئاتنى توختىتىشقا ئۇرۇندى. ئۆزىمۇ ئارام ئالماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ چاپقۇر ئات توختىماي ھەدەپ چېپىشقا پۇتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇ گۈزەل يىقىلىش خەۋپىدە تۇرغىنىدا، ئاشىق پەرھاد گۈزەل يارنىڭ يەلتاپان ئاتتىن يىقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ مەجنۇنلارچە ئېگىلىپ تەستە بەجا كەلتۈردى-دە، قۇياش ئاستىدىكى كۆكتەك ئېگىلىپ، يەلتاپان ئاتنى دىلنى تارتقۇچى گۈزەل بىلەن قوشۇپ گەجگىسىگە ئالدى ۋە بىر قولى بىلەن ئاتنىڭ ئالدىنقى پۇتىنى، يەنە بىر قولى بىلەن كەينى پۇتىنى مەھكەم تۇتتى. ئۇ يەلتاپاندىنمۇ تېزلىك بىلەن نەچچە مىل يول باستى. يولنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئەلنىڭ كۆزىگە سۈرمە بولدى.

مېھىنبانۇ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، لېكىن بۇنىڭغا ئىلاجى يوق ئىدى. ئاشىق پەرھاد ئىككى-ئۈچ ياغاچلىق يولنى باستى. ئاخىر قەسىر بىلەن كۆل كۆرۈندى. ئۇ ئات ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۈزەلنى قەسىرنىڭ ئايۋىنىغا ساق-سالامەت ئېلىپ كېلىپ، يەرگە قويدى. شۇنداق قىلىپ پەرھاد ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەلنى سۇ بىلەن تەڭ قەسىرگە يەتكۈزدى ۋە قەددىنى تۈزۈپ، گۈزەلنىڭ بېشىدىن ئايلاندى. ئۇنىڭغا تەستە بەجا كەلتۈرۈپ، زار-زار يىغلىغىنىچە قەسىردىن قايتىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۇ تاغ ئۈستىگە باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، پىغان چەكتى.

پەرھاد تاغ ئۈستىگە بۇلۇتتەك چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئېرىقتىن سۇ سەلدەك ئېقىپ كەلدى. بۇ سۇ بىلەن كۆل ۋە ئېرىقلار لىپمۇلىپ تولۇپ، قەسىر ئەتراپىنى ئايلانغاندىن كېيىن دەشت تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ ئېرىقنىڭ ئىسمىنى «بەھرۇل-ھايات» (ھاياتلىق ئېرىقى) دەپ ئاتىدى. كۆككە ئوخشاش كۆلگە بولسا، «بەھرۇن-نەجات» (نىجاتلىق دېڭىزى) دەپ ئات قويدى.

ئەي ساقى، سەن ماڭا دېڭىزدەك كەڭ كۇپتا شاراب كەلتۈر. قەدەھ كېمىسىنى ئۇ دېڭىزغا سال. جېنىمنىڭ ھاياتلىقى ئۇنى پاك-پاكىز ئىچىشتە، ئۆمرۈمنىڭ نىجاتلىقى ئاشۇ شاراب دېڭىزىنى



تۈگىتىشتە دۇر. **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، تەغارى بەھرى تىمسال،
قەدەھ كىشتىسىن ئول مەي بەھرىغە سال.
ئارىغ ئىچمەك ئېرۇر جانىم ھاياتى،
تۈگەتمەك بەھرى مەي ئۆمرۈم نەجاتى.

※ ※

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، سۇ تاش كۆلدە دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەر خالايىققا خېلى ۋاقىتلارغىچە سەيلە-تاماشا ئورنى بولۇپ قالدى.

مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن بۇ مۈشكۈل ئىشلارنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال بولدى ۋە چىرايلىق قۇرۇلغان بۇ قەسىرنى باشتىن-ئاياغقىچە يىپەك گىلەملەر بىلەن زىننەتلەپ، ئىمكانىيەتتىن ئارتۇق ئەيش-ئىشرەت تۈزۈپ، ئۇزۇنراق كۆڭۈل ئېچىشنى بۇيرۇدى. بىراق ئۇ گۈلييۈزلۈكنىڭ يۈزى تارتقان دەردلىك ئاھىنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئايدەك سېرىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك دىلسىز پەرھادنىڭ قايغۇسى بىلەن يۈرىكى ناھايىتى كۆپ سىقىلغانىدى. مېھىنبانۇ ئۇ گۈزەلنىڭ خىيالىنى بىلىپ، مۈشكۈللۈكتە قالدى. بۇ ئىشقا چارىمۇ تاپالمىدى. چۈنكى بۇ خرۇستال ئەينەك بىلەن گرانىت تاش ياندىشقىنىدەك نازۇك بىر ئىش ئىدى. مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ مەجنۇنلۇقىنى، ئۇ گۈزەلنىڭمۇ قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئاي يۈزلۈككە قاراپ:

— ئەي جېنىمنىڭ رىشتىسى، بۇ مۇڭلۇق جېنىمنى جامالىڭ بىلەن شادلاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ شەيدا يىگىت كۆپ جاپالارنى چەكتى. ئۇنىڭ ھەققىگە يۈز مىڭ خەزىنە ئازلىق قىلىدۇ. ئەمما

ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ئېھتىياجى يوق، شۇڭا خەزىنىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. مۇۋاپىقى شۇكى، ئۇ بىزنىڭ مۇرۇۋۋەت قىلىشىمىزغا سازاۋەر بولۇشى لازىم. ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەيلى. كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككىمىز مېھماندارچىلىقىمىزنى نامايان قىلايلى، ئۇنى شاھانە كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرەيلى. بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىمىزگە رام قىلىپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىشلارغا ئۇ ئانچە ئېتىبار قىلماي قالغاندىمۇ، بىز قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز. گەرچە بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ كۆڭلى رازى بولمىسىمۇ، ئەلنىڭ ئېتىرازى ۋە تاپا-مالامەتلىرى بىزدىن ساقىت بولغۇسىدۇر، — دېدى.

بۇ سۆزلەردىن ئۇ لەيلى رۇخسارنىڭ يۈزى گۈلدەك ئېچىلدى. مېھنبانۇ گۈزەلنىڭ رايى بويىچە، دەرھال پىلانلانغان بارلىق ئىشلارنى بېجىرىشكە پەرمان چۈشۈردى. بېجىرگۈچىلەر مېھنبانۇنىڭ رەسىم-قائىدىلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ سائەتتىلا بەزمىنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ تۈگەتتى. بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن، مېھنبانۇ ئۇ لەيلى رۇخسارغا:

— كۈندۈزى پەرھاد ياسىغان يورۇق ئايۋاننىڭ كۆل ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەرىپىدە شاراب ئىچىشنى باشلايمىز. بۇنىڭدىن مەقسىتىمىز سۇنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت. قاراڭغۇ تۈن جاھانغا مۈشك چېچىپ، ئاندىن پەلەك ئاق چىرىغىنى ياندۇرغاندا قەسىر ئىچىدە ئارام ئېلىپ قەدەھ كۆتۈرەيلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەقىللىق دانىشمەننى ئەتراپنى ئىزدەپ، پەرھادنى بۇ سورۇنغا ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ھىجرانلىقتا قالغان ناتىۋاننى ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ۋە تارتقان دەرد-ئازابى ھېسابسىز ئىدى. ئۇ دەرد-مۇشەققەتتە تاقەتسىزلەنگەن بولۇپ، غەم-ئەندىشە ئوتى ئۇنىڭدىن يالقۇنلاپ تۇراتتى. پەرھادنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى كۆرگۈچىلەرگە مالاللىق يۈزلەندى. ئۇلار



پەرھادقا دەرھال تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. ھىجرانلىقتا قالغان ناتىۋان ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، سەلدەك ياش تۆكتى ۋە:

— ئەي جېنىمنىڭ ئۈمىدلىرى، ئەبەدىي ئۆمۈرلۈكلىرىم، ئىزلىرىڭىزلارنىڭ چاڭ-توزانلىرى — مېنىڭ تاجۇ تەختىمنىڭ پەخرىدۇر. ئېيتقىنىڭلارنى قىلماسلىقتا ھەددىم يوق، — دېدى.

ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. پەرھادقا شاھلارغا مۇۋاپىق ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۆزلىرى بولسا، لەشكەرلەر سۆپىتىدە يۈرۈپ، پەرھادنى شاھانە بەزمىگە باشلاپ كەلدى.

مېھنبانۇ پەرھادنى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن كۇرسى ئۈستىدە ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. مېھنبانۇ نېمىنى بۇيرۇسا، ئۇنىڭ ھەممىسنى ئورۇندىدى. شاپۇرمۇ مېھنبانۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كۇرسى ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. پەرھاد كۇرسى ئۈستىگە چىقىپ ئورۇنلاشقىنىدىن كېيىن، مېھنبانۇ پەرھادقا قاراپ سۆز باشلىدى. ئۇ نۇقسانسىز ئۆزرىلەرنى ئېيتتى ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى ئادا قىلدى.

پەرھادمۇ ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى چۈشىنىپ، خىجالەتلىك بىلەن جاۋاب بەردى. ئادەمگەرچىلىك سۆزلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دەرھال تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولغان سان-ساناقسىز داستىخانلار سېلىندى. نېمەتلەرنى يەپ ئىشتىھا تۈگىگەندىن كېيىن، ساقىلار بەزمىگە مەي شىشىلىرىنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. پادىشاھلارغا خاس شۇنداق بەزمە تۈزۈلدىكى، بۇنداق بەزمىنى تەتۈر ئايلانغۇچى پەلەك كۆرۈپ باقمىغانىدى. شىشىلەردىكى مەيدىن جانلار قۇۋۋەتلەندى. ھەر بىر قەدەھ گوياكى بىر پارچە ياقۇت ئىدى. گۈل رەڭلىك مەيلەر سۈزۈكلۈكىدىن چاقناپ تۇرغان قىزىل ياقۇتتەك كۆرۈنەتتى. ياقۇت ئىدىشلار بىر قەلئە، ئىچىدىكى مەي تىلسىم قىلىنغان خەزىنە ئىدى. بۇ تىلسىمنى تاپقان كىشى ناۋادا ئۇنى ئاچسا، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن تەلۋە بولۇپ يىقىلاتتى.

ۋاقتىكى، مېھنبانۇ بۇ ياقۇت رەڭلىك مەينى ئىچتى ۋە پەرھاد بىلەن شاپۇرغا تۇتتى. ئۇلارمۇ ئىچىشكە باشلىدى. زىيادەت

ئورنى — جەننەت بېغىدىن نىشانە، شاراب — ھاياتلىق سۈيىدىن نەمۇنە ئىدى. پەرھاد خۇش مۇئامىلىك بىلەن تەبەسسۇم قىلسا، ساقىلارمۇ ئۇنىڭغا شىرىن سۆزلەر بىلەن يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى. سازەندىلەر خۇش ئاۋازى بىلەن كۈيلىگىنىدە، جانلار ئويناپ ئۆز پەردىسىدىن چىقىپ كېتەتتى.

بۇ بەزمىدە ئون گۈزەل قىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى گۈلگە، قەددى-قامىتى سەرۋىگە ئوخشايتتى. ئۇلار شىرىنىنىڭ مەخسۇس قىزلىرى ئىدى. مېھىنبانۇمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر بىرى بىر پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئىلمىدە ماھىر ئىدى. **نەزمە :**

بىرى ئەشئار بەھرى ئىچرە غەۋۋاس،
بىرى ئەدۋار دەۋرى ئىچرە رەققاس.
بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت روقۇمىغە قەلەمكەش.
بىرىنىڭ شىۋەسى ئىلمى ھەقايىق،
بالاغەتدە بىرى ئايتىپ دەقايىق.
بىرى تەئرىختە سۆز ئەيلەپ فەسانە،
بىرى ھېكمەت فەنى ئىچرە يېگانە.
ھېساب ئىچرە بىرىنىڭ زېھنى بارىپ،
مۇئەممادە بىرىسى ئات چىقارىپ.
بۇ فەنلەردە بۇلار بىر-بىردىن ئەھسەن،
يۈز ئول فەنلىق ئارا ھەرقايىسى يەكفەن.
دىلارامۇ دىلارايۇ دىلاسا،
گۈلەندامۇ سۇمەنبۇيۇ سۇمەنسا.
پەرىچېھرە پەرىزادۇ پەرىۋەش.
پەرى پەيكەر زېھى ئون ئىسمى دىلكەش.

ۋاقتىكى، لىپمۇلىپ تولغان دەۋر قەدەھى ئايلىنىشقا باشلىدى.



بەزمە ئەھلىنىڭ مېڭىسى گويا ئاشۇ بەزمىنىڭ ئۆزىدەك قىزىدى. مېھىنبانۇ ئۆزىنىڭ كامالىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن نازۇك سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ بىرەر ئىشارەت قىلسا، بۇلار يېقىملىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. پەنلەر بازىرى ئىچىدە غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بۇ غەۋغاسى ئاتارود ①قا يەتتى. ھەر بىر گۈزەل ئۆزى بىلگەن پېنىدىن ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ۋاقتىكى، پەرھاد ئۇلارغا دىققەت قىلىپ، ئۇنۇتقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ شارابنىڭ كۈچىدىن غەيرەتلىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ كۆتۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك تەبىئىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ كامالەت ئىگىسى ئىدى. پەرھاد روشەن تەبىئىتى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، ھەر بىر قىزغا ئىگىلىگەن پېنى بويىچە سوئال قويايتتى. ئەمما گۈزەللەر جاۋابقا ئاجىز كېلەتتى. ئۇلار بۇنداق قىيىن مەسىلىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا بۇ تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن بىر ھەرپمۇ تاپالمايتتى. پەرھاد بىرنەچچە جۈملە پاساھەتلىك سۆز بىلەن ئۆزى قويغان مەسىلىنى يېشىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىدراكى نۇقسانسىز ئىدى. ھەربىر سۆزى بىر ئېسىل گۆھەر ئىدى. ئۇ بىلىم ئىگىسى ھەرقاچان سۆزگە تىل ئاچسا بەزمىدىكىلەر ئەقىل-ھوشىدىن ئايرىلاتتى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيرەتتە قېلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتتى. پەرھادنىڭ سۆزلىرىدىن تەگرى سىرلىرى ئايان، جامالىدىن شاھلىق نۇرى نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ يۈزى نۇرلۇق ئايدەك قىزارغانىدى. ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان ساقال-بۇرۇتى ئاينىڭ قوتانلىغىنىغا ئوخشايتتى.

مېھىنبانۇ دانىشمەنلەرنىڭ شاھى ئىدى، شۇڭا ئۇ: « تاش كەسكۈچى بۇ يىگىت گۆھەر قادالغان تاجدىن بېشىنى قاچۇرغان. ئۇلۇغلۇقىدىن ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ، بۇ بەزمىدە ئاز سۆزلەۋاتىدۇ.

① ئاتارود — مىركۇرى سەييارىسى.

كىشىلەر گۆھەرنى شەبنەم دەپ ئاتىۋالسىمۇ، ئاخىر ئۇنىڭ گۆھەر ئىكەنلىكى ناھايىتى تېز ئاشكارىلىنىدۇ» دەپ جەزملەشتۈردى ۋە تەختتىن چۈشۈپ پەرھادنى ئەدەب بىلەن تەختكە تەكلىپ قىلدى. پەرھادمۇ كەمتەرلىك بىلەن:

— جېنىم بىلەن مىننەتدارمەن، ئەگەر بالا تىغىنى كىرپىك بىلەن يېرىش، تىرناق بىلەن يەردىن قومۇرۇشقا بۇيرۇساڭمۇ ئۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتمايمەن. بۇ ئىشلار ماڭا تەختكە چىقىشتىن يۈز ھەسسە ئاساندۇر. گادايدىن سەلتەنەت تەختى كۆپ يىراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تۇپراق ئۈستىدە يېتىش ياخشىراقتۇر، — دېدى.

مېھىنبانۇ پەرھادتىكى ھېسابسىز ئەدەب-ھايانى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇندىماقچى بولدى:

— ئەگەر سەن تەختتە ئولتۇرۇشنى خالىمىساڭ مەنمۇ يەردە ئولتۇرۇشۇم لازىم، — دېدى-دە، زىننەتلىك تەختنى ئۇ يەردىن ئالدۇرۇۋەتتى. يەرگە پارقىراپ تۇرغان پالاس ۋە شاھانە بىساتلارنى سالدۇردى. بىسات ئۈستىگە پەرھادنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئولتۇردى.

ئىككىنچى قېتىم مەي قەدەھلىرى ئايلىنىشقا باشلىدى. يالغۇز پەرھاد يەنە سۆز گۆھەرلىرىنى چاچتى. سۆزى بىلەبىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى كۆزى ئۇنىڭدىن ئارتۇق گۆھەرلەر چاچتى. ئۇ ئاينىڭ ھىجرىدىن جېنىغا تاقەتسىزلىك بىلەن يىراق ئوتى چۈشۈپ، قايغۇسىدىن پەلەك ئايۋىنى ئېگىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ پەرى سۈپەتلىك گۈزەل پەردە ئارقىسىدىن بەزمىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇراتتى. كۆزىدىن تىنماي ياش تۆكەتتى. بەزىدە ھوشىدىن كېتىپ، بەزىدە ھوشىغا كېلەتتى. ئۇ پەرىگە ئوخشاش كىشىلەر نەزىرىدىن ئۆزىنى يوشۇرغان بولۇپ، باشقىلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنى كۆرمەيتتى.

بىراق مېھىنبانۇ شىرىننى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قوغدايتتى. پەرھادنىڭ ئالماسنىمۇ يۇمشاتقۇچى كۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ



قالماسلىقىنى ئويلايتتى. لېكىن شىرىننىڭ كۆز يېشى بېشىدىن ئاشقان، پەرھادنىڭ ئوتلۇق ئاھىدىن ئالەمگە ئوت تۇتاشقانىدى. مېھىنبانۇ: «بۇ مۆڭگۈلۈك يىگىتتەك ساپ گۆھەرنىڭ ئالەمدىن تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ماڭا ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى روشەن بولدى. ئۇنىڭ ئادىتى پاكلىق ۋە راستچىللىق ئىكەن. شىرىنگە بىر نۆۋەت قاراشقا تاقەت-مادارى يەتمەيدۇ. ئەگەر قارىسا جېنى چىقىپ خاراب بولۇشقا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن پەرىشتە ئىكەنلىكى ھەر بىر پەزىلىتىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا يامان نىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆزى ۋە قەلبىدە پاكلىقتىن باشقا نەرسە يوق. ئۇنىڭ ئەسىر بولغان جېنى ئىشتىياق ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىم ياخشى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام، ئۇ ھالاكەتلىك قايغۇ بىلەن جېنىدىن ئايرىلسا، قان قەرزى بويۇنۇمغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن كۆچۈردى-دە، خادىملىرىغا:

— ئۇ ياخشىلارنىڭ شاھى ۋە گۈزەللىكنىڭ چوققىسىغا ئېيتىڭلار، مېھماندارچىلىق قائىدىسى بويىچە بىردەم بۇ يەرگە چىقىپ، ئايدەك يۈزى بىلەن مېھماننىڭ كۆزىنى يورۇتسۇن، يېقىملىق سۆزى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى، يۈزى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى مېھمان قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

شىرىن پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى ۋە جېنى ئارام تېپىپ، دەرھال بەزمىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ چىرايلىق قەدەم تاشلىشىدىن ئالەم قوزغىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىدە مۇھەببەت ئوتىدىن ئەسەرلەر، كۆزىدە ياش سېلىدىن خەۋەرلەر بار ئىدى. ھىجران سەۋەبىدىن ئاققان كۆز يېشى بىلەن كىرپىك ئوقلىرىنى سۇغىرىپ، پەرھادنى مىتىنىدەك ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. پەرھاد تاشلارنى پارچىلىغان بولسا، ھازىر شىرىن كۆز يېشى بىلەن قېنىنى تۆكمەكتە ئىدى. ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاھىنىڭ شاملى پەسەيمەيتتى. بۇ شامال بىلەن زۇننار چاچلىرىنىڭ تۈگۈنلىرىنى

ئاچاتتى. چاچلىرىنىڭ ھەر بىر تالاسى يۈزلەپ ئىمانلىقلارنى كۆيرىلىق چۆلۈۋۈرىغا باغلاپ قوياتتى. يۈزىنىڭ ئوتىغا كۆز يىشىدىن سۇ چېچىپ، خەلقىنىڭ كۆيمىكىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئىسرىق سالاتتى. قاشلىرىدىكى تۈگۈنلەردىن ئۇنىڭ غەم قايغۇسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جاھانى زىننەتلىگۈچى جامالى زامانغا مىننەت قويسا، بۇ ئىشتىن زامانمۇ جانلارغا مىننەت قوياتتى. قۇياشتەك چىرايى بىلەن جاھانى يورۇتۇپ، قاشلىرى بىلەن پەلەك تاقىنىڭ ئايۋىنىنى روشەنلەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ قىزىل ياقۇتتەك لېۋى جانغا ئوت ياقسا، پەردىلەنگەن چېھرىسى جاھانغا ئوت ياقاتتى. ئۇ، تۆت ئاسمان پەردىسى كەينىدىن قۇياش يۈز كۆرسەتكىنىدەك، پەردىلەر كەينىدىن چىراي كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن گويا قۇياش نۇرىدىن زەررىلەر كۆتۈرۈلگەنىدەك، پۈتۈن بەزمە ئەھلى دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىشىپ تىك تۇرۇشتى. بۇ پەيتتە پەرھادنىڭ جىنىغا شۇنداق بىر ئوت تۇتاشتىكى، بۇ ئوت ئۇنىڭ پاك جىسمىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئايغا نەزىرى چۈشۈشى بىلەن بىر ئاھ تارتتى ۋە بۇ ئاھنىڭ تۈتۈنىدىن يەتتە ئاسمان قارىيىپ كەتتى. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ، يىقىلىشقا ئاز قالغانىدى، لېكىن مەينىڭ كۈچى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇپ، يىقىلىشتىن ئامان قالدى.

مېھىنبانۇ شىرىننى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. شىرىن كېلىپ مېھىنبانۇ بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. ئۇ گوياكى قۇياش ئاينىڭ يېنىدا مەنزىل تۇتقانىدەك ئورۇن تۇتتى. پەرھاد ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ساقىلار ئارقىمۇ ئارقا قەدەھ تۇتۇشقا كىرىشتى. پەرى مەيگە لىپمۇلىپ تولغان قەدەھتىن ئىچىپ، ئۆزىنىڭ مەجنۇنىغا ئوخشاش سەرخۇش مەست بولۇپ قالدى. مەينىڭ تەسىرى بىلەن يۈزىدىن رومالنى كۆتۈردى ۋە ئادەمگەرچىلىكنى نامايان قىلدى.

ئۇ پەرھادقا قاراپ تىلدىن:

— ئەي، ئالەم خەلقىنىڭ نادىرى ۋە يېگانىسى. سېنىڭ زاتىڭ ئۇلۇغ ئىشلارغا قادىردۇر. سېنىڭ ھۈنىرىڭ، كامالىتىڭ ۋە پەزىلىتىڭ



ئالدىدا پۈتۈن جاھان خەلقى ئاجىزدۇر. كىمكى سېنى تەرىپلىمەكچى بولسا، ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى قۇياشنى روشەن، پەلەكنى ئېگىز دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ۋۇجۇدۇڭنى، جېنىڭنى بۇ دەۋران بارلىق بالالاردىن ئاسرىسۇن. يولۇڭغا قانچە خەزىنىلەرنى چېچىپمۇ ئۆزرىمىزنى ئادا قىلالمايمىز، — دېگەنگە ئوخشاش ئەڭ چىرايلىق مەۋايىتلارنى تۆكتى. ھەسرەتلىك پەرھاد ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ، تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ قالدى. ئۇ گۈزەل سۆز گۆھەرلىرىنى تۆكتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، پەرھادقا قەدەھ تۇتۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئون ئىشتا ماھىر بولغان ھېلىقى ئون قىزنىڭ ھەر بىرى جاۋاھىرلارغا تولغان بىردىن تاۋاقنى تۇتۇپ تۇراتتى. شىرىن نەگە قەدەم قويسا، ئۇلار شۇ ياققا لەئلى-ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى چاچاتتى. پەرھادمۇ جاۋاھىر چاچقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۆز مەرۋايىتلىرىنى چاچاتتى.

ئۇ پەرى شۇ شەكىلدە ئاستا قەدەم تاشلىغىنىچە پەرھادنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ياقۇت لېۋىگە قىزىل ياقۇتتەك مەينى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، پەرھادقا:

— بۇ قەدەھنى سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچىمەن، — دېدى. نەپىس يېپەككە ئورالغان شەمشاد قامەتلىك شىرىن مەينى سۈمۈرگەندە، پەرھاد ھوشىنى يوقىتاتتى. ئۇ مەيگە لىپمۇ-لىپ تولغان قەدەھنى قولىغا ئېلىپ پەرھادقا تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

— سەنمۇ مېنىڭ ئىشقىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچكىن.

شىرىن تۇتقان شارابتا ئىككى خىسلەت بار ئىدى. بىرى — كىشىگە ھاياتلىق بېغىشلىسا، ئىككىنچىسى — ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئاشىق مەينىڭ پۇرىقىدىن ئاللىقاچان مەست بولغانىدى. لېكىن بۇ ساقىنىڭ مەستكە قولداش بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش.

پەرھاد شىرىن تۇتقان قەدەھنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، قەدەھ نەقىشلىرىنىڭ نىشانىسىنى قالدۇرمىغۇدەك ئەلپازى بىلەن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئەگەر بۇ قەدەھ ئاسمان

قەدەھىدەك يوغان بولغاندىمۇ بىرتامچە قالدۇرماي سۇمۇرگەن بولار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇد نەقىشلىرى كۆڭلىدىن يۇيۇلدى. كۆڭلىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قۇتۇلدى: ئۇ ئۆزىنى ئۆزلۈكنىڭ قايغۇسىدىن، بەلكى پۈتۈن پانىي ئالەمدىن قۇتۇلدۇردى. پەرھاد قەدەھنى زامانىنىڭ بىگانىسىغا تاپشۇردى ۋە ئۆزىنى تۇپراققا تاشلاپ، بېشىنى ئۇ گۈزەلنىڭ ئايىغىغا قويدى-دە، بۇ ئالەمدىن باشقا بىر ئالەمگە كەتتى.

پەرىزات پەرھادنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ جىسمى يىقىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن كەتكەنلىكىنى سەزدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شىرىنمۇ پەرھادنىڭ يېنىغا يىقىلىپ، ھوشسىزلىق دۇنياسىغا كەتتى.

بەزمە ئەھلى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھەر ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا دەرھال ئەينەك تۇتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ نەپەسىدىن ھېچبىر ئەسەر تاپالمىدى.

پۈتۈن بەزمە ئەھلىدىن پەرياد-پىغان كۆتۈرۈلدى. **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، ماڭا مىرئاتى جامى،
كى ئاندىن تاپقامەن جانان نىشانى.
چۇ جانان ئەكسى كۆرگۈزگەي بۇ كۆزگۈ،
ئۆزۈمدىن بارغامەن ئول نەۋئىكىم سۇ.

※ ※

سىرلىق مەنزىللەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

پەرى سۈرەتلىكنىڭ تەسۋىرى نەقىشلىرىنى سىزغۇچى بۇ



ئۇزاقتىن ئۇزاق قىسسىگە تۆۋەندىكىچە قەلەم تارتىدۇ:

ۋاقتىكى، بۇ ئىككى جاپاكەش بەزمىدە ئىچىملىك تەسىرى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بەزمىدىكىلەر پەرياد چېكىشتى، ئىچكەن قەدەھلىرى جىگەر قېنىغا ئايلاندى. ئۇلار دەرھال بۇ گۈزەلنى كۆتۈرۈپ، يوشۇرۇنچە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە ئورۇن-كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى. ھالىدىن كەتكەن غەمكىن ئاشىقنى يەنە بىر تەرەپتىكى ئۆيگە ياتقۇزۇپ، بۇ بالا تېغىنىمۇ يىغىشتۇردى. ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى پەلەك تېخى بىر-بىرىنىڭ ۋەسلىگە قانمىغان بۇ ئىككى مۇھەببەتداشنىڭ ئارىسىدا جۇدالىقنى سالدى. ئىككىيلەن تاڭ ئاتقۇچە مۇشەققەت گۈرۈھىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھالسىزلىنىپ ياتتى.

پەرھادنىڭ تاڭدا تارتقان ئاھىغا ئوخشاش مەيىن تاڭ شامىلى چىقىپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىنى خۇددى قاپقارا تۇزانىنى سۈرگەندەك سۈرۈپ كەتتى. ئىشق سەۋداسىدا ھوشىدىن ئايرىلغان بۇ ئىككى ئاشىقمۇ ھوشىغا كەلدى.

پەرھات خىجالەتچىلىكتىن يۈرىكى سىقىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشەققەت تېغى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

پەرى سۈرەتلىك گۈزەل جېنىغا مالاللىق يەتكەن بىر ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەھۋاللار مېھنىبانۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەمسىزلىك چۈشتى. چۈنكى ئۇ يا قايغۇلۇق پەرھادنى خۇشال قىلىشتىن كېچەلمەي ياكى ئۇ ئاي يۈزلۈككە نەسىھەت كارقىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي قالغانىدى. ئەگەر پەرھادنىڭ كۆڭلىگە مەدەت بەرمەي دېسە، ئادەمگەرچىلىكى ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. مۇبادا مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەي دېسە، ئەل ئارىسىدا يامان ئاتاققا قېلىشىدىن قورقاتتى. لېكىن، پەرھادنىڭ مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى، شۇ ھالدا كېتىۋەرسە ئۇنىڭ ئىشق يولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەرھادنى بىرقانچە كۈندە بىرەر نۆۋەت چاقىرتىپ كېلەتتى. پەرھاد ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ قولىدىن بەخت جامىنى ئىچەتتى ۋە ھەر ئىككىلىسى

هوشىدىن كېتەتتى. پەرھاد ھوشىغا كەلگىنىدە پەرىنىڭ جىننى تۇمەنىمىڭ داغدا قالدۇرۇپ، تاغ تەرىپىگە راۋان بولاتتى. ئۇلار بىر قانچە مۇددەت شۇ ئەھۋالدا ھالسىزلىنىپ ئۆتتى.

ۋاقتىكى، بۇ قاملاشمىغان تەتۈر پەلەك مۇنداق ئاجايىپ بىر ئويۇننى كۆرسەتتى:

شۇ زامانلاردا غەربتە خۇسرەۋ ئاتلىق بىر ھۆكۈمران، ھۆكۈمرانلا ئەمەس، بەلكى، بىر جاھانگىر بار ئىدى. ئۇ ئىران ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھى، شاھلارنىڭ شاھى ئىدى. بۇ تېز ئايلانغۇچى پەلەكمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، پەرمانىنى بېجىرەتتى. ئۇنىڭ توپ-توپ قوشۇنلىرى جاھانغا لىق تولغانىدى. مەداين ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇ نەسەب جەھەتتىن كىسراغا تۇتىشاتتى، يەنى ئۇ كىسرانىڭ نەۋرىسى ئىدى، كىسرا ئۆلۈپ، باقا ئالەمگە راۋان بولغاندىن كېيىن، ھۇرمۇز ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئورۇنباسار بولدى. ھۇرمۇز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇسرەۋ پەرۋىز ئولتۇرۇپ، خۇسرەۋ دېگەن نامى، پەرۋىز دېگەن لەقىمى بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. بوۋىلىرىدىن تارتىپ تاكى ئاتىسىغىچە ھۆكۈمەت سەلتەنىتىدە ئولتۇرۇپ، ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ تەقدىر ھۆكمى بىلەن مەملىكەتنىڭ يەتتە ئەۋلاد ئاتا-بوۋىسىدىن ئۆزىگە مىراس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ئاشۇ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئۆزىدىن كېيىنكى تەخت ۋارىسلىرىغا كەينى-كەينىدىن پادىشاھلىقنى تاپشۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا خۇسرەۋ: «بۇ كونا دەۋران ھامان بىر كۈنى ماڭىمۇ دەرد قەدەھىنى تۇتىدۇ. ئۆمۈر پىيالەمدىكى ھاياتلىق شارابى تۇساتتىن قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن تەختىمدە ئورۇنباسار بولۇپ ئولتۇرۇشقا بىر پەرزەنت كېرەك» دەپ ئويلايتتى. گەرچە خۇسرەۋ سەدەبتىن ئىبارەت بىر خانىشنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن گۆھەردەك بىر پەرزەنتكە مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرزەنتى تەختى-تاجىغا لايىق ۋە تاجدارلار ئۇنىڭغا موھتاج بولغۇدەك ئەمەس



ئىدى. ئۇ يەنە بىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن تاجىغا لايىق گۆھەر تېپىشنى ئارزۇ قىلدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى: شورلۇق يەرگە گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى چاچسا، ئۇنىڭدىن ئۇششاق تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ؛ ئەگەر بۇلۇتتىن يېغىن ياغسا، ئۇنىڭدىن ھاياتلىق سۈيى بەھرە ئالىدۇ. بىراق، ئۇ سۇ ئېشەك مەرىسىگە نىسبەتەن زەھەر بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر چىمەنلىكتىكى گۈللەر سۇ ئورنىغا زەھەر ئىچسە ئۇنىڭدىن پەرۋىش تېپىپ، تېخىمۇ تاۋلىنىدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە قىلىنغان پەرۋىشنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە مەھسۇلىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ئەقىل دېھقىنى: «ئۇرۇق چاچقىلى ياخشى يەر كېرەك» دەيدۇ. **نەزمە**:

خىرەد دېھقانى ئانداغ نۇكتەئى دەر:
«كى دانە ساچقالى ياخشى كېرەك يەر».

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ كۆڭلىگە بۇ مەزمۇنلار چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ ئالغان بولسىمۇ، مەقسەت خەزىنىسىدىن بەھرە ئالالمىدى. ئاخىر بىر قىممەتباھالىق گۆھەرنى ئىزدەپ تېپىپ، جۇپلۇك يىپىغا تىزىش ئۈچۈن ئەتراپتىكى يۇرتلارغا كىشىلەرنى ئەۋەتتى. ئەگەر گۈل تېرىماقچى بولسا، شۇنداق گۈلزارلىقتا تېرىلسا، دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا: «بۇ ئالەمگە جەننەت بېغىدىن بىر ھۆر كەپتۇ. ئۇ سۆزلىگەندە جەننەتنىڭ تۇبا دەرىخى ۋە كەۋسەر سۈيىمۇ ئۇيالغىنىدىن ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك. ئۇ ھۆر گوياكى قۇياش ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك، ئەرمەن مەملىكىتىدىن ئورۇن ئالغان ئىمىش. يەر مەركىزى قۇياشتىن نۇر ئالغاندەك، ئەرمەن شەھىرى ئۇنىڭ ئاي يۈزىدىن نۇرغا تولۇپتۇ. ئۇ ئىنسانغا ئوخشىمايدىغان بىر پەرى بولۇپ، نەسەب جەھەتتىن جەمشىدكە تۇتاشقۇدەك، جەمشىد — ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى ئىمىش. ئۇ شۇنداق مەرتىۋىسى

بۈيۈك زات ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشىقى پەرھاد بارلىق ھۈنەرلەردە كامالەتكە يەتكەن تەڭداشسىز يىگىت ئىمىش. ئۇ شىرىننىڭ ئىشقىدا خالايىقتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپتۇ. پەرھاد ئەلگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئەلمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ تېنىنىڭ تاغدەك مۇستەھكەملىكى قىياپىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. ھازىر تاغ قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. ئۇ كەكىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قولىنىڭ كۈچى بىلەن تاغلارنى پارچىلاپ تاشلايدىكەن. بىراق ئۇ يىگىت داۋاملىق يىغان چېكىپ، ئاھ تارتقاچقا، تاغدەك تېنى سامانەدەك بولۇپ قاپتۇ. پەرھادنىڭ ناتىۋانلىقىغا قاراپ، پەرى سۈرەتلىك شىرىنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىدىكەن. ئاشىق پەرھاد زامانىنىڭ دانىشمىنى بولسا، مەشۇقى شىرىن گۈزەللىكتە زامانىنىڭ يېگانىسى ئىكەن» دېگەن سۆزلەر خەلق ئارىسىغا تارقالغانىدى.

پەرھاد-شىرىن ھەققىدىكى خەۋەرلەر خۇسرەۋنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. زامانە خەلقىدىن ئۇ ئاينىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، خۇسرەۋنىڭ قەلبىدە ئوت يالقۇنلىدى. ھوشسىزلانغان جېنى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شىرىن توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلايتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى كېچە-كۈندۈز تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى. لېكىن خۇسرەۋنىڭ بۇ خىيالى ئوردىدىكى كېڭەش ئەھلىنىڭ مەسلىھىتىگە باغلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ رايىچە ئىش ئېلىپ بارمىسا بولمايتتى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن شىرىننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىپ، بىلگەنلىرىنى خۇسرەۋگە مەلۇم قىلدى.

شۇلاردىن بىرى ئەرمەنگە بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇ خەلقنىڭ شىرىن ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، شىرىننىڭ شاھقا لايىق ۋە مۇۋاپىقلىقىنى، ئەرمەن مۈلكى — شىرىننىڭ مەملىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يەنە ھەر تەرەپكە ئەۋەتىلگەنلەر ئىچىدە ئەرمەندىن خەۋەر تاپقانلارمۇ شىرىننىڭ شۆھرىتىدىن، ھېسابسىز گۈزەللىكىنىڭ ساداسىدىن سۆزلەپ، ھۆسنى-جامالدا ۋە كەسپىي-كامالەتتە ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدە



ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ گوياكى جەننەت ھۆرلىرىگە ئوخشايدىغانلىقى، گۈزەللىك شۆھرىتى ئاپتاپتەك روشەن ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلدى.

خۇسرەۋ تەرەپ-تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالدى، كۆڭلى شىرىنگە بىراقلا شەيدا بولدى. ئۇ دەسلەپ دەرھال ئەرمەنىستانغا ئاتلىنىپ، ئۇ گۈلىستاندىكى كۈمۈش تەنلىك گۈزەل دىلبەرنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. كېيىن، بۇنداق يۈرۈش قىلىشنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ بۇزرۇك ئۈمىد ئاتالىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدىكى ئەڭ دانا ئالىم ئىدى. ئاسماندىن يەر قەرىگىچە بولغان ھەممە نەرسە بۇزرۇك-ئۈمىدنىڭ ئالدىدا روشەن ئىدى. ئۇ ھەممە ئىشتا خۇسرەۋگە يول كۆرسىتەتتى. خۇسرەۋ بۇزرۇك ئۈمىدنى خىلۋەتكە چاقىرىپ، ئەرمەن گۈزىلىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ-پىشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىدى ۋە بۇ ئىشنىڭ چارىسى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. دانىشمەن ۋەزىر خۇسرەۋنىڭ ھەيرەتتە قالغانلىقىنى بىلىپ، بىردەم ئويلانغىنىدىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە مەسلىھەت بەردى.

— ھېچقىسى يوق، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. بۇ ئىش تۈپەيلى ھەرگىز كۆڭلۈڭنى بۇزما. ئەمدى، دانا، قەلبى پاك بىر كىشىنى ئەلچىلىككە تەيىنلىگىن، ئۇ ئەلچىلىكتە تەڭداشسىز بولسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلى مەنە ئۈنچىلىرى بىلەن تولغان، ئەمما ئاغزى سەدەپتەك يۇمۇلغان بولسۇن. گەپكە ئېغىز ئاچقاندا سۆز ئورنىغا گۆھەر چاچىدىغان بولسۇن؛ ھەم تەقۋادار، نەسەب جەھەتتە ئېسىل كىشىلەردىن بولسۇن. ئۇ كىشى مېھىنبانۇغا ئارزۇ-تىلەكلىرىڭنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى سالامىڭ بىلەن ئىززەتلىسۇن. توي ھەققىدىكى سۆز بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزسۇن، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە بۈيۈكلۈكى بىلەن مەغرۇرلانسىمۇ، بۇ سۆزدىن

بېشى كۆككە يەتمەي قالمايدۇ. مېھنبانۇنى «كۆپ تەجرىبىلىك، دانا شاھ دەپ» ئاڭلىدىم. ئۇ گۈزەلمۇ ھېسابسىز دانىشمەن ئىمىش. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتىكى تەييار سودىنى كۆرسە، بۇ خىل ئەھمىيەتلىك ئىشنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن پەخىرلىنىپ، پات ئارىدا شېرىن سۆزلۈك بىر ئەلچىنى ئەۋەتىدۇ. بىز مەقسىتىمىزگە مۇۋاپىق جاۋاب ئالساق، شۇنىڭغا لايىق ئىش كۆرىمىز. مۇبادا ئۆزرىگە تىل ئېچىپ قالسا، بىلىش لازىمكى، ئۇنىڭغا ئەقىل بىلەن ئەسلا يول تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن، سېنىڭ ھەممە ئىشلارغا قولۇڭ يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىمۇ قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

دەۋرنىڭ داناسى يۇقىرىقى سۆزلەرنى بايان قىلدى.

دەۋرنىڭ ھاكىمى ۋەزىرىنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭغا لايىق كىشىنى تېپىپ، مەقسەت-تەلەپلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. ھوشيار ئەلچى بۇ مەقسەتنى چۈشىنىپ، دەرھال ئاتلاندى. كېچە-كۈندۈز دېمەي، ئەرمەن مەملىكىتى تەرەپكە يۈزلەندى.

ئەي ساقى، مېنىڭ تىلىكىم بولغان قەدەھنى كەلتۈرگىن. چۈنكى، ئالدىمدا قىيىن يول بار. بىر قەدەھلا ئەمەس، بەلكى ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ تۇت. خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا بۇ ۋادىنى كېزەي. **نەزمە:**

كېتۇر ساقى قەدەھكىم كامىم ئولدۇر،
كى ئالدىمدا ئەجەب دىشۋار يولدۇر.
نەبىر ساغەركى، ساغەر تۇت پەيا-پەي،
كى بۇ ۋادىنى بىخۇد تەي قىلاي، تەي.

※ ※

**سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق**



**بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:**

بۇ ۋادىنى كېزىپ ساياھەت قىلغۇچى ھېكايىسىنى شۇنداق يېقىملىق سۆزلەر بىلەن داۋاملاشتۇردى:

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ ئەلچىسى كۆڭلىگە يۈز تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭنى پۈكۈپ ئەرمەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. خىزمەتچىلەر مېھنيانۇغا:

— بەخت-دۆلەت بۇ تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ. چۈنكى يېگانە «كىسرا» ① نىڭ قەسرىدىن، يەنى خۇسرەۋنىڭ مۈلكىدىن بىر ئەلچى كەلدى. ئۇ، باشتىن-ئاياغقىچە ئەقىلگە تولغان، ئۆزى ئېغىر-بېسىق، ئەمما سۆزگە ئېغىز ئاچقاندا تىلى راۋان كىشى ئىكەن، — دېيىشتى.

مېھنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، مېھماننى سارايغا چۈشۈرۈشكە ئەمر قىلدى. ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن ھوشيار، ناتىق، ئاقىل كىشىلەردىن بىرقانچىسىنى تاللاپ، ئەلچىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئەلچىنىڭ بارلىق مۇددىئاسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىلىپ چىقىپ، ئەھۋالنى مېھنبانۇغا خىجالەتچىلىك بىلەن بايان قىلدى.

مېھنبانۇ بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ يەنە ئاجايىپ بىر ئويۇن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەتە ئەلچى بىلەن كۆرۈشىمەن، سىلەر بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇڭلار، مەن ئۇ مېھماننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى ئۇلۇغ جايدىن كەلگەن دانا ناتىقتۇر، خىتابىنى مەلۇم قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىمەن، — دېدى مېھنبانۇ.

ئۇلار بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى بېجىرىشكە كىرىشتى.

---

① كىسرا — ئىران شاھلىرىدىن بىرى، خۇسرەۋنىڭ بوۋىسى.

مېھنبانۇ تەپەككۇر قىلغانسېرى ھەيرانلىق ئالىمگە چۆشۈپ قالدى: ئەگەر خۇسرەۋنىڭ دۆلەت ئاساسىنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ ئىشقا رازىلىق بىلدۈرەي دېسە، جاپاكەش پەرھاد يادىغا كېلىپ، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى. مۇبادا ئەلچىنىڭ سۆزىنى رەت قىلاي دېسە، ئۆزرە ئېيتىشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالمايتتى. ئۇ: «خۇسرەۋ بىزدىن كەم ئەمەس، ئەگەر ئۆزۈم رازى بولۇپ، ئەلچىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلسام، ئۇ شوخ كۆلگۈنچەك رازى بولارمۇ-بولماسمۇ؟ مۇبادا بۇ ئايدىن زورلاش يولى بىلەن رازىلىق ئېلىنسا، ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولار؟ بۇ ئىشقا كۆنمەي، توختىماي قويساق، ئۇ ھالدا گوياكى غەزەپكار شىردىن كىيىككە ئازار يەتكەي، يۈز مىڭ شىشە بولغاندىمۇ سەندەلنىڭ ئالدىدا سىنماي قالمايدۇ. شۇڭا ئەلچىگە كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتقىنىمىز تۈزۈك» دېگەنگە ئوخشاش خىياللارنىڭ ئۇرۇقىنى كۆڭلىنىڭ زېمىنىگە چاچتى. ئاخىر ئۇ ئاينىڭ رايىغا باقماقچى بولدى. ئۇنىڭغا ۋەقەنى ئېيتىپ:

— پەلەكتىن بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن ئىكەنسەن، سەنمۇ بۇ ئىشنىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ئويلاپ كۆرگىن، — دېدى.

ئۇ ھۆر-پەرىزات بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، تۇپراققا يۈزىنى قويۇپ، پەرياد ئۇرۇپ، پىغان چەكتى ۋە مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ نالىڭىنىڭ ئىزى مېنىڭ قىبلىگاھىمدۇر. بىغۇبار قەلبىڭ مېنى قايغۇلاردىن ئاسرايدىغان باشپاناھىمدۇر. ساڭا ھېسابسىز مالاللىقلارنى يەتكۈزگەنلىكىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن. ماڭا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقىچە، بوينۇمغا قايغۇ تىغىنى سۇرۇپ، ئۆلتۈرسەڭ بولماسمىدى. **نەزمە:**

كى ئەي، نەئىلگىنىڭ ئورنى قىبلەگاھىم،
ھەرىمى نۇزھەتىڭ غەمدىن پاناھىم.
نەچە يەتكەي ساڭا مەندىن مەلالەت،
نەچە كەلگەي ماڭا ئاتدىن خىجالەت.



ئەمدى مېنى ھىندىلارغا ئوخشاش ئاتەشگاھقا باشلاپ، رۇخسارىمدىكى مەڭدەك ئوتقا تاشلا. ئەگەر جىسمىم ئوتتا نابۇت بولسا، ئۇ ئوتتىن تۈتۈنلەر چېچىمغا ئوخشاش تورۇلۇپ چىققاي، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم مەن يەتكۈزگەن مالاللىقلاردىن قۇتۇلغاي. تېنىممۇ يۈز مىڭلىغان بالالاردىن نىجات تاپقاي. پەرھاد سالغان ئىشق ئازابى ماڭا يېتەرلىك ئىدى. ئۇ غېرىب بىچارە دىدارىمنى كۆرەلمەي نالە قىلىپ، ئاھ تارتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلدى. نەچچە ئايلاردىن بۇيان قۇلىقى سۆزۈمنى ئاڭلىيالماي، كۆزى يۈزۈمگە چۈشمەي ئۆتتى. تاغقا سەلدەك ياش تۆكۈپ، تاشلارغا بېشىنى ئۇرۇپ، كۆڭلى خىيالىم بىلەن قانائەتلىنىپ كەلدى. پىراقىمدا ئۆمرىنى زايا قىلدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى يۈزۈمدىن، بالاكەش جېنى ۋىسالىمدىن مەھرۇم. مەنمۇ ئۇ بىچارىدىن يىراقتا قالدىم. **نەزمە:**

قالىپمەن ھەم يىراق ئول ناتەۋاندىن،
نەچۈككىم مەندىن ئول، ئول داغى مەندىن.

بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئىچىدە يۈز خىل شۆھرەت تېپىپ، يۈزمىڭ تۆھمەتلەرگە قالدى. مەندە باشقا يار ۋە ئاشىقلىق ھەۋىسى يوق. ئەگەر مەن ئادەم بولسام يۇقىرىقى بەدناملار يېتەرلىكتۇر. ئىزدىنىپ، بىرەر ئىلاجىنى قىل، بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن.

مېھنبانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەردلىك يېشىنى يۈزىگە تۆكتى، كۆڭلىدە چارە-تەدبىر لايىھىسىنى تۈزۈۋالدى-دە، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇ شىرىنگە:

— جامالىڭ بىلەن كۆڭلۈم راھەتلىنىدۇ، يېنىمدا بولساڭ مۇڭلۇق جېنىم ئارام تاپىدۇ. ئېيتقانلىرىڭ مۇۋاپىقتۇر. مەسلىھىتىڭگە ئورتاقمەن. تولا غەم-ئەندىشە قىلما، كۆڭلۈڭنى خۇش تۇت. ئويۇن-كۈلكىلەر بىلەن شارابىڭنى ئىچىۋەرگىن. ئەتە شاھانە بىر بەزمە تەييارلاپ، ئەلچىلەرگە ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇرىمىز، — دېدى.

ئەتىسى مېھىنبانۇ ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا، ئەلچىلەرنى چاقىرتتى. ئىلتىپات قىلىپ، ئۇلاردىن يولنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى سورىدى. خۇسرەۋنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنىڭ شەنىگە دۇئا ۋە مەدھىيە سانالارنى ئوقۇدى.

ئەلچى بېشىنى ئېگىپ، «سەللەمنا» ① دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، بانۇغا مۇناسىپ هالدا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇ مېھىنبانۇنىڭ شاھانە تەختىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە يۈزمىڭ ئاپىرىنلارنى ئوقۇدى. ئۇلۇغلۇق بابىدا بانۇنىڭ شان-شەۋكەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بەزمە رەسمىيىتى ئاخىرلاشقاندا، ئەلچىگە ھېسابسىز ئىنئام بېرىپ، كۆپ ھۆرمەت-تەزىملەر بىلەن، قايتىشقا ئىجازەت بەردى. مېھىنبانۇ:

— شاھ خۇسرەۋگە كۆپ دۇئالارنى ئېيتىپ، بىز ئۈچۈن تەزىم بەجا كەلتۈرۈڭلار، — دېدى.

گەپ-سۆزلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەلچى مېھىنبانۇغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تاشقىرى چىقىشقا قەدەم قويدى. مېھىنبانۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ھۆدەيچىلىرىنى چاقىرىپ، ئەلچىگە ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى چۈشەندۈردى:

— بۇ ئەلچىگە ئېيتىڭلار، بېرىپ شاھ خۇسرەۋگە دېسۇن، خۇسرەۋنىڭ بىز تەرەپكە سۆز ئەۋەتىشى — بىزدەك موھتاج ۋە ئاجىزلارنى تۇپراقتىن كۆك ئاسمانغا كۆتەرگەنلىكىدۇر، بۇ گوياكى بىر زەررىنى شەرق قۇياشى ئۈستىگە چىقارغانلىق بىلەن باراۋەر. لېكىن، تەلىيىمىز ئۆگىدىن كەلمىگەچكە يۈز مىڭلاپ قىلغان شۇنچە مەرھەمىتىڭنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئۈچۈن يۈز يىل ئارمان قىلغىنىم بىلەنمۇ دەردىمگە دەرمان تېپىشنىڭ ئىلاجىسى يوق. بىز بىلەن تۇغقانلىق ئورنىتىشىڭدىن بىزگە شەرەپ ھاسىل بولغۇسىدۇر. لېكىن، ئوتتۇرىدا ئاجايىپ بىر ئەھۋال بار، ئۇنى ئېيتىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمىز. بىراق، تەگرى تائالانىڭ تەقدىرى قانداق بولسا، ئۇنىڭغا رازى بولماقتىن باشقا چارە يوق. سۆزىمىزنىڭ

① سەللەمنا — سالاملىرىمىز بولسۇن، دېگەن مەنىدە.



خۇلاسىسى شۇكى: شىرىنگە مۇھەببىتىڭنىڭ نۇرى چۈشۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بىر ئەيىبى بار. شىرىنىنىڭ ئالدىدا «جۇپلۇك» دېگەن ئىسمنى ئاتىغلى بولمايدۇ. بەلكى بۇ سۆزنى ئۇنىڭ يېنىغا يولتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەرلەردەك قىلىچ چاپماق، ئوق ئاتماق، ئۆلتۈرمەك ۋە شىكار قىلىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى ئاشكارا قىلغىدەك قۇدرىتىمىزمۇ يوق. كىمكى ئۇنىڭ قېشىدا بۇ سۆزنى ئېيتىشقا ئۇرۇنسا، ئۇ ئۆز جېنىدىن كەچكەن بولىدۇ. يوشۇرۇن سىرلارنى ئاچقۇچى (تەڭرى) ئۇنىڭغا بۇ ئەيىبنى بەرگەنىكەن. بولمىسا ئۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر پەرى. قۇياشقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇشتەرى (خېرىدار)لىرى كۆپ، ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا مۇشتاق بولۇپ تۇرسا، نېمىشقا ئۇ جۈپلۈكنى خالىماي، يىگانە پېتى قالىدۇ؟ ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ شۇ چاقىچە ئۆيدە قىلىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەيىبلىرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بىز ھەممە ئەيىبلىرىمىزنى شاھ خۇسرەۋگە ئاڭلاتتۇق. ئەمدى خۇسرەۋنىڭ ھۆكمى قانداق بولسا، ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆزىدۇر، — دەپ مېھىنبانۇ سۆزىنى تۈگەتتى.

ھۆدەيچىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھىنبانۇغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. بېرىپ، خەۋەر كەلتۈرگۈچى ئەلچىگە سىرلار پەردىسىنى ئېچىپ، ھەممە سۆزنى ئىزھار قىلدى.

ئەلچى بۇ خىل جاۋابقا ئاجىز كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە كەلگەن يولغا راۋان بولدى. ئەلچى ئۆز مەملىكىتىگە يەتكەندىن كېيىن، خۇسرەۋگە ئاڭلىغان ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلدى.

ھۆكۈمران دارا ① بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ سۆزگە ئىشەنمەي، ئەرمەنىيىگە يەنە بىر ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئەلچىمۇ يۇقىرىقى جاۋابنى ئېلىپ كەلدى. يەنە بىرقانچە قېتىم ئەلچى بېرىپ، مەقسەت ھوسۇلىنى ھاسىل قىلالماي قايتتى.

① دارا — ئىران شاھلىرىدىن بىرى، دارادەك كۈچلۈك شاھ مەنىسىدە كەلگەن.

غەزەپ خۇسرەۋنىڭ دىمىقنى شۇنچىلىك قىزىتتىكى، ئۆزىنىڭ روشەن چىرىغىنى قاراڭغۇلاشتۇردى. ئۇ:

— خەلق سۆزۈمدىن نەپرەتلەنگۈدەك ھالغا يېتىپ قاپتىمەنمۇ؟! بۇ مەنىسىز سۆزلەر پۈتۈنلەي ھىيلە بىلەن ياھاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت شۇنچە ئاز-نۇمۇس ماڭا يېتەرلىك ئەمەسمىدى! ئۇلار سۆزىمىزنى رەت قىلسۇنمۇ، بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟! ئاجىزلارغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش پەقەت ئاجىزلىقنى دېرەك بېرىدۇ، بۇ — ئەمەلىيەتتە ئۆز بەختىنى ئاياغ-ئاستى قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. مىكىيانىنىڭ شان-شۆھرەت توغرىسىدىكى ساداسىنى ئاڭلىغان شۇڭقار بۇ جاھاندىن قانداقمۇ ھاۋاغا چىقىپ كەتمەي تۇرالىسۇن؟ ئورمان شىرى ئۆزىنىڭ پەنجىسى تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بىر كالىنىڭ ئېتىرازىنى كۆتۈرەلىسۇن؟ ئەگەر ئۆمرۈم يار بەرسە، ئۇ ئەييار-مەككارلارغا شۇنداق جازا بېرەيكى، مەملىكەتتى يۈز مىڭلىغان بالا-قازالارغا ئۇچرىسۇن. قەيەردە ھىيلىگەر بولسا، بۇ جازا ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئىبرەت بولۇپ قالسۇن، — دېدى ۋە دەرھال قوشۇن تەييارلىدى.

«شاھلىق باشقا، ئاشىقلىق باشقا» — دېگەن سۆزگە ئىشق ئەھلىنىڭ قۇل بولۇشى — ئۇلۇغۋارلىقتۇر.

ئەي ساقى، ماڭا ھوشيارلىق شارابىدىن بىر پىيالە كەلتۈر، ئۇنىڭ بىر يۇتۇمى شاھلىقتىن ياخشىراقتۇر. مەن بۇ مەينى ئىچىپ، سەلتەنەتنى كۆزۈمگە ئىلمايدىغان بولاي: ئەلگە زۇلۇم قىلغىچە ئۆزۈمگە قىلاي. **نەزمە:**

كېتۇر ساقى، قەدەھ ئاگاھلىقدىن،
كى ئاندىن جۇرئە خۇشراق شاھلىقدىن.
ئىچىپ مەي، سەلتەنەت ئىلماي كۆزۈمگە،
قىلاي زۇلم، ئەلگە قىلغۇنچە، ئۆزۈمگە.

※ ※



· سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

مەنىلەر توپىنى تىزگەن كىشى بۇ مەيدان ئىچىدە قەلەم ئېتىنى شۇنداق چاپتۇردى:

ۋاقتىكى، خۇسرەۋ پەرۋىز ئاداۋەت ۋە غەزەپ قىلىچىنى بىلەپ، ئەرمىنىيەگە قوشۇن تارتتى. قوشۇننىڭ چەك-چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېسابىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. قوشۇنلارنىڭ چىقارغان چاڭ-توزىنى كۈننىڭ يۈزىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، كۆكنىڭ مېڭىسىنى تەشۋىشكە سالغانىدى. ئۇ، جەبرى-زۇلۇم كۆرسىتىشكە شۇنداقى قوشۇن تارتتىكى، بۇنداق زۇلۇمنى بۇ ئادالەتسىز دۇنيامۇ خىيالىغا كەلتۈرمەس ئىدى. قوشۇن بىرقانچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، ئاخىر ئەرمەن چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى.

مېھىنبانۇغا كۆپلىگەن كىشىلەر: «پۈتۈن ئەرمەن مۈلكىنى سەل باستى، بۇ سەل ئەمەس، بەلكى ئاپەت دەرياسى، خەۋپلىك توپان بالاسىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. مېھىنبانۇمۇ بۇ ئىشنى مۆلچەرلىگەچكە، ئالدىن مۇستەھكەم تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى: قەلئەدارلار قورغاننى ئاسمان قەلئەسىدەك مۇستەھكەملىگەن، ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك توشۇغۇچىلار سامان يولىدەك سوزۇلغان، بەھرامغا ئوخشاش پالۋانلار قورغاننىڭ ھەربىر كۇنگۇرىسى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان؛ قورغاننىڭ سېپىللىرى كۆككە تاقاشقانىدى. يەنە پايانسىز خەندەكلەر قېزىلغان بولۇپ، كېچىسى خەندەكتىكى سۇغا قارىسا، ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن يۇلتۇزلارنىڭ چۈشكەن شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنچە مۇستەھكەملىكنىڭ ئۈستىگە، كۆپلۈكىدىن ئەقىللەرنى خىرەلەشتۈرگۈدەك زاپاسلارنىمۇ تەييارلاپ قويغانىدى. بۇ يۇلتۇزلاردەك ھېسابسىز غەللە

دەۋرلەر ئۆتكەن بىلەنمۇ تۈگىمەيتتى. يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوي-قوزىلىرى ھەممەل يۇلتۇزلىرى تۇپىدەك؛ ئۆكۈز-كالىلىرى سەۋر يۇلتۇزلىرىدەك ھېسابسىز كۆپ ئىدى. يەنە كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچىكى، يېمەك-ئىچمىكى ناھايىتى مول بولۇپ، ئېشىپ-تېشىپ تۇراتتى. مېھىنبانۇ ھوشيارلىق بىلەن قورغان ئەھلىنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى.

پەرى سۇرەتلىك گۈزەل بىلەن مېھىنبانۇ پەرھادقا بۇ ئىش توغرىسىدىكى قىياسلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قورغانغا كىرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. پەرھاد پەرى سۇرەتلىك گۈزەلنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ قورغان تەرىپىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قورغان سىرتىغا جايلاشتى. قورغاننىڭ سىرتىدا بىر قورام تاش بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى كۆك قۇرغىنىدىن ئاشقانىدى. پەرھاد جەڭ مەيدانىدا تاش ئاتماقچى بولۇپ، شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئورۇن تۇتتى.

خۇسرەۋ تېزلىك بىلەن كېلىپ، ھېسابسىز قوشۇنلىرىنى قورغاندىن يىرىم مىل يىراقلىقتا چۈشۈرگىنىدىن كېيىن، قۇدرەتلىك قوشۇندىن مىڭ باتۇرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى-دە، تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەرمەن تەرىپىگە ماڭدى. خۇسرەۋ ئېتىنى سۈرگىنىچە قورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. كۆز ئالدىدا ئاسمانغا تاقاشقان بىر سېپىلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتا-قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىشغال قىلىشقا ئورۇنۇشتىن پايدا يوقلۇقى، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىشنىڭمۇ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدى.

پەرھاد خۇددى باش ئۈستىدە ئۈنچە ئورۇنلاشقىنىدەك، ھېلىقى قورام تاش ئۈستىگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى.

خۇسرەۋ پەرۋىز پەرھادقا نەزەر تاشلىغىنىدا، گويا كى يۈرىكىگە ئۆتكۈر بىر خەنجەر ئۇرۇلغاندەك بولدى. خۇسرەۋ:

— بۇ ئاجايىپ ئادەم ئىكەنغۇ؟ ئۇنى كۆرۈش بىلەن كۆڭلۈمگە قايغۇ تولدى، ئۇ نېمە ئادەم؟ كۆڭلىمىزگە غەم-قايغۇ سېلىشىنىڭ



سەۋەبى نېمە؟ بۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلەر، — دېدى-دە، بىرقانچە كىشىنى ئەۋەتتى.

ئۇلاردىن بىرى دانا پەرھاد تەرىپىگە ئېتىنى سۈرگىنىچە بېرىپ، خۇسرەۋ نامىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى. ئاشىق پەرھاد مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن ئىسىملىك كىشىلەردىن ئەمەسمەن، ئىسمىمنى ئاتاشقىمۇ ئەرزىمەيمەن. ئەزەل تەقدىرى جىسمىمنى تۇپراقتىن ياراتتى، بەلكى ئىسمىممۇ تۇپراق ئىچىدە يوقىلىپ كەتتى. ئىشق ئوتىدىن قەلبىمدە تۈتۈن پەيدا بولۇپ، ئىسمىم بىلەن جىسمىمنى نابۇت قىلدى. ئىشق مېنى ئۆز ئىسمىمنى بىلىشتىن مەھرۇم قىلدى. مېنى ئاتتىن، ئاتنى مەندىن يات قىلىپ تاشلىدى. **نەزمە**:

مېنى ئات ئاڭلاماقدىن ئىشق ئېتىپ يات،
مەن ئاتتىن ياتۇ مەندىن ئات ئولۇپ يات.

لېكىن، بۇ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشچان كىشىلەر مېنى يوقلۇققا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇشقان، قاچانكى ۋۇجۇدۇمنىڭ تۇپرىقىنى ئەسلىمەكچى بولغىنىڭدا «دەردمەن پەرھاد» دەپ ئاتىشىدۇ.

پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىنى باشتىن-ئاخىر ئاڭلىغان خۇسرەۋ ئەقىل-ھۇشىنى يوقىتىشقا ئازلا قالدى. ئۇ بۇرۇن پەرھادنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئۆتكۈر سۆزلىرىنى ئىشىتىپ تېخىمۇ ھەيران بولدى، لېكىن شەيدالىق ئىچىدە رەشك ئوتى ئۆرتەشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۆز لەززىتىدىن بەھرە تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن ماڭا زەھەردىن باشقا نەرسە نېسىپ بولمايدۇ. بۇ رەڭدار سۆزلەر نەقىشلەنگەن يىلانغا ئوخشاش كۆڭلۈمنى تەشۋىشكە سېلىپ، جېنىمغا نەشتەردەك ئازار يەتكۈزگۈسى. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچە ئورۇنلۇق ۋە توغرا بولغىنى بىلەن، ماڭا

نۇقسان يەتكۈزۈشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭدىن ماڭا قايغۇ-مۇشەققەتلەر يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، مەندەك بىر ئاشىقنىڭ رەقىبىدۇر. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن بىلەن ئورتاقلىشىش ئارزۇسى بار. ئورتاقلىشىشلا ئەمەس، بەلكى يۇرت تالىشىشقا ئورتاقلىشىش ھەۋىسى بار. يولدىكى بۇنداق تىكەننى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا دەككە بېرىش ئۈچۈن جەڭ ناغرىسىنى چالدۇرۇش كېرەك. مېنىڭ بەخت-ئىقبالىم ئۇنى تەييارغىنە قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئەمدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم بولۇش لازىم. بۇ تىكەننى چىمەنلىكتىن يۇلۇپ تاشلىساملا، ئۇ سەرۋى سۇمەن مېۋىسىنىڭ ئاغزىمغا تېگىشى ئەجەب ئەمەس. ئۇنى تۇتۇپ، دەرھال ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى-دە، ئون بەش پالۋاننى ئەۋەتتى.

پالۋانلار پەرھاد تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك ئات سېلىش بىلەن، پەرھاد تاش ئۈستىگە چىقىپ:

— ھەي باتۇر چەۋەندازلار، سىلەرگە بەخت-دۆلەت يار بولۇپ، تەقدىر كۈلۈپ باقسۇن! ئەگەر سىلەر خۇسرەۋ بولساڭلار، سىلەردىن ئېلتىماس قىلىمەنكى، سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويۇڭلار، سىلەر ئون-ئون بەش پالۋان مەندەك بىر بىچارىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئات سالدىڭلار. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولساڭلار، بۇ ئىشنىڭ ماڭا زىيىنى بولمىغىنىدەك، سىلەرگىمۇ پايدىسى يوق. مەندەك بىر گۇناھسىزنىڭ قېنىنى تۆككىنىڭلەر خۇددى ئۆز ئىلكىڭلاردىكى قوشۇننى قىرغىنىڭلارغا ئوخشاشتۇر. مۇبادا، بۇ سۆزگە ئىشەنمىسەڭلەر، تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىپ كۆرۈڭلەركى، ھازىر بېشىڭلاردىن دۇبۇلغاڭلار ئۇچۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ تاش بىلەن سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزدۈم، بايرىقىڭلارنىڭ شەددىسىگە قاراڭلار، — دېدى ۋە قولىغا ئىككى پارچە تاشنى ئالدى-دە، ئارقىمۇ ئارقا ئېتىپ، بايراقنىڭ شەددىسىنى ۋە دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

پەرھاد خۇسرەۋگە قاراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
ھەي شاھ، سەن بۇ ئەلنىڭ شاھى، قوشۇننىڭ سەردارىسەن.



مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قولىنىڭ كۈچى شۇنداق بولىدۇ. بۇنى سەن قوشۇنىڭ بىلەن بىللە كۆردۈڭ. ئەمدى، قوشۇنىڭنىڭ قايتىشىغا ئەمىر قىلغىن. ھېلىقى تاش بىلەن دۇبۇلغا ۋە شەددىلەرنى ئۇچۇرغانلىقىمنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، بۇ بېشىڭنى ئۇچۇرۇشنىڭ دەلىلىدۇر. قارا، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن مىڭلاپ قوشۇنغا ئىگە سەندەك بىر پادىشاھنىڭ بىراۋنىڭ جېنىغا قەست قىلغىنىڭ بەدىلىگە ئۇلۇغ تەڭرى شۇنداق مۇكاپات بېرىدۇكى، مەندەك بىر مەجنۇن بۇ تاغدىن تاش ئېتىپ، گەۋدەڭدىن بېشىڭنى ئۇچۇرۇۋەتكەي. ئەمدى بېشىڭدىن كەچكەنلىكىمنى غەنىمەت بىلىپ، بېشىڭنى ئېلىپ، يولۇڭغا ماڭغايسەن، مەندەك گۇناھسىزدىن ساڭا ھېچقانداق يامانلىق يەتمىگەنىكەن، ئەلۋەتتە ماڭىمۇ قەست قىلمىغايسەن. چۈنكى ئىشق يولىدا كۆپ زەئىپلەشكەنمەن. ساڭا قانچە ئۆزرە ئېيتسامۇ، ئازلىق قىلىدۇ. شۇنى بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەككى، ئەگەر ئەرمەن تېغىدا غەزەپ بىلەن ئاداۋەت كۆرسىتىشكە باشلىسام، ئاتقان ھەر بىر تېشىم بىر باشنى نىشانلاۋېرىدۇ. «مەن ھەرقانداق ئىشقا دانا، ھۆكۈمرانلار ئىچىدە قۇدرەتلىك» دەپ ئويلاپ قالما، مېنىڭ تاڭ سەھەردە تەڭرى دەرگاھىدا چەككەن ئاھىم تۇپەيلى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشلارنىڭ مىڭدىن بىرى سېنىڭ قوشۇنلىرىڭنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى ساڭا شاھلىقنى نېسىپ قىپتۇ. تۇپراقتەك تۆۋەنلىكنى ماڭا نېسىپ قىپتۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭچە شاھلىق بىلەن پەخىرلىنىسەن، لېكىن سەن مېنىڭ ئالدىمدا تۇپراق بىلەن تەڭ. سەن شاھلىقتىن مەرتىۋە تېپىپسەن، ئەمما مەندەك بىر گاداي ئۇنداق شاھلىقتىن يۈز قېتىملاپ نومۇس قىلىدۇ. جاپا مەيدانىغا ئات سۈرگەن كىشى ئۇ ئىشىدىن قانداقمۇ پەخىرلىنەلىسۇن؟ شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تىغىڭلارنى تارتىپ، قوشۇن بىلەن زامانىنى بۇلۇتتەك قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپ، خەلقىنى قىرىپ، ئۇلارنىڭ تاجۇ-تەختىنى تارتىۋالماقچى بولىسەن؛ بىراۋنىڭ مەملىكىتىنى بەرباد ئەيلەپ، ئۇنىڭ نازۇك كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ، يارىلانغان كىشىگە

زۇلۇم ئوقىياسىنى توغرىلايسەن-دە، يەنە مۇھەببەتتىن لاپ ئۇرىسەن. ئەجەبا، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ قائىدىسى، مېھر-ۋاپانىڭ شەرتى، مۇھەببەتتىكى زارلىق ۋە بىقارارلىقنىڭ بەلگىسى شۇنداق بولامدۇ؟!

پەرھاد كۈچلۈك قوللىرى بىلەن شۇنداق تاش ئېتىپ، تىل خەنجىرى بىلەن مۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، خۇسرەۋنىڭ تېنىگە تىترەك چۈشۈپ، يا پەرھادنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىشكە ياكى* قايتىشقا چارە تاپالماي قالدى. پەرھادقا يېقىنلىشىشتىنمۇ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلدى. قوشۇندىن كۆڭلىگە مالاللىق يەتكەننىڭ ئۈستىگە، قورغاندىكىلەردىن تېخىمۇ خىجالەت بولدى. ئۆز مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، ئاخىر بارگاھىغا قايتتى. پەرھادنىڭ ئاتقان تېشى ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئەمدى تىل خەنجىرى ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى.

ئەي ساقى، ماڭا شاراب كەلتۈرۈپ، غەم قوشۇنىنى يەڭگىن، چۈنكى مۇھەببەت ئالدىدا شاھ بىلەن گاداي تەڭدۇر. ئىشق-مۇھەببەت ئالدىدا شاھلىقنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن، گادايلىقنىڭمۇ ئۆزگىچە ھالەتلىرى بار ئەمەسمۇ؟ **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، مەيۇ غەم خەيلىنى يەڭ،
كى ئېرمىش ئىشق ئارا شاھۇ گەدا تەڭ.
نېچە ئىشق ئىچرە شاھلىق لەززەتى بار،
گەدالىغلارنىڭ ئۆزگە ھالەتى بار.

※ ※

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىلىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ:



ئۇ ناتىقلارنىڭ ئۇستازى، ھېكايە ئېيتىشتا سۆز قىزىغا تۆۋەندىكىچە زىننەت بەردى:

ۋاقتىكى، ئاشۇ كۈنى خۇسرەۋ تەڭلىكتە قېلىپ، بارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاخىر بۇزرۇك ئۈمىد بىلەن بۇ سۆزنى ئارىغا سېلىپ كۆپ مەسلىھەتلەشتى. بۇزرۇك ئۈمىد ئۇنى سۆيۈندۈرۈپ:

— بۇ ئىشنىڭ ھېچقانچە زىيىنى يوق، ئەسلا قايغۇرما. خۇددى تاغلىقلارنىڭ پالاقمانىنى كۆپ ئاتقىنىدەك، سەۋدايىلارمۇ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىۋېرىدۇ. يىلان ئەجدىھانى چاققىنى بىلەن ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلالايدۇ؟ كارۋان ئىتنىڭ قاۋىشىدىن قورقۇپ يولدىن يانامدۇ؟ ئەقىللىق كىشى قانداقمۇ سەۋدايىنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ، ئۇنىڭ ئوتى بىلەن يۈرىكىنى ئېرىتسۇن؟ ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېغىر ئالما، بەلكى ئاڭلىماسلىققا سال. ئەڭ ياخشىسى يەنە بىر سۆزمەننى ئەۋەتەيلى، مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق نەسىھەت قىلسۇنكى: سۆزىدە ھەم ئىلتىپات ھەم تەھدىت بولسۇن، ھەم خەۋپ ھەم ئۈمىد بولسۇن. شەكسىزكى، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارمۇ بىز بىلەن يارىشىپ، ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. تەدبىر بىلەن ئىش قىلغىنىمىز ياخشى، قەھر-غەزەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى بۇ قورغان غايەت مۇستەھكەم، زاپاس ئەشيالىرى ھېسابسىز. سەندەك جاھاننىڭ قۇياشى، زاماننىڭ جەمشىدى مۇبادا جەڭ قىلىشنى خالىسا، يۈز يىلدىمۇ بۇ قورغاننى ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما جەڭ بىلەن ئالالمىغان قورغانغا تەدبىر بىلەن مۇيەسسەر بولماق مۇقەررەردۇر. بۇ ئىشنىڭ نەقىشلىرىنى تۈزۈپ، بىر ھىيلىگەرنى تاپىمىز. ئۇ ئەلچىلىك جەريانىدا راست-يالغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، مەكر-ھىيلە بىلەن ئۇ يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ. ھازىرچە بۇنىڭدىن باشقا تەدبىر يوق، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇزرۇك ئۈمىد بىر سۆزمەن ھىيلىگەر كەمپىرنى تېپىپ، ئۇنى مەمنۇن قىلىپ، مېھىنبانۇ تەرەپكە ئۇزاتتى. بۇ دانا نەيرەڭۋاز ئەلچى قورغانغا كېلىپ، سۆزنى مۇنداق باشلىدى:

— شاھىمىز پەلەكنى ئۆزىگە رام قىلىپ، سەن ئايغىمۇ بۇ
سۆزلەرنى ئېيتىشىمنى بۇيرۇدى: بۇ يەرگە بەختىيارلىق ۋە
خۇشاللىق بىلەن يورۇقلۇق پىلانىنى تۈزۈپ، ۋاپا دۇمبىقىنى چېلىپ
كەلدۇق. بىزنىڭ سوئالىمىزغا دەسلەپتىمۇ تۈزۈك جاۋاب بولمىدى.
ئەمدى سەنمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە ئىش قىلغايسەن. ئەگەر
سۆزلىرىڭنىڭ ھېسابى ئاۋالقىدەك بولسا، ساڭا ئۇ سۆزلەردىن
پەرىشانلىق يۈزلەنگەي. ئۇ گۈزەل سەن ئېيتقاندەك، جۈپلۈكتىن
كۆرە دۇنيانىڭ قۇياشىدەك بىگانە ئۆتۈشنى خالىسا، ئەرلەرگە
مەيلى بولمىسا، ئۇلارغا ئىلتىپاتمۇ قىلمىسا، بۇ بولمىغىنى. ئەمما بۇ
پەردە تاش يونۇغۇچى بىر تەلۋە كىشى باركى، سۆزى باشتىن--
ئاياغىچە خاتا ۋە بىھۇدىدۇر. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئەقىل يۈز قېتىم
نەپرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ئاقىللار يىرگىنىدۇ. بۇ خىل قىياپەت
بىلەن ئۇ ھوشسىزلارچە پىغان چېكىپ، دۇنيا قۇياشىدەك بىر
گۈزەلنىڭ ئىشقى بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ، گوياكى ئۆزىنى
«ئاشىق» ئاتاپ، ئۇ گۈزەلنى «مەشۇق» دەپ، بۇ ئالەمدە
شۆھرەت تېپىپ يۈرىدۇ. لېكىن ئۇ ئاي بۇ ئىشلارغا قىلچە پەرۋا
قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇنى ئىزدەپ، ھەمىشە مۇلايىم سۆزلەر
بىلەن ئۇ ۋاپاسىزغا يۈزلىنىپ، ۋىسالى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد
قىلىپ، ھىجرانلىق غېمىدىن ئازاد قىلار ئىمىش. سەنمۇ سەممىي
سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، گۈزەلنىڭ ۋەسلىدىن ئۇنىڭغا
ۋەدىلەرنى بېرەرمىشسەن. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.
يۇقىرىقى ئىشلار يالغان بولسا، بۇ سۆزلەر نەدىن چىقىدۇ؟ ئەگەر
بۇ سەۋەنلىكىڭنى ئىقرار قىلساڭ، ساڭا مەرھەمەت قىلىپ، گۇناھىڭنى
كەچۈرگەيمىز. چۈنكى ئادەمزات خاتادىن خالىي ئەمەس. ئەگەر
توغرا ئىشتا خاتالىق بولسىمۇ، ئازاد بولغۇسىدۇر. دىيارىڭلارغا مېھمان
بولۇپ كەپتىمىز. سەنمۇ مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىسىنى ئادا قىلغىن.
ئارىدىن كۆڭۈلنىڭ غەشلىكى كۆتۈرۈلسۇن. شادلىق ۋە پاراۋانلىق
بىلەن ئۆتەيلى، — دەپ ئەلچى سۆزىنى تۈگەتتى. مېھنىبانۇ



جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
— خۇسرەۋ «پەرھادنىڭ شەكلى ئادەمزاتقا ئوخشىمايدۇ»
دەپتۇ. بۇ سۆزگە جاۋاب بېرىشىمىزنىڭ ئورنى قالماپتۇ. چۈنكى ئۇ
ئۆزى ئېيتقان سۆزگە ئۆزى جاۋاب بېرىپتۇ. بىزدەك يۈز تۈمەن
كىشى مىڭ تىل بىلەن پەرھادنى سۈپەتلىسە، مىڭدىن بىرىنىمۇ
ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدۇ. خۇسرەۋ ئۇ شاھزادىنى «گاداي» دەپتۇ،
لېكىن ئۇ شان-شەرەپتە بىزدىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراقتۇر. ئىلىم-پەن
بابىدا ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇ ھەممىدىن
ئىلىملىكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبى ۋە مەملىكىتى بار. لېكىن
ئۇ، ھەرقانداق مۈلۈكدار كىشىدىنمۇ ئېھتىياجسىزراقتۇر. خۇسرەۋ
يەنە: «ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى ئەرلەرگە مېھرىسىز بولۇشتەك
سۈپەتكە ئىگە تۇرسا، نېمىشقا پەرھاد ئۇنىڭغا ئاشىق بولدۇ-يۇ،
شىرىنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلىشىپ قالدۇ؟» دەپتۇ. پەرھاد
ئۆزىنىڭ ساپلىقى، غۇبارسىزلىقى بىلەن يوقلۇق شارابىنى ئىچىپ،
يوقلۇق ئوتىدا ۋۇجۇد خامىنىنى خەس-خەشەكتەك ئۆرتىگەن. ئۇ
تەڭرىنىڭ زاتىدا شۇنداق يوقالغانكى، ئۆزلۈكىدىن ھېچقانداق
نىشانە قالمىغان. لېكىن ئۇ شىرىنگە باغلانغان، ئۇنىڭدىن ئۆزگە
ئىشى يوقتۇر. ئۇ شىرىننى ئۈچ نۆۋەت كۆردى، ھەر قېتىم كۆرگىنىدە
ئۇنىڭغا تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى قالمىدى. شۇنچە بىلىم ۋە ئەقىل
بىلەنمۇ يەنە ئۈچ كۈنگىچە ھاياتلىقى تۈگىگەندەك ھوشسىزلىنىپ
يىقىلدى. تەڭرى يەنە ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك
پەرھادنى ھەرقانداق غەرەزدىن خالى، دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ
سائادەتلىك رۇخسارىنى كۆرۈپ، ۋەسلىگە جېنىنى پىدا قىلدى.
لېكىن پەرھاد ئۇنىڭدىن كۆپ تارتىنىدۇ. ھەرۋاقىت ئۇنى كۆرگىنىدە
ھوشىدىن كېتىدۇ، ئۆزىگە كېلىدۇ-يۇ، يەنە ئۆزىدىن كېتىدۇ. شۇ
سەۋەبتىن ئۇ تاغ-چۆللەرنى ماكان قىلىپ، شىرىننىڭ خىيالى بىلەن
دەرد-قايغۇغا رازى بولۇپ يۈرىدۇ. بىراق، ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ
كۆڭلىدە پەقەت پەرھادنىڭ ۋىسالىلا بار. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە باشقا

چىگىش-ئىشلار مەۋجۇد ئەمەس. خۇسرەۋ پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى ئاقىلانىلىق بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقسۇن. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە تىلىم ئاجىز. ئەگەر سەن ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭ تەڭرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنى كۆرۈپباق. شۇ چاغدىلا خۇسرەۋ ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىسەن ۋە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ گۈلزارىدىن گۈللەرنى تېرىپ، ئۆزلۈكىڭدىن ئىنسابقا كېلىسەن. چۈنكى خۇسرەۋ: «مېھىنبانۇ بۇ ئىشتا خاتا قىلدى» دەپتۇ.

مېھىنبانۇ يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ، سۆزىنى تاماملىدى.

ئەلچى بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، ئېيتقانلىرىدىن خىجالەت بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قايتتى. ئۇ خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاڭلىغان، چۈشەنگەنلىرىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەر بىلەن خۇسرەۋ ئۈستىدىن خىجالەتچىلىك غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭغا مالاللىق ۋە جىددىيلىك يۈزلەندى. چۈنكى ئۇ نېمىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە باشتىن-ئاخىر رەت قىلىنغان جاۋابنى ئالغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئازار چەككەن قەلبىنى ئۆلتۈردى. مەھبۇب ئالدىدا ئۆزىنىڭ رەقىبكە ئايلانغانلىقىنى بىلدى. ئۇ غەزەپكە تولۇپ، ئىختىيارلىقى قولىدىن كەتتى. ئۇ يەنىلا شاھلىقىنى ئېتىبارغا ئالماي تۇرالمىدى. پادىشاھلار غەزەپ قىلىشنى چىقارسا، گۇناھسىزلارمۇ ئېغىر گۇناھكارلار قاتارىدا جازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ خۇددى قومۇشلۇققا تۇيۇقسىز ئوت چۈشسە، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقۇچە ھۆل-قۇرۇق ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. قاچانكى سەل كەلسە، ئۇ ئاۋاتلىق بىلەن ۋەيرانلىقنى تەڭ باسىدۇ.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنى غەزەپ لەشكىرى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ بۇ دىيارنىڭ خەلقىگە زالىملىق قىلىش ئۈچۈن قورغان تەرىپىگە قاراپ ئېتىنى سۈردى. ئاسمان قورغىنىغا سىرتماق سالماقچى بولغاندەك، توپ-توپ قوشۇنلىرى بىلەن شۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. گوياكى چېرىك دەرياسى چايقالدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنى



خۇددى مەشىق بەتلىرىنى قارا سىياھ باسقاندەك، يەر يۈزىنى قاپلىدى. بۇ قوشۇن قورغاننى قورشاش ئۈچۈن توشمۇ-تۇشتىن نەچچە داپقۇر (قېتىم) يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قورغان ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ شاۋقۇن-سۈرەن سېلىشقا باشلىدى. شاۋقۇن-سۈرىنى سۈرى ئىسراپىلنىڭ ئاۋازىغا، بەلكى قىيامەتنىڭ غەۋغاسىغا ئوخشايتتى. بۇ قوشۇن تەپتارتماستىن كېلىپ، گويا ئاسماننىڭ ئايلانمىسى يەر يۈزىنى ئىھاتە قىلغىنىدەك، قورغاننى قورشاپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۈشتى.

ئەي ساقى، ماڭا ئاسماندەك بىر قەدەھ كەلتۈر. ئۇنىڭغا شەپەقتەك گۈل رەڭلىك شاراب تولدۇرغىن. كۆرۈپ باقاي. بۇ نەيرەڭۋاز قورغان (كۆك) يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدىكىن؟ **نەزمە:**

كېتۈر ساقى، قەدەھ ئانداغكى گەردۇن،
شەفەقتەك بادە سالىپ ئاندا گۈلگۈن.
كۆرەيكىم يۈھسارى لۇئبەتنىڭ باز،
يانا نې نەۋئى تا لەئب ئەتكەي ئاغاز.

※ ※

**سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بىلگۈچىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئۇ نەيرەڭۋازلىق قورغىنىنىڭ قەلئەدارى نەيرەڭنىڭ يۈزىنى مۇنداق ئاچتى:

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ پەرۋىز قورغاننى قورشىۋالدى. ئۇنىڭ ئاداۋەت ئوتى بارغانسېرى كۈچەيدى. قوشۇنلار چۈمۈلە توپىدەك يەرنى قېزىپ سېپى ئۈزۈلمەي يېتىپ كەلدى. خۇسرەۋ قوشۇن

ئەتراپىغا خەندەك قازدۇردى. خەندەكنىڭ بېشىغا بىر مۇنار ياسىدى. بۇ مۇنار گوياكى ئۇ پەرى سۈپەتلىكنىڭ قورغاندىكى بايلىقلىرىغا ساندۇق بولدى. ئەرمەن قەلئەسىنى قورشىۋالغان قوشۇن قەلئە ئەتراپىدىكى قورغانغا ئوخشاش قۇببە ئەتراپىغا قالقان بولغانىدى.

ئەلقىسسە، قورغان ئەھلى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كۈندۈزى ئاۋاز چىقارماي، كېچىسى تاكى تاڭ ئاتقۇچە پىغان چېكىپ چىقاتتى. ئۇلار شام ۋە پانۇسلارنىڭ يورۇقى بىلەن قورغاننى مەشئەلدەك روشەنلەشتۈرگەنىدى. پەرھاد قوشۇننىڭ يېقىنلىشىشى مۇمكىن بولمايدىغان يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. دۈشمەن قوشۇنى ھەر تەرەپتىن مىڭ گەز يىراقلىققا چۈشكەن بولسىمۇ، پەرھاد ئاتقان تاشلار ئۇلارغا چاقماق تېشىدەك تېگىپ، شىرلارنىڭ بېشىنىمۇ ئۇچۇراتتى. ئەگەر مىڭ غۇلاچ يىراقلىقتىكى بىر تال كۆكنار ئۇرۇقىنى نىشانغا ئالسا، ئۇنىڭ تېشى شۇ نىشانغا دەل تېگەتتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئاتقان تېشى ئىلبىرس تېغىغا تەگسە، تاغ كۆكنار ئۇرۇقىدەك چېچىلىپ كېتەتتى. ئېتىش ئۈچۈن ئۇ ھېسابسىز تاشلارنى يۇنۇپ تەييارلىغانىدى. لېكىن پەرھاد بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق كۆرمەيتتى. مۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى، پەقەت دۈشمەن گۇرۇھىنى قورقۇتۇپ ئۆزىنى سالامەت ساقلاش ئىدى. بولمىسا بىر پاشىنىڭ قانىتىغا ئازار يەتكۈزۈشمۇ ئۇنىڭ شەنىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بىرەر كىشىگە ئەلەم قىلىش ئۇ بىچارىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. جېنىغا يەتكەن ۋەھىمە ئۇنىڭ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. كىشى جانانغا بولغان مۇھەببىتىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن جېنىنى بېغىشلىغان بولسا، ئۇ جانىنى قانداقمۇ دۈشمەنلەرگە پىدا قىلسۇن؟ ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن دۈشمەنلەر قورقۇپ، دوستلار خۇشال بولاتتى. ئۇ قېشىغا كەلگەن ئاجىزلار ئۈچۈن كۆز ياش تۆكۈپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتى. يوقسۇللارغا مەرھەمەت قىلاتتى. بىراۋنىڭ ئايىغىغا تىكەن كىرسە، ئۇنى كىرپىكىنى يىڭنە قىلىپ چىقارماقچى بولاتتى. پەرھاد يۇقىرىقى



ئەھۋالدا ئىدى.

ئەمما خۇسرەۋ پەرھادنى يوقىتىش كويىدا ھەرىكەت قىلاتتى. كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇزرۇك ئۆمىد بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. «بىر ئىلاج قىلىپ پەرھادنى ئارىدىن يوق قىلغاندىلا، ئۇنىڭدىن كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولۇپ، قورغاننى ئېلىش ئاسانغا چۈشىدۇ» دەپ ئويلايتتى. پەرھادنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرگۈچىلەر يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ئىزھار قىلسا، بۇنى ئاڭلىغان خۇسرەۋ ئەجەبلىنىش ۋە غەزەپتىن بېشىنى ئىرغىتاتتى. ئاخىر ھەرقانداق قىيىن ھىيلە-مىكىر بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان بىر ھىيلىگەر تېپىلدى. قاچانكى، ئۇ مىكىر-ھىيلىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئىبلىسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا پەمسىز بىر شاگىرتقا ئايلىنىپ قالاتتى. خۇسرەۋ ئۇنىڭغا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپ:

— بىز بۇ مەجنۇننى ھالاك قىلىشنى خالايمىز. ئەگەر سەن بۇ ئىشقا چارە قىلالىساڭ، ھېسابسىز خەزىنىلەرنى بېرىمىز، — دېدى.

ھېلىقى ھىيلىگەر:

— مەن ئۇنى مىكىر-ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرەلەيمەن. ئۇ بىھوش بولۇپ، ئۆلۈكتەك يىقىلىدۇ. لېكىن ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە چارەم يوق، — شۇڭا بۇ ئىشقا ئاجىزمەن، — دېدى خۇسرەۋ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئۇنى بىھوش قىلالىساڭ، كەينىڭدىن ساۋۇت① كىيگەن يۈز كىشىنى ئەۋەتىمەن. ئۇلار پەرھادنى ھوشىدىن كەتكەن ھامان تېزلىك بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپ ئۇ زالىم شاھ ۋەدە بەردى. يولدىن ئازغان بۇ مەككار تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشقا قەدەم قويدى. ئۇ ئۆزىنى كۆرۈنۈشتە غەمكىن، قايغۇلۇق كۆرسىتىپ مەجنۇن سۈپەتكە كىرىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ۋادىدىن بىر خۇش پۇراق گۈلنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھوشسىزلاندۇرۇش

① ساۋۇت — ئوق، تىغ ئۆتمەيدىغان ئۇرۇش كىيىمى.

دورىسىنى چاچتى-دە، پەرھاد تەرىپىگە قەدەم قويدى. بۇ مەككار دىۋانىلارچە قەدەم تاشلاپ، ئاشىقانە ئاھ تارتتى. شۇنداق ئاھ تارتتىكى، ئاھ تارتقاندا گويا ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىققاندەك بولاتتى.

ۋاقتىكى، پەرھاد بىر دىۋانە ئاشىقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ دەردلىك كۈيلىرىنى ئاڭلاپ، سەۋرى-تاقەت قىلالماي ھوشىدىن كەتتى. كۆڭلىنىڭ ئارامسىزلىقى جېنىغا يەتتى. خاراب بولغان جېنىنىڭ ئوتى كۆڭلىگە تەگدى، ئاخىر پەرھاد ئۇنىڭغا:

— ھەي دەرد ئوتىدىن يالقۇن چاچقۇچى، ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ مېنىڭ ئوتلىرىمنى يالقۇنلاندۇرۇۋەتتى. نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ قايسى ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشقىدا بۇنداق تەلۋىلىككە گىرىپتار بولدۇڭ؟ ماڭا بۇ ئىشق ئوتى تىغ ئۇرۇپ ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىۋەتتى. دىلىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قايسى سەۋەبتىن چاك بولدى؟ ماڭغۇ پەلەكتىن بۇنداق جەبىر-زۇلۇم يەتتى. سەن نېمىدىن نالە-پىغان قىلىسەن؟ ماڭغۇ ھىجرانلىقنىڭ ئوتى نېسىپ بولدى، سېنىڭ ھېجرانلىق ئوتىدا مۇنچىلىك ئۆرتىنىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭ جىسمىمنىغۇ ئىشق ئوتى نابۇت قىلدى، سەن نېمە سەۋەبتىن بۇ قاتارلىق ئاھ تۇتۇنلىرىنى چىقىرىسەن؟ — دېدى. ھىيلىقى ھىيلىگەر بازار تېپىپ پەرھادقا تېخىمۇ كۆپ ئازار يەتكۈزۈشكە باشلىدى:

— ھەي ئىشق ئەھلىنىڭ پادىشاھى، قايغۇلۇق كەمىنە پالانى ئىقلىمدىن بولىمەن، ھەممە ئىشلاردىن قول ئۈزگەنمەن، تەڭرىنىڭ ھۆكمى ۋە پەلەكنىڭ تەقەززاسى مېنى بۇ جاپا-مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلىپ، بۇ ئەلدىكى بىرىنىڭ ئىشقىدا بىچارە ئەيلىدى. ئۇ دىلرەبانى يىراقتىن گاھى ئاشكارا، گاھى-پىنھان كۆرۈپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ ھىجرانىدا ھەرقانچە زار ۋە غەمكىن بولساممۇ، يىراقتىن كۆرۈشۈم بىلەن يەنە خۇشال بولاتتىم. تەڭرى خۇسرەۋگە جازا بەرسۇن، ئۇنىڭ بالاسىنى بۇ مەملىكەتتىن يىراقلاشتۇرسۇن! چۈنكى



خۇسرەۋ شۇ كۈنلەردە بۇ شەھەرگە چېرىك تارتىپ كەلگەچكە شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى، ئۇ گۈل بەرگىدەك كۈلۈپ تۇرغان گۈزەلىم قورغان ئىچىدە قالدى، مەن بولسام بۇ باياۋاندا ھىجرانلىقتا قالدىم. مەن بىر غېرىپ ناتىۋانمەن، مېنى كىشىلەر تونۇمايدۇ. ھېچقانداق ئاشنا، دوست، مەدەتكارىم يوق. قورغان تەرىپىگە باراي دېسەم، ئۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن بېشىمغا ئوق بىلەن تاش ياغىدۇ. ھازىر مەقسەت قورغىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلماي، بۇ دەردۇ-غەمدىن ئۆلۈشكە ئازلا قالغانىدىم. چۈنكى بۇ دەردىمنىڭ دىشۋارلىقىدىن باشقا ھەمدىمىم يوق. سېنى ئىشق دەشتىنىڭ يول باشلىغۇچىسى ۋە خار-زارلىق ئۆلكىسىنىڭ خۇسرەۋى، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ قىيا تاشنى ماكان قىلىپ، شاھ تەختكە ئولتۇغىنىدەك، تاش ئۈستىگە ئورۇنلىشىپسەن، ئەل چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان ھال-ئەھۋالىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئالدىڭغا كەلدىم. مەن ئىشق چاڭگىلىدا پەرياد چېكىپ، ھىجران ئازابىدىن ھەر نەپەستە دادلايمەن. ئىشق ئوتىدا خەس-خەشەككە ئوخشاش يېنىۋاتىمەن، مېنىڭ غېرىب ۋە تەنھالىقىمغا ھېچكىم تەڭلىشەلمەيدۇ، — دېدى.

پەرھاد بۇ مەككارنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلاپ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. پەرھادقا ئۇنچىلىك گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان ھىيلە-مىكىرلىرىدىن يۈز مىڭدىن بىرىمۇ پەرھادقا كۇپايە قىلاتتى. ھىيلىقى سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن پەرھادنىڭ ئىشق يالقۇنى كۆككە ئۆرلىدى. كۆز ياشلىرى دەشتكە سەلدەك ئاقتى. ئۇ ھىيلىگەر ئۆزىنىڭ مالاللىقتا قالغانلىقىنى شەرھلەۋاتقاندەك بىر خىل ئاۋاز بىلەن خۇددى ئاشىقلىق تۈپەيلىدىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىگە ئوخشاش «ھۇ» تارتىپ، شۇنچىلىك غەۋغا قىلدىكى، ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ قايغۇلۇق جىسمى زەئىپلىشىپ يىقىلدى. يىقىلغان گەۋدە ئۈستىگە ھىيلىقى ھىيلىگەر دىۋانىلەردەك، دىۋانە ئەمەس، بەلكى يېقىلغان شام ئۈستىگە يۈگۈرگەن پەرۋانىلەردەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، پەرھادنىڭ

ماجالسزلقنى كۆردى. ئۇنىڭ دىمىغىغا ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى سېپىلگەن گۈلنى تۇتۇپ ھوشىدىن كەتكىچە بىردەم توختاپ تۇردى. پەرھادتا ھوشىنى ئەسەر قالمىغىنىدىن كېيىن ھىيلىگەر ئورنىدىن تۇرۇپ پەرياد چەككەن قىياپەتتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان قوشۇنغا ئىشارەت قىلدى.

ئەلقىسسە، شاپۇر بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ چۈش كۆردى. چۈشىدىن پەرىشان ھالدا سەسكىنىپ ئويغاندى. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاد تەرەپكە قارىدى. پەرىشتە سۈپەتلىك پەرھادنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قېشىدا شەيتانغا ئوخشاش بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە بىر دىۋىنىڭ پەرھادنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى پەملىدى. شاپۇر ئىشنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا يىغلىغان ھالدا قىيادىن بىر ئېغىر تاشنى قومۇرۇۋالدى. ئۇ ئېگىزرەك يەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئاستىدا ھېلىقى ھىيلىگەر شاپۇردىن خەۋەرسىز تۇراتتى. شاپۇر قومۇرۇۋالغان تاشنى ئۇ مەككارنىڭ بېشىغا كۆچەپ ئاتتى. مەككارنىڭ ئاۋۋال مېڭىسى پاچاقلىنىپ، ئاندىن كېيىن جېنى چىقتى. بۇ تاش بىلەن ئۇ قاتتىق باش پاچاقلاندى، گوياكى «باشنى تاش يەنچىدۇ» دېگەن ماقالدەك بولدى. **نەزمە**:

ئانىڭدەك ئۇردى ئول تاش بىرلە ئانى،
كى ئەۋۋەل مەغزى سوڭرا چىقتى جانى.
ئۇشالدى تاشى بىرلە ئول قاتىغ باش،
مەسەلدۇركىم: «ئۇشاتۇر باشنى تاش».

مەككار خەستە پەرھادقا ئاپەت يەتكۈزگەندى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاپەتنىڭ مۇكاپاتىنى ئالدى.

يامان نىيەت بىلەن مەككارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن قوشۇن جاپاكەش پەرھادنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. بىرى «پەرھادنى



سۆرەپ خۇسرەۋنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارايلى» دېسە، يەنە بىرى بېشىنى ئېلىپ بېرىپ خۇسرەۋنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزەيلى، دەيتتى. لېكىن ئۇلار پەرھادنىڭ جامالىنى كۆرۈپ زۇلۇم قائىدىسىنى ئۇنۇتتى. ئۇنى يۈز ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۆتۈرۈپ خۇسرەۋ تەرىپىگە يۈزلەندى. ئەمما پەرھاد ھىجران ئازابىدىن ئۆلۈكتەك ھوشسىزلىنىپ قالغانىدى.

شاپۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى. ئۇ تاغلار ئارىسىدا ئاھۇ-پىغان چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تاغلارمۇ نالە-زار قىلىپ ئەكس سادا قايتۇراتتى. پەلەك پەرھادقا شۇنداق زۇلۇم قىلغانلىقتىن، قورغان ئەھلىگە گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى گۈلدەك گۈزەل شىرىن بىلىپ قالمىسۇن، دەپ يوشۇراتتى. ئەگەر شىرىن ئاڭلاپ قالسا، ئۆزىنى شەكسىز ئۆلتۈرەتتى.

مۇشەققەت تىغىدا روزىگارىدىن ئايرىلغان پەرھادنى ئەسىر قىلىپ، تېزلىكتە خۇسرەۋنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. پەرھادتىن ئىبارەت بۇ مۇكاپاتنى شاھقا يەتكۈزۈپ يارماق ئېلىش ئۈچۈن قالقانلىرىنى تۇتتى. ئۇلار پەرھادنى تۇتۇپ گويا تاغنى قالقان قىلغاندەك بولدى.

ھەي ساقى، قەدەھ كەلتۈرگىن! چۈنكى مەن بىناۋا بولۇپ قالدىم. خۇمار، ھىجران ئىلكىگە مۇپتىلا بولدۇم. مېنى ئۆز ئەھۋالىمنى بىلىشتىن يىراقلاشتۇر، ھوشۇمنى قانچە يوقاتقانسېرى شۇنچە بىھوش قىل. **نەزمە**:

كېتۈر ساقى، قەدەھكىم بىنەۋامەن،
خۇمارى ھەجر ئىلىگە مۇبتەلامەن.
مېنىڭ ھالىمنى ئاڭلاردىن يىراق قىل،
نېچە بىھۇش ئېسەم، بىھۇشراق قىل.

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن

بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق زىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ بىخۇدلۇق يولىنىڭ ھوشيارى مەنىلەرگە شۇنداق نەقىش بەردى:

ۋاقىتكى، ھېلىقى ھالاكەت گۇرۇھى پەرھادنى خۇشال ھالدا شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. خۇسرەۋ بۇ ئىشتىن كۆپ خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارغا شاھانە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. خۇسرەۋنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ مەجنۇنغا ئېغىر غول سېلىپ ئىككى قولىنى زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلىدى. قىسقىسى، پۈتۈن ئەزاسىنى زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلاپ تاشلىدى. ئاندىن بىر تېۋىپ تېپىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ھېكىم ئۇ ناتىۋاننى دەرھال ھوشىغا كەلتۈردى.

پەرھاد ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ مەجنۇنغا ئوخشاش زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن بەند قىلىنغانلىقىنى كۆردى. ئۇ جايدا شاھانە بىر بارگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سىپاھلار تۇراتتى. بارگاھنىڭ تۆرىدە بىر ئالىي تەخت، تەخت ئۈستىدە بىر پادىشاھ ئولتۇراتتى. شاھنىڭ ئاستىدا كەيانىلارنىڭ تەختى، بېشىدا شاھلىق تاجى بار ئىدى. پەرھاد ئەتراپىغا قاراپ بېشىنى ئىرغىتىپ قوللىرىنى سىلكىپ كۆردى. گاھى ئىشق قائىدىسى بويىچە غەيرەت قىلىپ، گاھى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەيرانلىقتا قالاتتى. ئۇ:

— جاپاكەش پەلەك مېنى بۇ ئىشقا دۇچار قىپتۇ، — دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ئانچە رەنجىپ كەتمەي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇردى. پەرھاد ئەدەب-ئەخلاق قائىدىسى بويىچە مەجلىس ئەھلىگە تەزىم بىلەن بېشىنى ئەگدى، لېكىن سۆز سورىمىغانغا جاۋاب بېرىش قائىدىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. شۇڭا ئېغىز ئاچماي كۆزىنى يەرگە تىكتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن خۇسرەۋنىڭ ھالىتى ئۆزگىرىپ ئىشق ئوتى قەلبىگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پەرھادنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندى. ئۇنىڭغا قاراپ سوئالغا تىل



ئاچتى. پەرھاد زار-ناتىۋان، مۇۋاپىق جاۋاب بەردى. **نەزمە:**

دېدى: قايدىنسەن ئەي مەجنۇنى گۇمراھ؟
دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ؟
دېدى: نېدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە؟
دېدى: ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.
دېدى: بۇ ئىشدىن ئولماس كەسب روزى،
دېدى: كەسب ئولسە بەسدۇر ئىشق سوزى.
دېدىكىم: ئىشق ئوتىدىن دە فەسانە!
دېدى: كۆيمەي كىشى تاپماس نىشانە.
دېدىكىم: كۆيمەكىڭنى ئەيلە مەئلۇم!
دېدى: ئاندىن ئېرۇر جاھ ئەھلى مەرھۇم!
دېدى: قاي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست؟
دېدى: روھ ئېرمەس، ئېرىدى تەنگە پەيۋەست.
دېدى: بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل!
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل!
دېدى: ئاشىقغە نەئىش كۆپ قىلۇر زور؟
دېدى: فۇرقەت كۈنى ئىشقى بەلا شور.
دېدى: ئىشق ئەھلىنىڭ نېدۇر ھەياتى؟
دېدى: ۋەسل ئىچرە جانان ئىلتىفاتى.
دېدىكىم: دىلبەرىڭنىڭ دە سىفاتىن!
دېدى: تىل غەيرەتىدىن تۇتمان ئاتىن.
دېدىكىم: ئىشقىغە كۆڭلۈڭ ئۇرۇندۇر،
دېدى: كۆڭلۈمدە جاندەك ياشۇرۇندۇر.
دېدى: ۋەسلىغە بار سەن ئارزۇمەند؟
دېدى: بار مەن خايالى بىرلە خۇرسەند.
دېدى: نۇشى لەبىدىن تاپقاي ئەل بەھر؟
دېدى: ئول نۇشدىن ئەل قىسمىدۇر زەھر.

دېدى: جانئنى ئالسە، لەئلى يادى؟
دېدىكىم: ئۇشبۇدۇر جانىم سۇرادى.
دېدى: كۆكسۈڭنى گەر چاك ئەتسە بىباك!
دېدى: كۆڭلۈم تۇتاي ھەم ئەيلە دەپ چاك!
دېدى: كۆڭلۈڭ فىدا قىلسە جەفاسى؟
دېدى: جانىمنى ھەم ئەيلەي فىداسى.
دېدىكىم: ئىشقدىن يوق جۇز زىيان بۇد؟
دېدىم: بۇ كەلدى سەۋدا ئەھلىغە سۇد.
دېدى: بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقدۇر؟
دېدى: بۇ شىۋە ئاشىقدىن يىراقدۇر!
دېدى: ئال گەنجى، قوي مېھرى نىھانى.
دېدى: تۇفراقىغە بەرمەن كىمىانى!
دېدى: جانىڭغە ھىجران كىنە كەشدۇر،
دېدى: چۈن يار ۋەسل ئۇمىدى خۇشدۇر.
دېدىكىم: شەھغە بولمە شىركەت ئەندىش!
دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھۇ دەرۋىش!
دېدى: جانىڭغە بۇ ئىشدىن ئەلەم بار،
دېدى: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار؟!
دېدى: كىشۋەر بېرەي، كەچ بۇ ھەۋەسدىن!
دېدى: بىچارە، كەچ بۇ مۇلتەمەسدىن!
دېدى: ئىشق ئىچرە قەتلىڭ ھۆكمىن ئەتكۇم،
دېدى: ئىشق ئىچرە مەقسۇدۇمغە يەتكۇم.
دېدى: بۇ ئىشدە يوق سەندىن يىراق قەتل،
دېدى: بۇ سۆزلەرىڭدىن ياخشىراق قەتل.

خۇسرەۋ پەرھادتىن:
— ئەي يولدىن ئازغان مەجنۇن، نەدىن بولسەن؟ — دەپ سورىدى. پەرھاد جاۋاب بېرىپ:



— مەجنۇننىڭ ۋەتەنىدىن قانداق خەبىرى بولسۇن، — دېدى.
— سېنىڭ جاھاندا ھۈنىرىڭ نېمە؟
— ھۈنىرىم دائىم ئىشق ئىچىدە مەجنۇنلۇقتۇر.
— بۇ ئىشقتىن ئاخىر تىرىكلىكىڭ يۈتمەيدۇغۇ؟
— ئىشقنىڭ كۆيدۈرۈشى نېسىپ بولسىلا شۇ يېتەرلىك.
— ئىشق ئوتىدىن ھېكايە سۆزلەپ بەر.
— كىشى كۆيمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نىشان تاپالمايدۇ.
— كۆيمەكلىكىڭنى بىزگە مەلۇم قىل.
— كۆيۈشتىن تاج ئىگىلىرى مەھرۇمدۇر.
— قاچاندىن بېرى ئىشق بىلەن مەست بولدۇڭ؟
— تېخى جېنىم بىلەن تېنىم بىرلەشمىگەن ۋاقىتتىن بېرى.
— سەن ئەمدى بۇ ئىشقدىن كەچ!
— سەن بۇ سۆزۈڭگە تۆۋا قىلغىن!
— ئاشىققا ئەڭ ئېغىر كۈلپەت كەلتۈرگۈچى نەرسە نېمە؟
— ھىجرانلىق كۈنلىرىدىكى بالا كەلتۈرگۈچى مۇھەببەت.
— ئىشق ئەھلىنىڭ تىرىكلىكى نېمە؟
— يارغا يېتىشكەن چاغدىكى جانانىنىڭ ئىلتىپاتى.
— دىلبىرىڭنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگىن.
— ئۆز تىلىمدىن رەشك قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىمايمەن.
— ئىشقنىڭ ئورنى سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ؟
— شۇنداق، ئۇ كۆڭلۈمدە جېنىمدەك يوشۇرۇن.
— ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانسەن؟
— خىيالى بىلە نىلا خۇرسەنمەن.
— ئۇنىڭ ھەسەلدەك لېۋىدىن باشقىلار بەھرە ئالسا نېمە دەيسەن؟
— ئۇ ھەسەلدىن باشقىلارغا تەقسىملەنگىنى پەقەت زەھەردۇر.
— ياقۇت رەڭلىك لەۋلەرىڭ خىيالى جېنىڭنى ئالسىچۇ؟
— جېنىمنىڭ ئىستىكىمۇ شۇ.
— ئەگەر ئۇ پەرۋاسىزلا كۆكسۈڭنى يارسىچۇ؟

— كۆڭلۈمنمۇ يارغىن، دەپ تۇتىمەن.
— ئۇنىڭ جاپاسى كۆڭلۈڭنى ئۆزىگە پىدا قىلىشنى ئىستىسە، نىمە قىلىسەن؟
— جىنىمنىمۇ پىدا قىلىمەن.
— بۇ ئىشتا زىياندىن باشقا ھىچنەرسە يوقمۇ؟
— ئاشۇ زىياننىڭ ئۆزى ئىشق ئەھلىنىڭ پايدىسىدۇر.
— بۇ ئىشقتىن ۋاز كەچكىنىڭ ياخشىراقمىكىن؟!
— بۇنداق ئادەت ئاشىقلاردىن يىراقتۇر.
— خەزىنە بېرەي، بۇ ئىشقنى قوي.
— ئالتۇننى تۇپراققا تېگىشمەيمەن.
— ھىجران جىنىڭغا ئاداۋەت قىلىدۇ.
— يار ۋەسلىدىن ئۈمىد كۈتۈش ياخشىراقتۇر.
— شاھقا شېرىك بولىمەن دەپ ئويلىما.
— ئىشق ئىچىدە شاھ بىلەن دەرۋىش تەڭدۇر.
— بۇ ئىشتىن جىنىڭغا ئازاب يېتىدۇ.
— ئىشق ئىچىدە كىممۇ جىنىدىن غەم قىلىدۇ؟!
— بۇ ھەۋىسىڭدىن كەچكىن، ساڭا يۇرت بېرەي.
— ھەي بىچارە، سەنمۇ بۇ ئىلتىماسىڭدىن كەچكىن.
— بۇ ئىشق ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن!
— ھە، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا تىلىكىمگە يەتكەن بولىمەن.
— بۇ ئىشتا ئۆلۈمدىن يىراق ئەمەسسەن.
— بۇ سۆزلىرىڭدىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراقتۇر.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ خىتابلىرى قانچە قىيىن بولغانسىرى پەرھاد شۇنچە ئاسانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ۋاقتىكى، خۇسرەۋ پەرھادنىڭ مەرۋايىت چاچقاندەك پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىدى-دە، ئىچىگە بىر ئوت چۈشۈپ ھوشىنى يوقىتىشقا ئاز قالدى. ئوتخانىدىن چىققان يالقۇندەك تىلى بىلەن:
— مۇنداق رەزىل، پەس بىر كىشى گەرچە باشتىن-ئاياغقىچە



زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىپ ھاياتلىق نوتىسى سىنىغان تۇرۇپمۇ مەندەك بىر شاھنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەدەبسىزلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق تاغلار، ۋادىلاردا يۈرگەن گادايغا جازا بېرىشىم لازىم، چۈنكى باشقىلارمۇ سۇلتانلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولسۇن، — دېدى. زالىم شاھنىڭ پەرمانى بىلەن قورغاننىڭ ئالدىغا بىر دار ياسالدى. خۇسرەۋ تۆۋەندىكىچە پەرمان قىلدى:
— پەرھادنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىنىپ، دارغا ئېسىلسۇن. لەشكەرلەر ئۇنى دار ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ كۆكلەم يامغۇرىدەك ئوققا تۇتسۇن. خەلق بىرقانچە كۈن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇندىن كېيىن گادايلار شاھلار بىلەن تەڭلىشمەن، دېمىسۇن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دوزاخ ئوتىدەك يالقۇنلۇق ئوت يېقىلىپ، پەرھاد كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن. ئۇ ئوت يالقۇنلىرىنىڭ توپانى ئىچىدە غەرق بولسۇن. كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغاندا كۈلى كۆككە سورۇلسۇن. دۇنيادىن ۋۇجۇدى يوقىلىپ جاھاندىن نامى ئۆچۈپ كەتسۇن.
پەرھاد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز ئاچتى:
— ئەي پادىشاھ، دۈشمەنىدىن ئىنتىقام ئالدىم، دەپ تەسەۋۋۇر قىلما، بۇ قىلغان ھۆكمىڭ ئەسلىدە مېنىڭ تىلىكىم ئىدى. مېنىڭ مەقسىتىم ئىشقۋازلىق يولىدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش ئىدى. ئۇلۇغ تەڭرى بۈگۈن مۇرادىمغا يەتكۈزدى. سېنىڭ غەزەپ بىلەن قىلغان جەبىر-زۇلمىڭ ماڭا يۈز ئويۇن-كۈلكىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھىجران ئازابىدا ھەردەم يۈز ئۆلۈپ-تىرىلەتتىم. ھىجرانلىق تىغى ئۆڭگە-ئۈگىلىرىمنى ئاجرىتىپ تاشلايتتى. ئەمدى مېنى يوقلۇق يولىغا ئەۋەتىسەن. بىر قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇ ئازابلاردىن بىر يولى قۇتقۇزىسەن. جىنىم تېنىمدە بولغانلىقىدىن ماڭا ھەمىشە ئازار يېتىپ تۇراتتى. شۇڭا سۆيگەكلىرىمنىڭ دارغا ياغاچ بولغىنى مۇۋاپىق.

چۈنكى، بۇ داردىن ماڭا يۈقىرى مەرتىۋە ھاسىل بولۇپ جېنىم ئاداۋەت داردىن قۇتۇلدۇ. يەنە مېنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇشقا ھۆكۈم قىلدىڭ. لېكىن ماڭا ھىجران قوشۇنى ھەمىشە ئوق يامغۇرىنى ياغدۇرىدۇ. جۇدالىق ۋە ئاشىقلىق بىلەن داۋاملىق ئوق يامغۇرىنىڭ بالاسىغا قالغانمەن. ئەگەر سېنىڭ ئوقلىرىڭ ماڭا تەگسە، مەن باشقا بالا ئوقلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن. يەنە سەن مېنى كۆيدۈرۈپ كۈلۈمنى كۆككە سورۇشقا ئەمرى قىلدىڭ. ئەمما سەن تېخى پىراق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ باقمىغان ئىكەنسەن. لېكىن مېنى بۇ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى پەلەك ئايرىلىش ئوتىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى دوزاخ ئوتىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. مېنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق بۇ دوزاختىن خالاس قىلىپ، خۇشاللىق جەننىتىگە يەتكۈزگەن بولىسەن. ئىبراھىم خەلىلۇللاغا ئوتتۇمىدىن گۈللەر ئېچىلدۇ. تۇپراقتىن ئىبارەت جىسمىم بۇنداق بەند بولۇپ ياتقىچە كۈلكە ئايلانسا، ئۇ يار ئىشقىنىڭ شامىلىدا سورۇلىدۇ. ئۇ چاغدا كۈلۈم قارا بۇلۇتتەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، دىلدارنىڭ بېشىغا سايە سالىدۇ. ئۇ بەزىدە ھىجرانلىق ياشلىرىدىن يېغىن ياغدۇرسا، بەزىدە پىراق ئوتىدىن چاقماقتەك ئاھ تارتقۇزىدۇ. ئۇ يېغىن يار يۈرگەن جايلاردىن ياپيېشىل مايسىلارنى ئۈندۈرسە، چاقماقلار يارنىڭ باغ ۋە تاغلىرىنى يورۇتىدۇ. ئەمدى، جەبرى قىلغۇچى شاھ مەندەك غېرىب ناتىۋاننى جازالىماقچى. مەن ئاشىقلىقتا جېنى قىينالغان، ئىشق ئوتىدىن يۈز مىڭلىغان ئاپەتلەر يۈزلىنىپ، بېشىغا كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەر ياغقان بىر ئاشىق. تېز ئايلانغۇچى پەلەك مېنى ئىشق جاپاسىغا گىرىپتار قىلىپ قويدى. بىراق خەلقنى مېنىڭ سۆيگۈ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان بىر شاھنىڭ ئۆزىنى مەندەك بىچارىگە رەقىب قىلىۋالغانلىقى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر. بىراۋ مەشۇقىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاشىقلىقتا سادىق دەپ ئاتايدۇ. قورقۇنچلۇق قوشۇنلارنى يېغىپ يۈز مىڭلىغان قان تۆككۈچى قىلىچلارنى ئاسمانغا تەڭلەيدۇ. ئۇ مەشۇقىنىڭ خەلقىنى قەتلى قىلىپ، مەملىكىتىنى تالايدۇ. بەدەنلەردىن



باش ئېلىپ، باشلاردىن تاج ئالىدۇ. شۇنداق زور غەۋغا، ھېسابسىز قوشۇنلار بىلەن كېلىپ، ئۇ گۈليۈزلۈكنىڭ مەندەك غېرىب بىچارىسىگە شۇنداق بىر شاھ ئۆزىنى رەقىب قىلىۋالدۇ. تۈمەنمىڭ جاپا-مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولغان بىر غېرىبقا قەست قىلىدۇ. بىر ناتىۋاننى ياكى ئىلتىپات بىلەن رام قىلالماي، ياكى ھەقىقىي زەربە بىلەن قەتلى قىلالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاتقان ئىككى تېشى بىلەن دۇبۇلغا ۋە بايراق نەيزىسىنىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنچە كۆپ قوشۇنى بىلەن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ھىيلە-مىكىر، خىلمۇخىل تەدبىرلەر بىلەن بىھوش قىلىپ، باشتىن-ئايىغىچە زەنجىر بىلەن چەمبەرچەس باغلايدۇ-دە، دورىلار بىلەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. يەنە شۇ ھالەتتىمۇ رەھىم قىلماستىن جەبىر قىلغۇچى شاھ تەنە ئارىلاش ئۆتكۈر خەنجەردەك سوئاللارنى سورايدۇ. بۇ بىچارە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئورۇنلۇق جاۋاب قايتۇرسىمۇ، بۇ ناتىۋاننىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمايدۇ. ئەمدى كېلىپ شۇ غېرىب بىچارىگە زۇلۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ مۇنداق رىياسەت ئەربابىغا نىسبەتەن تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش! ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن نەچچە تۈرلۈك زۇلۇم قىلدۇ-يۇ، ئۇنىڭدىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. خىجالەتچىلىكتە قىينىغىنىدىن، مېنى دەسلەپتىلا ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنى ئەلا ئىدى. بۇ ئادىل شاھ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپمۇ ئاقىۋەتتى جاۋابلىرىمغا ئاجىز كېلىپ، شۇنچە شىجائەت بىلەن ئادالەت قائىدىسىنى شۇنداق كۆرسىتىدىكەن-ھە؟ بارىكاللا، ئادالەتمۇ، شىجائەتمۇ شۇنچىلىك بولىدىكەن! **نەزمە:**

ئادالەت ئۇشبۇ بولغاي لەۋھەشەللاھ!
شىجائەت مۇنچە بولغاي بارەكەللاھ!

ئىشقىنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن ئىلگىرى چىن مۈلكىنىڭ تەختىدە ماكانىم بولغانىدى. ئەھۋالىم ئەقىل-ئىدراك نۇرلىرىدىن يورۇغانىدى.

شۇ چاغلاردا خۇسرەۋ ماڭا يولۇققان بولسا ئىدى، ھازىرقىدىن قانچە يۈز مىڭ لەشكىرى كۆپ بولغاندىمۇ، ھەممىسىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ئاتلىنىپ، ئۆمۈر تارىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا يىگىتلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەغرۇرلۇق ئوتى ئۆچۈپ، شىجائەت قائىدىسىنى ئۆگىنىۋالغان بولار ئىدى. ھازىر مادارسىز، ناتىۋان، غېرىبلىقتا ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلغان بىر ئاشىقمەن. خۇسرەۋ ئاشۇ كۈنى مېنى تۇتۇش نىيىتىدە بىر توپ لەشكىرىنى ئەۋەتكەنىدى. بىر تاش بىلەن ئۇرۇپ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنلىكىم ئۆزىگە مەلۇم. ئەگەر بېشىنى نىشانلىسام ئىدى، ھۆكمۈم ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە يېتەتتى. مەن شۇ لەشكەرنىڭ قېنىدىن ھەم خۇسرەۋنىڭ جېنىدىن كېچىپ، ئامانلىق بەرگەنلىكىمدىن ئۇلار قۇتۇلۇپ قالغانىدى، ئەمدىلىكتە خۇسرەۋ مېنى قەستلەپ قاپتۇ. ھاياتلىق قائىدىسى مەندىن يىراق، ماڭا بۇ ھىجراندىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. چۈنكى مەن ئۆلۈمنى ھىجراندىن ئارتۇق، دەپ بىلىمەن. بۇ سۆزگە ئىزاھاتنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. مۇبادا چىن تەرىپىگە بىر شامال ئىسسىپ، بۇ ئىشلارنىڭ پۇرىقىنى يەتكۈزسە، خاقان بۇ ئاۋارىسى ۋە جىگەر پارىسىدىن خەۋەر تاپسا، جىگەر پارىسىنىڭ بۇنداق غۇربەتچىلىكتە قالغانلىقىنى، يۈز مىڭلىغان ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەريادىغا ھېچكىم يەتمەي، بېشىغا بۇ قاتارلىق ئىشلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلسە، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە ئالەم تار كۆرۈنۈپ، قايغۇدىن ئۆزىگە كېلەلمەي قالىدۇ. ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن قان تۆككۈچى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ كېلىپ، ئىنتىقامىنى ئالغۇسىدۇر. بۇ مەملىكەتتە ئۇ غەۋغا چىقىرىپ، غەرب ئۈستىگە قىلىچ تارتسا، بۇ يەرلەردىكى ئادەمزاتنى تىرىك قالدۇرمايدۇ. مەداين شەھىرىدىن ئادەم ئۇرۇقىنى تازىلاپ، تۇپرىقىنى چىن مەملىكىتىگە توشۇتىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى جاھاندىن يوقىتىپ،



ئورنىغا چەكسىز دەريانىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىدۇ. تاغ ۋە راۋاقلار سۇ ئاستىدا غايىب بولۇپ مۇنارلار ئورنىدا قايناملار ھاسىل بولىدۇ. ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھېسابى تۈگەپ، ئورنىغا سۇ ئادەملىرى پەيدا بولىدۇ. مەن گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلىمەن، بۇ ۋەيرانچىلىقلارغا سەۋەبچى بولغان خۇسرەۋ گۇناھكار بولۇپ، يامان ئاتاق بىلەن ئۆلىدۇ. ئەگەر ماڭا زالىم پەلەكتىن يۈز مىڭ جەبرى زۇلۇم يەتسىمۇ، بۇ سۆزلەرنى ئېسىمگە ئالماس ئىدىم. بىراق، خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ نادانلىقى — جاھاننىڭ ۋەيرانلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، تاقەت قىلالمىغىنىمدىن، سۆزلىرىم ئۈزىراپ كەتتى. خالايىق: «قورققانلىقىن سۆزىنى ئۇزارتىۋېتىپتۇ» دېمىسۇن. ئەمدى سۆزۈمنى قىسقارتىپ يارنىڭ يادى بىلەن جاھاندىن كېتىمەن، — دېدى.

ئاندىن كېيىن پەرھاد قورغانغا قاراپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە بۇ ئىشى بىلەن خالايىقنىڭ جېنىغا ئوت ياقتى.

— ئەمدى، — دېدى پەرھاد، — خاھى ئاسامسىلەر، خاھى چاپامسىلەر، نېمە قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار!

ئۇ شۇنىڭ بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى. **نەزمە:**

دېدى: ئەمدى قىلىڭ، نېكىم قىلۇرسىز،
ئاسارسىز يا چاپارسىز، سىز بىلۇرسىز.

ئەلقىسسە، ئۇ زالىملار خۇسرەۋنىڭ ئالدىدىن پەرھادنى سۆرەپ چىقتى. ئۇنى دار ياسالغان، ئوتۇن ۋە ئوت تەييارلانغان يەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خالايىق: «بىر گۇناھسىز ناھەق ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟!» دەپ غەلۋە-غەۋغا سېلىشقا باشلىدى. ھىلىگەر پەلەك بۇ خىل ئويۇنتى تەييارلىدى. لېكىن قورغان ئەھلىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق ئىدى. خەلق بۇ ئىشنى شىرىن بىلەن مېھمانبانۇدىن مەخپىي تۇتۇپ، پەرھادنى يادلاپ ئۇنىڭغا كۆيەتتى. دار ئاستىدا خاراب بولغان جىسمىنى ھەم ئۇنى

ئېسىش ئۇچۇن بوينىغا سېلىنغان تاناپنى كۆرۈپ، قەلئەدىكى خەلقنىڭ كۆڭلى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ گۇناھسىز ئاۋارە ئۆلۈشكە يۈزلەنگەنىدى.

بۇ تەرەپتە خۇسرەۋ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق خاس كىشىلىرى، خاس كىشىلىرىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئاما ئۇنىڭ دانالىقىدىن ھەيران قالسا، بېپەرۋالىقى ۋە تەنھالىقىغا قاراپ يىغان چېكىشتى. ئۇلار: «پەرھاد مۇنداق جازاغا لايىق ئەمەس ئىدى» دېيىشەتتى. خۇسرەۋمۇ بۇ ئىشتىن ئەپسۇسلىنىپ ھەسرەت چېكەتتى. لېكىن بۇ ئىشنى توختىتىشتىن نومۇس قىلاتتى. بۈزرۈك ئۈمىد بۇ ۋەقەنى توسۇشنى لايىق كۆرۈپ، دەرھال خۇسرەۋنى بىر خىلۋەتكە چاقىردى ۋە:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھاجەتسىزدۇر. بۇنداق مەجنۇننى بەند قىلىپ زىندانغا تاشلىماق كېرەك. ئۇنىڭ گۇناھى ئازدەك قىلىدۇ. چۈنكى تەبىئىتى دىۋانىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئەقىل يولىدىن ئېزىپتۇ، لېكىن سۆزلىرى راستەك قىلىدۇ. شاھنىڭ ئۆيلىنىپراق ئىش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، ئېگىزرەك تاغ ئۈستىدىن بىر جاي تېپىپ، ئۇنى شۇ جايدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىساق. ئۈچيۈز قاراۋۇل بىلەن ئىككى، ئۈچ ئايغىچە شۇ جايدا تۇتۇپ تۇرساق، ئەگەر سۆزىدە راستلىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ. مۇبادا سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپساق، ئۇ چاغدا خالىغىنىمىزنى قىلىمىز، — دېدى. دانا ۋەزىر بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، خۇسرەۋ ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىشقا رازىلىق بەردى.

يېقىن ئەتراپتا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاينىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرەتتى. بۇ تاغدا ئاسماندەك مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، گۇناھكارلارنى شۇ يەرگە قاماپ ساقلايتتى. ئۇ قەلئەنى بىر دىۋە بىنا قىلغانىدى. ئۇ دىۋىنىڭ ئىسمى سەلاسىل ئىدى. بۇ قەلئە كىشىلەر ئارىسىدا دىۋىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «سەلاسىل قورغىنى» دەپ شۆھرەت تاپقان ۋە ئاۋات بولغانىدى.



پەرھادنى شۇ قەلئەگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ قەلئە دىلدارنىڭ قەلئەسىگە ئوخشايتتى. پەرھادقا ھوشيار ۋە سەزگۈر بەش يۈز قاراۋۇلنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار پەرھادنى خۇددى شاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ياساۋۇللاردەك ساقلايتتى.

ھەي ساقى، كەل! مەندەك مەجنۇننى مەست قىل. پۇتلىرىمنى چېچىكىنىڭ زەنجىرى بىلەن باغلا! ئەگەر مەن بۇ كىشەنگە مۇپتىلا بولسام، ۋۇجۇدۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولغان بولىمەن. **نەزمە:**

كەل ئەي ساقى، مەنى مەجنۇنى مەست ئەت،
ساچىڭ زەنجىرى بىرلە پايبەست ئەت.
كى بۇ قەيد ئىچرە بولسە مۇبتەلالىغ،
ۋۇجۇدۇم قەيدىدىن بولغاي رەھالىغ.

※ ※

**سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئەقىل بىلەن باغلانغان ھېكىم جۇنۇنلۇق دەشتىدىكى سۆز مەجنۇنىغا شۇنداق كىشەن سالدى:

ۋاقتىكى، قاراۋۇللار پەرھادنى قورغانغا ئېلىپ ماڭدى. گوياكى ئۇنىڭ يولىغا ئالماس بىلەن قۇمنى تۆكۈپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ماڭدۇرغاندەك ئېلىپ ماڭدى. مۇبادا ئۇلار بىخۇدلۇق قىلىپ پەرھادنى قاچۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە خۇسرەۋنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بەزىلىرىنىڭ بېشى ئېلىنىپ، بەزىلىرى قورغاندىن تاشلىناتتى. بۇ ھۆكۈم بىلەن ئۇلارغا ۋەھىمە چۈشۈپ، كېچە-كۈندۈز ھوشيار بولۇشقا تىرىشتى. لېكىن قاراۋۇللار پەرھادنىڭ ئاھۇ-پەريادى ۋە كۈنلەرنى

ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن غۇبارسىز ئۆتكۈزۈشكە گوياكى لەيلىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغان مەجنۇندەك شەيدا بولۇپ قالغانىدى.

مەلۇمكى، سوقرات ھېكىم پەرھادقا «ئۇلۇمى خەفىيە» ① دىن تەلىم بەرگەنىدى. شۇ ئىلىملارنىڭ ئىچىدە بىر «ئىسمى ئەزەم» ② بولۇپ، بۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى — ئىززەت-ئىكرام تېپىش ئىدى. كىشى يۈز مىڭلىغان توسقۇنلۇقلار ئارىسىدا قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ نەگە يۈزلەنسە، شۇ يەردىكى توسقۇنلۇقلار كۇشادە بولاتتى. ئەگەر يولدا يۈز زىنداننىڭ ئىشىكى بولسىمۇ، ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغۇچى شۇ ئىشىكلەرگە قاراپ قەدەم تاشلىسا، ھەممىسى ئېچىلىپ كېتەتتى. بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغۇچى غەم-قايغۇلاردىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلى نەگە تارتسا، شۇ يەرگە بەخىرامان بارالايتتى. ئۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىنائەت قىلغۇچى تائەت قىلىشقا ھەمىشە قادىر بولالايتتى.

ئەلقىسسە، پەرھاد شۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتىدىن تۇن كېچىلەردە ئۆزىدىكى پۈتۈن زەنجىر-كىشەنلەرنى بوشىتىپ، قولۇپلانغان دەرۋازىلارنى ئېچىپ چىقىپ شۇ تاغنى ئايلىناتتى. بەزىدە دەشتلەرنى كېزىپ، تاش بىلەن كۆكسىگە ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا تاغلارمۇ زار-زار يىغلايتتى. ئۇ جېنىغا گۇناھسىزلىق خەنجىرىنى ئۇرۇپ، كۆڭلىنى دەرد ئوتىنىڭ ئازابىدىن خالى قىلاتتى. بەزىدە تاغ ئارىسىدا يۈز قېتىملاپ پەرياد-پىغان چېكىپ، زۇلۇم خەنجىرى بىلەن جېنىنى زەخىملەندۈرەتتى-دە، تېخى تاڭ ئاتمىغان، قاراۋۇللارنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ كەتمىگەن چاغدا ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلەتتى. پەرھاد بۇ ئىشلارنى مەخپىي تۇتاتتى. چۈنكى بۇ ئىشلار ئەل ئارىسىغا يېيىلىپ، خۇسرەۋنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇ قاراۋۇللارنى قەھرى-غەزەپ ئاستىدا قالدۇراتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە

---

① ئۇلۇمى خەفىيە — مەخپىيە تىلىك ئىلمى.

② ئىسمى ئەزەم — بۈيۈك ئىسىم، ئايەتنىڭ نامى.



سەزدۈرمەسلىكنى، قاراۋۇللارغىمۇ خەۋپ-خەتەر يەتكۈزمەسلىكنى ئىستەيتتى. قاراۋۇللارمۇ بۇ سىردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئىستەكلىرىگە جان-دىلى بىلەن مايىل ئىدى. ئۇ پەلەكتە پەرۋاز قىلغۇچى ھۇما قۇشى نەگە پەرۋاز قىلىشنى خالىسا، شۇ يەرگە بارالايتتى. لېكىن پەرھاد قاراۋۇللارنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىنى زەنجىر-كىشەنگە بەند قىلاتتى.

— ھەي جانانىنىڭ يىگانىسى، — دەيتتى قاراۋۇللار پەرھادقا، — يۈزۈڭدە ئۇلۇغلۇقنىڭ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بەند قىلىپ، زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ ياتقىنىڭغا خۇشال بولىسەن؟ سېنىڭ بىر تال مويىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ مادارسىز جېنىمىز پىدا بولسۇن. كۆڭلۈڭ نەگە بېرىشنى خالىسا، بىزدەك قايغۇغا چۆككەن كىشىلەر توپىنى تەگرىگە تاپشۇرۇپ كېتىۋەرگىن. خۇسرەۋدىن بىزگە ھەرقانچە جەبىر-جاپا يەتسىمۇ، ئۇنى غەنىمەت دەپ بىلىمىز. سەن تىنچ-ئامان يولۇڭغا كېتىۋەرگەيسەن.

پەرھاد ئۇلارغا:

— ھەي ناتىۋانلار، پەلەكتىن مەندەك ئازار يېگەنلەر! مۇنداق قىلىش ۋاپا ئەھلىنىڭ، خۇسۇسەن مەندەك مادارسىز ناتىۋانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسكە كۆڭۈل بېرىپ، بىر قانچىلىغان بىچارىلەرنى قانداقمۇ بالاغا دۇچار قىلاي! — دېدى.

بىراق، قاراۋۇللار شەيدا پەرھادنىڭ ئازاد-ئەركىن يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلسا، پەرھاد ئۇلارنىڭ تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى خالايتتى. قاراۋۇللاردا شۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، پەرھادنىڭ كۆڭلىدىن يۇقىرىقىدەك خىياللار كېچەتتى.

ئۇلار پەرھادنى ئازاد قىلىپ قويسا، ئۇ يەنە قاراۋۇللارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. بەزىدە قورغان تەرىپىگە قەدەم قويۇپ، قورغاندىكىلەرنىڭ يېنىدا ئارام ئېلىپ كېلەتتى. قورغاندىكىلەر ئۇنىڭ بەختىيار يۈزىدىن كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، شېرىن سۆزلىرىدىن بەھرە ئالاتتى. ئەگەر پەرھادنىڭ ئىشق ئوتى يەنە يالقۇنلىنىپ

قالسا، هوشسىزلارچە پىغان چېكىپ، ئاشۇ ۋادى تەرىپىگە يۈزلىنەتتى-دە، تاغۇ-تۈزلەرنى كېزىشكە باشلايتتى. تەبىئەتنى جۇنۇندىن بىر ئاز تىنچىسا، كۆنۈكۈپ قالغان ھايۋاناتلار ئۇنىڭ قېشىغا توپلىناتتى. ئۇ ھايۋاناتلارغا خۇددى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تاغۇ-چۆللەردە ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تەختتە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرسا، قۇشلار قاناتلىرى بىلەن چېدىر ياساپ ئۇنىڭ بېشىغا سايە سالاتتى. ئىشق ئۇنىڭغا شۇنداق شەۋكەت بەخش ئەتكەن ئىدىكى، ھەتتا شىرلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ياۋاشلىشىپ قالاتتى. پەرھاد بەزىدە ھۆركىرەپ تۇرغان شىرنىڭ ئۈستىگە مىنسە، قالغان ھايۋانلار ئۇنىڭغا لەشكەر بولاتتى. بەزىدە ئۇ يولۋاس-قاپلانلارنى شىرىننىڭ ئىتلىرىغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنى ئەركىلىتىپ، خۇشال قىلاتتى. بەزىدە ئەرزۇ-ئەھۋالنى يۇلتۇزلارغا كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا شەرھلەپ، شىرىننىڭ جامالىنى ئەسلەيتتى. بەزىدە تۈلكىلەرگە: «يارنىڭ كوچىسىدىكى ئىتلارنى ئالدىمغا يىسەن» دەپ يالۋۇراتتى. بەزىدە ئۇ: «ئاي يۈزلۈك شىرىننىڭ توزىقى يېتىپ كەلدى» دېگىنچە قۇلۇنلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، قۇچاقلايتتى. ئۇ كىيىكلەر بىلەن ئۆلپەتلەشكىنىدە ئىپار ھىدلىق كىيىككە ئوخشايدىغان گۈزىلىنى تەلەپ قىلىپ، زار-زار يىغلايتتى. توشقاننىڭ ئوخلىشى ئۇنىڭغا دىلبىرىنىڭ توشقاندەك ئوخلىشىنى ئەسلىتىپ، ھوشىنى ئېلىپ كېتەتتى. كەكلىكنىڭ يۈرۈشلىرىنى كۆرگىنىدە، گۈزەل يارىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرىنى ئەسلەيتتى. بەزىدە ناتىۋان جىسمىنى ھۇما قۇشىنىڭ ئالدىغا خۇددى سۆڭەك تاشلىغاندەك تاشلاپ: «بۇ سۆڭەكنى گۈزەل يارنىڭ ئىتلىرىغا ئاپىرىپ بەر» دەيتتى. ئالدىدىن قىرغاۋۇللار چىقىپ قالغىنىدا، ئۇ گۈزەل قامەتلىكنىڭ ھىجرانىدىن ئاھ ئۇراتتى. قاغىلارنىڭ ئالدىدا پىغان چېكىپ: «يارىمنىڭ قاپقارا چېچىدىن رەڭ ئېلىپسىلەر» دەيتتى، بەزىدە تۇتىلارنىڭ ئالدىدا ھوشىنى يوقىتىپ: «سۆزلەشنى ئۇ ياقۇت لەۋلىك گۈزەلدىن ئۆگەندىڭلارمۇ؟» دەيتتى. كۆكسى



قارا رەڭلىك جانىۋارلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆيگەن باغرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرەتتى. قۇمرىلارنىڭ بويىندىكى ھالقىغا ئوخشاش ئىسىزىقتا قاراپ، ھېسابسىز ياش تۆكەتتى-دە، ئۇنىڭغا ئۆز بويىندىكى زەنجىر توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەيتتى. ھۆپۈپكە قاراپ پىغان چېكىپ، بېشىغا تۇتاشقان ئوتتىن بەلگە كۆرسىتەتتى. بۇلبۇللارغا قاراپ، ئىشق ئوتىدا كۆل بولغانلىقىدىن ناۋا قىلاتتى. تۈن-كېچىلەردە ھوقۇشلار پەرياد ئۇرۇپ سايرىسا، ئۇ قەلبىدىكى داغلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېڭىباشتىن سۆزلەيتتى. بەزىدە يۈز خىل كۆيلەر بىلەن سۆزلەپ، قەقنۇسقا ھىجران ئوتىنىڭ ئۆزىنى قانداق كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى. سەھەر شەرقتىن ئۆز نۇرلىرىنى كۆرسەتكەندە، ئۇ ياقىسىنى خوتەندىن كۆتۈرۈلگەن سۈبھىدەك يىرتىپ، تاڭ قۇشلىرىدەك سايراپ داستان باشلايتتى. ئۇ سۈبھىگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلاتتى:

— ھەي سۈبھى، مەنغۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىچىدە غەمگە چۆككەنمەن. سەن نېمە سەۋەبتىن ياقاڭنى يىرتتىڭ؟ سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش يوشۇرۇن قۇياشىڭ باردەك تۇرىدۇ، سارغايغان يۈزۈڭدىن كۆز ياشلىرىڭ ئېقىۋاتىدۇ. يۈرىكىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆرتىنىپ، ئاغزىڭدىن دائىم سوغۇق ئاھ چىقىدۇ. ئېھتىمال، ھىجراننىڭ قولىدىن جېنىڭغا تەسىر يەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش تاڭ شامىلىدەك ئاھ ئۇرىسەن. ناتىۋان جىسمىڭ مېنىڭ تېنىمدەك كۆيمىگەن بولسا، نېمىشقا تۈنلىرىڭ تۈتۈن بولۇپ، يۇلتۇزلىرىڭ ئۇچقۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

ئۇ دەرد ئىچىدە ئۆرتىنىپ يەنە مۇنداق دېدى:

— ھەي سۈبھى، ئەگەر سەن دەرد ئىگىسى بولساڭ، مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلىپ، مەرھەمەت بىلەن پەريادىمغا يەت. **نەزمە:**

چۇ ساھىب دەردسەن ھالىمغا رەھىم ئەت،
تەرەھھۇم ئەيلەبان فەريادىمە يەت.

ئۇ تاغقا قاراپ يەنە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— گۈلشەندە گۈللەر ئېچىلغاندا، گۈل ئۈستىگە سۇمبۇلنىڭ چاچلىرى تۆزۈپ چۈشكەندە، ئۇ گۈزەل يار گۈل ئۈزۈش ئۈچۈن گۈل يۈزلۈكلەر بىلەن گۈلشەنگە قەدەم قويىدۇ. شۇ چاغدا سېنىڭ شاملىڭ ئارقىلىق مېنىڭ سوغۇق ئاھىمدىن نىشان تېپىپ، شەبنەمدىن كۆزۈمنىڭ يېشىنى بىلىۋالار.

جاھان يورۇتقۇچى قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، پەرھاد ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ھەي نۇرى قايغۇ بەزمىسىنى يالقۇنجاتقۇچى قۇياش، ئەگەر سەنمۇ مۇھەببەت ئوتىدىن ماڭا ئوخشاش ھەسرەتكە گىرىپتار بولمىغىنىڭدا ئىدى، مۇنچىلىك ئوتلۇق بولماس ئىدىڭ. مېنىڭدەك مۇرادىڭ ھاسىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆز يېشىڭ ئەتراپقا دەريادەك ئاقماقتا. سەنمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش پەلەكتىن ئازاب چەككەن ئوخشايسەن. تاقەتسىزلىكىڭ ۋە ئۆرتىنىشىڭ مېنىڭكىدىن كەم ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئەگەر ھىجرانلىقتا قالمىغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ مەن ناتىۋاندەك سارغايماس ئىدىڭ. جۇنۇنلۇق ئوتلىرىڭغا مېنىڭكىگە ئوخشاش ياغ قۇيمىغان بولسا، نېمىشقا نۇرۇڭ تاڭدىن-شامغىچە تاغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ قالىدۇ؟ ئەگەر سەنمۇ ماڭا ئوخشاش غەم-قايغۇ ئىچىدە قالمىساڭ، نېمە ئۈچۈن گاھى ئوتتا، گاھى سۇدا يۈرىسەن؟ سەن پۈتۈن ئەھۋالىڭ بىلەن مېنىڭ دەرددىشىم، ھەمدىمىم، غەمگۇزارىم بولۇپ قالدىڭ. مۇبادا ئاي يۈزلۈك گۈزىلىمنىڭ تۇرار جايى ئۈستىدىن ئۆتكىنىڭدە، بەخت-ئىقبالغا ئوخشاش تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ، مېھرىبانلىق قائىدىسىنى ئۆگىنىپ، مېنىڭ قانداق كۆيۈۋاتقانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغايسەن. يۈزۈمنىڭ رەڭگىنى ئۆز رەڭگىڭدىن ئايان قىلىپ، غەم لەشكەرلىرىمنىڭ كۆپلۈكىنى زەررىلىرىڭ بىلەن بايان قىلغايسەن.

پەرھاد تاڭ-سەھەردىن باشلاپ تاكى كۈن چىققىچە شۇ ھالدا گاھى ئۇنىڭ بىلەن، گاھى بۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى.



گاھى سەھەردە تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا سۆزلەپ كېتەتتى. كۈن ئۆرلىگەندە شامالدەك بىرەر سائەتمۇ ئارام ئالمايتتى. ئۇنىڭ چىقارغان تىنىقلىرى گويا تاڭ شامىلى قىزىل بوياقلارنى ئۇچۇرغاندەك شەپەق ئوتىنىڭ ئەلەڭگىلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئوتلۇق ئاھىدىن ئالەمگە، بەلكى بۇ كۆك رەڭلىك ئاسمانغا ئوت تۇتىشاتتى، ئۇنىڭ ئايىغىغا پاتقان قىرلىق تاشلار پۇتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى چىقىراتتى. كۆكسىگە ئۇرغان تاشلار بىلەن كۆكسىنىڭ سۆڭەكلىرىنى پارە-پارە قىلاتتى. ئۆز جىسمىغا ئىشق تىغىنى ئۇرۇپ، تۆشۈك ئۈستىگە تۆشۈك، يارا ئۈستىگە يارىلارنى پەيدا قىلاتتى. بۇ تەتۈر پەلەك ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى تاڭماق ئۈچۈن سىرتماق ئۈستىگە سىرتماق، تۇزاق ئۈستىگە تۇزاق قۇراتتى. ئۇ بالا دەشتىدە مەجنۇندەك نالە قىلغىنىدا ئۈنىنى ئاڭلىغان ئۇچار قاناتلار ۋە بۇغا-ماراللار زار-زار يىغلايتتى. ئۆزىگە دەرد-ئەلەم تىغىنى ئۇرغىنىدا تاغلارغا يېرىقچىلار پەيدا بولاتتى. جاراھەتلىرىگە ئاھ خەنجەرلىرى بىلەن دەم سالاتتى. تاغلارنى ئاھ تىغى بىلەن پارە قىلىپ، ھەر بىر پارىنى يەنە يۈز پارە قىلاتتى. ۋادىلار ئارىسىدىكى تۈپتۈز جايلارنى تەپكىنىدە گويا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ ئېقىنلىرىدەك يېرىقلار ھاسىل بولاتتى. ئوتلۇق نەپەسلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى بىلەن تۈتۈنلىرى بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا ئۆرۈلەتتى. ئۇلارنىڭ بىرىدىن دەردۇ-غەم چاقماقلىرى، يەنە بىرىدىن بالا-قازا بۇلۇتلىرى پەيدا بولاتتى. ئۇ نالە قىلىپ تاشلارنىڭ باغرىنى ئېزەتتى. ئۇنىڭ نالە-زارى تاغلارنى غەم-قايغۇغا سالاتتى. ئۇنىڭ دىلىدىن توختاۋسىز چىقىۋاتقان پەرياد سادالىرىغا سادا قايتۇرۇۋاتقان تاغلارمۇ ھېرىپ دەرماندىن كېتەتتى. ئۇ يۈرەك قانلىرىنى ئىچەر ۋاقتىدا لالە گۈلىنى جام قىلاتتى-دە، ئۇ جام گويا پەلەك جامىدەك شەپەق رەڭ ئالاتتى. ئۇ جامدا لىقمۇلىق تولدۇرۇلغان شارابىنى ئىزدىگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا دەرد-ئەلەم زەردابى، بەلكى قىپقىزىل لەۋلىرىنىڭ قانلىرىنى

يۇتماقتا ئىدى. **نەزمە:**

كېتۈر، ساقى، قەدەھ گەردۇننى ئەيلەپ،
ئاڭا مەملۇ مەيى گۈلگۈننى ئەيلەپ.
يوق ئېرسە بادە، قۇي زەھرى ھەلاھىل،
ھەياتى ھەجرى مۇشكىل كەلدى، مۇشكىل.

※ ※

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ ۋە مېھىر-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ مەي سۇزغۇچى ساقى غەم-غۇسسە بەزمىسىدە ئۆز مەجلىسىنى ھەر دائىم شۇنداق بېزىدى: ئۇ غەم دەرياسىنىڭ لەھىڭى، بالاۋۇ دەرد تېغىنىڭ قاپلىنى، سەۋدايىلىق ۋادىسىنىڭ مەجنۇنى، مەجنۇنلۇق باياۋىنىنىڭ ئەجدىھا سۈپەتلىك دىۋىسى بولغان پەرھاد مۇشەققەت غارى ئىچىدە مالامەت جامىدىن بالا زەھرىنى ئىچتى؛ ئۇ مالامەت شارابىنى سۈمۈرگۈچى خارۇ-زارلىق تېغىنىڭ دىۋانىسىنىڭ كۆڭلى پىراق ئوتى ئۈچۈن ئوتخانا بولۇپ، تېغىنىڭ دىۋانىسىنىڭ كۆڭلى پىراق ئوتى ئۈچۈن ئوتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ دىلى يۇزلىگەن ئوتخانىلاردەك ئاھ چېكەتتى. ئۇ جاھاننى ئۆز ئاھىنىڭ تۈتۈنلىرى بىلەن قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ مۇراد سۇبھىسىگە يېپىلاتتى. پەلەك دېڭىزىغا كۆز ياشلىرىنىڭ ھىممىتى يېتىپ، ئۈمىد قەسرىنى ئاشۇ سەل بىلەن پەست قىلاتتى. تاشلارنى ئاتقاندا ياللار ئۇنى كۆرۈپ مەقسەت كۆزىنى كور قىلاتتى. ھىجران تۈنىنىڭ دەردمەن بالىسى بۇ تۈندە قورقۇنچ زەھرى بىلەن ھالاك بولغۇچىدۇر. بۇ مەككار پەلەكتىن ئۇنىڭ جېنى زۇلۇم تىغىنى يەپ، پۇرقەت تېغىدا پەرھاد بالا-قازالارغا



مۇپتىلا بولغانلىغا ئوخشاش چېكى يوق پۇرقەت، بەلكى داۋاسى يوق دەردكە قالغاندۇر. پەرھاد كۈندۈزنى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ، كېچە بولغانلىغا قەدەر ھىجران ئازابىدىن نالە-پەرياد قىلاتتى. كېچىسى بولسا تاكى كۆڭۈللەرنى روشەن قىلغۇچى تاڭ پەيتىگىچە ئۇنىڭ ئىشى كۈندۈزدىكىدىنمۇ يۈز ھەسسە زىيادە كۆيدۈرگۈچى دەردلەر بىلەن ئۆرتىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىر كىشىنىڭ بېشىغا بىر كۈندە يۈز مىڭ قېتىم بالا-قازا يۈزلەنسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۈنى تۈن بالىسىنىڭكىدەك قاتتىق بولماس. چۈنكى تۈن بالىسىغا نىسبەتەن ھىجران كۈنلىرىنىڭ ھەر بىر ئاخشىمى ئۇنى ئۇۋلاش ئۈچۈن مېھنەت چاچلىرىدىن يېيىلغان قارا قايغۇنىڭ تور-تۇزاقلىرىدۇر. ياق، ئۇ تۈن قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، بەلكى غەم-قايغۇ مەملىكىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ تۈتۈنلىرى ئالەمنى يېپىۋالغاچقا، ھىجراندا ئازاب چەككۈچىلەرنىڭ نەپەسلىرى بوغۇلۇپتۇ، بۇ قارا تۇمانلار ئۇپۇقتا قاراڭغۇلۇقنى بەرقارار قىلىپ، ئابھاياتتەك نۇرلۇق قۇياشنى ئاسمانغا چىقىشتىن توختىتىپتۇ. پەرھادنىڭ خاراب بولغان ئەھۋالىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ زۇلماتقا كىرگەندە ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلغان روشەنلىكمۇ بۇنداق قاراڭغۇلۇقتا يول باشلىيالماسلىقنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ خىزىردەك يول باشلىغۇچى بولالىشىدىن ئۈمىدسىزلىنەت-تى. بۇ مەككار پەلەك بىچارە پەرھادنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆلى بىلەن ھاۋانى قارا قىپتۇ. ياق، ئۇنى قارا دېمە، ئۇ غەم تۈنلىرى ياندۇرغان چىراغنىڭ كۆيۈندىسى بولۇپ، ئۇنى ئېزىپ ئالەمنى قارايتىپتۇ. لېكىن ئۇ قاراڭغۇ مېھىر-مۇھەببەت ئوتخانىسىنىڭ تۈتۈنى، ئۇنىڭ ئىچى بولسا زۇلمەتنىڭ كانىدۇر. يۇلتۇزلار ئۇ تۈتۈنىنىڭ تۆپىلىدىن سەييارىلەردەك سەيلى قىلماقتىن خالى، ھەرىكەت قىلماقتىن ئازاددۇر. پەلەكمۇ بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە گويا قارا پاتقاق ئىچىگە پېتىپ قالغان ئېشەكتەك، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاجايىپراقى شۇكى، ئۆتكۈر كۆزلۈك ئەربابلار ئۇ قاراڭغۇلۇق تۆپىلىدىن ئۆزىنى ئەما ھېسابلاپ، ھەيرانلىق ئىچىدە قارا باسقان

كىشىدەك يولۇپتۇ. تون لەشكىرىنىڭ چۇمۇلە ۋە چېكە تىكىلەردەك تولىلىقىدىن پارلاق قۇياشمۇ هاياتلىقنى تەرك ئېتىپ، خۇددى سۇ ئاستىغا تەلپۈنگەن بېلىقچى قۇشتەك، تۆۋەن شۇڭغۇپتۇ. بۇ دەۋران ئۇنى تۇپراققا دەپنە قىپتۇ، زامان ئۇنىڭغا هازا تۇتۇشنى باهانە قىلىپ، يۈزىنى تۇم قارا قىپتۇ. يىراق ئازابى تارتقۇچىلار ئۈچۈن هەر بىر يۇلتۇز ئۆز نۇرلىرىنىڭ خەتلىرىنى يازىدىغان قەلەمنى قان تۆككۈچى تىغقا ئايلاندۇرۇپتۇ. سۇبهى گوياكى شوخ قىزلارغا ئوخشاش سۈرمە تارتىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقىنىمۇ قارايتىۋېتىپتۇ. مۇئەززىنلەر ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن بۇ سۈرمىدىن غىزالىنىپتۇ. بۇنىڭدەك قارا تۈندە كۆزلەر قىينىلاتتى. هەممە ئالەم گوياكى سۈرمە رەڭگىدە كۆرۈنۈپ، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قاراڭغۇلۇقتىن ئالەم كۆزگە كۆرۈنمەيتتى، بۇ ئالەم كۆزلەرگە باشقا ئالەم بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ تۈندە گويا پەلەك هەرىكىتىدىنمۇ هېچ نىشانە قالمىغانىدى. بۇ قاراڭغۇدا كىشى ئەگەر بىر نەرسىنى يەملىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى چوقۇم تەتۈرسىچە يەملەپ سالاتتى. بۇ ئاخشام قىيامەت سۇبهىسىگە تاڭ ئاتقۇزماي، كېچىدەك تۇرار ئىدى. بۇ قارا تۈندە شەپەرەڭمۇ ئۇچۇش ئۈچۈن ئۆز قانىتىنى تاپالمىدى، ياكى بۇ كۆك گۈمبىزىدىن يوچۇقنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

بۇ زۇلمەت ئىچىدىن شۇنداق پەردىلەر تارتىلدىكى، شەپەرەڭلەر ئۆزىنىڭ قاناتلىرىنى تاشلاشنى ئىستىسىمۇ تاپالمايتتى. يۈز تۈمەن قاغىلار پەلەك كۆكلىمىگە قونۇپ تۇرغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى هەممىسىنىڭ جىسمى بۇ تۈنىنىڭ تۇمانلىرىدىن يوقالغان، پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىلا يۇلتۇزدەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈزمىڭلىغان قاغىلار ئۇنىڭ بىلەن جەڭلىشىشتىن ئاجىز كېلىدىغان بۇنداق قاراڭغۇلۇق قاغىسى كەم تېپىلاتتى. ئۇنى قاراڭغۇ تۈن دېمە، بەلكى ئۇ غەم-غۇسسە زىندانىدۇر، غەم-قايغۇ كانلىرىمۇ بۇ زىندان ئىچىدە خاراب



قىلىپ، بۇ قارا تۈنىمۇ جىنىدىن تويغۇزۇپتۇ. بۇ بىپەرۋا زالىم پەلەك هەر نەپەستە ئۇ تۈنىنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، ئۇنى يامان ئەهۋالغا دۇچار قىلىپ، ئۇ تۈنىنىڭ ياقىسىنى ئۇيۇق سىزىقىدىن يىرتىپ تاشلاپتۇ. هېچ كىشىگە بۇنداق قارا كۈنلەر كەلمىسۇن. پەرهادنىڭ بېشى مۇشەققەت تاشلىرىدىن جاراهەتلىنىپ، بەلكى ئۇ تاشلارغىمۇ ئۇنىڭ باشلىرىدىن شىكەستە يېتىپ تۇراتتى. غەم-غۇسسە تاغلىرىدىن ئۇنىڭ ئاياغلىرى قاناپ، بەلكى ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىنمۇ ئۇ تاغلار قاناپ كېتەتتى. هىجران چاڭگىلىدا ئۇنىڭ قوللىرى سىنىپ، هەتتا باشتىن-ئايىغىچە زەخىمدار بولاتتى. بۇ ئازابلار ئۇنىڭ زەئىپ تېنىگە يىمەك-ئىچمەك ئۈچۈن يول بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ تېرىسىدىن سۆڭەكلىرى ئايان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جىسمى ئىچىدە شامدەك يېنىپ تۇرغان مەيۈس جېنى، تېرە ۋە سۆڭەكلىرى قوشۇلۇپ گوياكى شولا چېچىپ تۇرغان پانۇسقا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. جاپاكار پەلەك ئۇنىڭ جىسمىغا تاش ۋە ئوقلارنى ياغدۇرغىنىدا، ئۇنىڭ جىسمى پانۇسى تۆشۈك-تۆشۈك، بەلكى چۇل-چۇل بولاتتى. ئۇ غەم تاغلىرى ئىچىگە ئوتلارنى سېلىپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ناتىۋان ياكى كۆمۈر ئىچىدە بېشى يەنچىلگەن يىلانغا ئوخشاپ قالدى. ئەجەل خەنجەرلىرى ئۇنىڭ جىسمىنى پارە-پارە، ئۆلۈم ئوقلىرى بولسا ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ توختىماستىن بېشىنى تاشلارغا ئۇراتتى. ئۇ تاشلارمۇ ئۆز بېشىنى پارە-پارە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاجىز جىسمىدا كۆيدۈرگۈچى هارارەت شۇ قەدەر كۈچەيدىكى، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئوتنىڭ هارارىتىدىن تەسكىن تاپاتتى. ئۇنىڭ زەئىپ جىسمى تۇپراق ئۈستىگە چۈشۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ هارارىتىدىن تۇپراق شۇ هامانلا كۈلگە ئايلىناتتى. زامان بۇنى باهانە قىلىپ، ئۇنىڭ جىسمىنى دائىم قارا تۇپراققا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئۇ قىزىتمىنىڭ هارارىتىدىن تېنىدە قاپارتمىلار پەيدا بولاتتى. بۇ قاپارتمىلاردىن سۇ ئېقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا زەهەردەك تاماتتى. ئۇنىڭ ئېغىزى زەهەر يۇتقاندەك

ئاچچىق بولۇپ كېتەتتى. غەم-غۇسسە كېچىسى ئۇنىڭغا ئاشۇ تەرىزدە غەم تاغلىرىنى يۈكلەيتتى. ھىجران قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىدىن سەلدەك ئېقىپ ئۆتەتتى. كۆزىگە يۇزلىگەن بالا-قازالار كۆرۈنۈپ، بىر سائەتمۇ ھوشىغا كېلەلمەيتتى. پەرھادنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگەپ يىغا-زارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىرىنچى ئاسمانغا قاراپ مۇنداق پەرياد چەكمەكتە ئىدى: «ھەي جاپاكار زالىم پەلەك، سەن مېنىڭ بۇ ئاجىز جىسمىم تۈپرىقىدىن چاڭ چىقىرىۋەتتىڭ. مېنى بىر يولى بەرباد قىلدىڭ. زۇلۇمنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە جاپا قىلماقنىڭ ھۈنەرلىرى مۇشۇنچىلىك بولار. كاشكى، ئەجەل تىغىنى ئۇرغان بولساڭ، مېنى بىر قېتىمدىلا ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدىڭ. مەن غېرىبلىقتا خەستە بولغان، بالا ۋادىسىدا مەجنۇندەك پەرىشان بولغان بىر بىچارە ئەمەسمۇ؟! بىراۋنى تەڭرىم ئۆز مەرھەمىتى بىلەن زەبەردەست قىلىپ ياراتسا، يەنە بىراۋنى غېرىبلىق كاچىتى بىلەن ئۇرۇپ پەست قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنىلا زۇلۇم قىلىش رەھىمدىللىققا مۇناسىپمۇ؟! قاچانغىچە جېنىمغا بۇنداق كېچە بولىدۇ، جېنىم قاچانغىچە بۇ كېچىلەردە ئازاب چېكىدۇ؟ قارىغىنا، سەن بېشىمغا قانداق تۈنلەرنى كەلتۈردۈڭ؟ مېنى قانداق قارا كۈنگە مۇپتىلا قىلدىڭ؟! بۇ تۈن بىلەن كۈنلەر گويا مىڭلارچە قانخور دىۋە بولدى. سەن مېنى بۇلارغا ئۆلتۈرگۈزمەك ئۈچۈن خارۇ-زار قىلدىڭ. ھەي، سەن مېنىڭ ئويغىناس بەختىمگە ئوخشاش ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ياكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى سەيلە قىلىپ ئەمدى ھاردىڭمۇ؟! ئېيتقىنا، سېنىڭ ھەر كۈنكى قەدەملىرىڭ، ھەر ئاخشامدىكى يۈرۈشلىرىڭ قېنى؟! ئاخىر سېنىڭ ئاياغلىرىڭ مېنىڭ ئاھ ئوقلىرىم تېگىپ، مەجرۇھ بولۇپ قالغانمىدۇر. ئەگەر مەجرۇھ بولمىغان بولساڭ، سۇبھىگە قاراپ بىر قەدەم مېڭىپ باق. ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ھىجرانىدا قالغان بۇ ھالىمغا ئىچى ئاغرىسۇن، قارا تۈندە قالغان بۇ خەستىگە رەھىم قىلغىن.»

ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر ھالەت يۈز لەندىكى، ئۇنىڭ بەختىگە



ئاي تۇغۇپ، گويا جاھانغا روشەنلىك ۋە ھارارەت بەخش ئەتكۈچى قۇياشتەك روھىي زېمىننى يورۇتتى. پەرھاد ناھايىتى كۆپ تىرىشىش، تىرمىشىشلار ئارقىلىق ئورنىدىن تۇردى-دە، قەددىنى يېڭى ئايدەك ئەگكەن پېتى يەر ئۆپتى. ئۇ پەلەككە قاراپ يەنە نالە قىلىشقا باشلىدى: «ھەي پەلەك، قارا تۈنۈمنى يورۇتقىن، ئۆلە ھالەتتە پەريادىمغا يەتكىن. ھالىمغا رەھىم قىلىپ جېنىمنى ئالغىن-دە، تۈپرىقىمنى ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ كوچىسىغا چاچقىن. مەن يوقلۇق دۇنياسىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ئاخىرقى سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن.»

پەرھاد ئىككىنچى ئاسمانغا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئۇق ① كۆرۈندى. پەرھاد ئۇ ئوقۇقا قاراپ سۆز باشلىدى: «ئەي دوستلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى يېزىپ تۇرغۇچى، ئەي ئاسمان ۋاراقلىرىدا دائىم قەلەم تەۋرەتكۈچى، كۆزۈمنىڭ قارىلىرىنى سىياھ قىلىپ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنىڭ شەرھىسىنى تولۇق يازغىن. قاچانكى ئۇ قۇياشنىڭ ئىشكى ئالدىغا يۈز قويغىنىڭدا بۇ خېتىمنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېشىدا قويغىن.»

پەرھاد ئۈچىنچى ئاسمانغا نەزەر تاشلاپ زۆھرە يۇلتۇزىنى كۆردى. زۆھرە يۇلتۇزى بولسا پەلەكنىڭ سازەندىسى ئىدى. پەرھاد ئۇنىڭغا قاراپ توختىماستىن ئۇن تارتىپ نەلە-زار قىلاتتى. نالە-پىغاندىن ئۇنىڭ قەددى چاڭدەك② ئېگىلگەنىدى. ئۇ مۇنداق نالە قىلاتتى: «ھەي يەر ئۈستىگە كۆكتىن شادلىق ياغدۇرغۇچى، سېنىڭ نەغمەڭ كىشىگە جان بېغىشلاپ، شادلىقنى قوزغايدۇ. سەن بىر پەس تارىڭنى ئۈزگىن، مەندەك ئۆلۈك ئۈچۈن قايغۇ-ماتەم سازىنى تۈزگىن. سەن ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ بەزمىسىدە نەغمە باشلىغىنىڭدا مېنىڭ ھالاكىتىمنىڭ ماتەم سازىنى ياڭراتقىن.»

---

① ئۇق — بىر يۇلتۇزنىڭ نامى.

② چاڭ — ئۈچى تەرىپى ئەگرى بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

ئۇ تۆتىنچى ئاسماننى قۇياش ۋە يۇلتۇزلاردىن خالى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى: «ھەي يۈكسەك ئاسمان. سەن قۇياشىڭنى خۇددى مېنىڭ قۇياشىمدەك يوشۇرۇن قىلىپ، ھىجران تۈنىنى ماڭا ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن قىلدىڭ. ئەمدى مېھرىڭدىن بۇ ئالەمنى يورۇتۇپ، مېنىڭ بۇ ھىجران تۈنۈمنى چېكىگە يەتكۈزگىن.»

پەرھاد بەشىنچى ئاسماندىكى قەھرىمان يۇلتۇزنى كۆرۈپ، بۇ كېچىنىڭ يامانلىقىنى ۋە ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: «ھەي پەلەك قەھرىمانى①، تىغ تارتىپ قەتلى ئام قىلىش ۋاقتىڭدا قىلىچىڭنى قېنىم بىلەن بويىغىن، بۇ تىرىكلىكتىن مېنى ئارام تاپقۇزۇپ، تېنىمنى ئۇنىڭ كوچىسىغا، بېشىمنى ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىغىن.»

پەرھاد ئالتىنچى ئاسماندا مۇشتەرىنى② كۆرۈپ، ئۇ سائادەت يۇلتۇزىغا ئۆز ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى: «ھەي شەرەپ ئۇربىتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇچى، بەخت-سائادەت تەختى تاجىغا ئەمىنلىك بەخش ئەتكۈچى، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۇرادىنى بېرىپ، بۇ جاپا-مۇشەققەت تۈنىدىن ئازاد قىلىپ، بېشىمدىن ھىجران شېمىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنى يوقىتىشى، ۋىسال سۇبھىسىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈمنى روشەن قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن.»

ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا بېقىپ زۇھەلنى كۆردى-دە، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە نىدا قىلدى: «ھەي ئۇلۇغۋارلىق دېڭىزى، تەمكىنلىكنىڭ بۈيۈك تېغى، سەندە ياخشىلىق ۋە مۇلايىملىق مۇجەسسەمدۇر. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ مېنىڭ ھىجران شېمىمنىڭ تاغلىرىدەك ئېغىر، ئاياغلىرىڭ سەۋرچان كىشىدەك ھەرىكەتسىز. مېنىڭ جېنىم ھىجراندا ھاياتلىقىنى يوقىتىپ قويدى. سەن ماڭا مېنىڭ بۇ دەرد-ئازابلىرىم ئۈچۈن سەۋرى-تاقەت ئاتا قىل.»

---

① پەلەك قەھرىمانى — مىررىخ (مارس) سەييارىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② مۇشتەرى — مىركورى سەييارىسىنىڭ نامى.



ئۇ سەككىزىنچى ئاسمانغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ يەردە بىر قەدەھ سۈپەت ئۈنچىنى كۆردى. ئۇ گۈمبەز ئىچىدە پەرھاد ئۇ بۇرۇجدىن بۇ بۇرۇجقا كېزىپ يۈرۈپ، ھەر بىر بۇرۇجدىن ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈكىنى كۆرۈشنى، ئۇ بەخت يۇلتۇزىدىن نىشان تېپىشنى ئىزدەيتتى.

پەرھاد يەنە توققۇزىنچى ئاسمانغا قاراپ ئۇ يەردىكى سەييارىلەرگە كۆز تىكتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز ئەھۋالىنى، پىراق ئىچىدىكى ئاھۇ-زارلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن پۈتكۈل يۇلتۇزلارنى يوق قىلدى-دە، ئۆز ئاھلىرىدىن چىققان تۈتەكلەر بىلەن پەلەك ھاسىل قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى پەلەكتىكى يۇلتۇز قىلدى. ئۇ مۇنداق نالە قىلاتتى: «ئاھ، تۇمانلىرىم بىلەن كۆز ياشلىرىمدىن خەۋەر بېرىپ، كۆز ياشلىرىمنىڭ مارجانلىرىدەك راۋان بولۇڭلار. مېنىڭ بۇ غەمكىن كۆڭلۈم يۈزمىڭ پارە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋايى پىراقىدا كۆپ ئاۋارە بولدى؛ ئۇنىڭ ھەر بىر پارىسىنى بىر پارچە قانمىكىن دېمەڭ، بەلكى ئۇ غەم-غۇسسە بەرگىدە ئېچىلغان گۈلدىن نىشاندۇر. ئىلتىماسىم شۇكى، ھەر بىرىڭلار ئۇ گۈللەردىن تۈمەنمىڭنى يىغىپ، ئۇ يارنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا تېز بېرىڭلار-دە، ئۇنىڭ باشلىرىغا گۈل چاچقۇسى قىلىڭلار. سىلەر گۈل بەرگى چاچتۇق دېمەڭلار، بەلكى يېغىن ئۈستىگە قان چاچتۇق دەڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ ھىجرانى مېنى گۇناھسىزلا جېنىمدىن جۇدا قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كوچىسىنى قېنىم قاپلىسۇن!»

پەرھاد شۇ يوسۇندا تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە نالە-پەرياد، جېدەل-ماجىرالار قىلدى. ئۇ ھەر بىر ماجىراسى ئۈستىگە يەنە مىڭلاپ ماجىرالارنى قوزغايتتى. ئۆلۈمدىن ھەسرەت-نادامەتلەرنى چېكىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى قىيامەتلىك بەزم تۈزمەكتە ئىدى. نالە-پىغان قىلىش بىلەن پۈتۈن قۇۋۋەت-مادارىدىن كېتىپ، ئۆز جېنىغا قەست قىلىشقىمۇ مادارى يەتمەي، ئۆلۈكتەك ھوشىنى يوقىتىپ

يىقىلدى. ئۇنىڭ ھازىسى ئۈچۈن ئالەم قارىلىق بولدى، ماتەمدە بولسا سۇبھى ياقىسىنى يىرتىپ، پەلەك ئۆزىنىڭ يۇلتۇز ئۈنچىلىرىنى گويا كۆز يېشىدەك تۆكتى. ئۇنى غەم تۈنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوتلۇق قۇياش نۇرلىرى دەم ئۇرۇپ، سۈپ-كۆچلىگىنىنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؛ بۇ مەككار پەلەكنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن كىشىگە تەرياك① بېرىپ بولۇپ ئاندىن كېيىن يەنە زەھەر بېرىدۇ.

ھەي ساقى، ماڭا جان تەرياكىنى كەلتۈرگىن. ياق، تەرياك ئەمەس، ئۇنى تىرىكلىك دەسمايىسى دېگىن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھىجرانىدىن بەھرىمەن بولۇپ يېگىلدىم، شۇڭا سەن ئالدى بىلەن جامىمغا تەرياكنى تۆكۈپ، ئاندىن زەھەرنى قۇيغىن. **نەزمە:**

كېتۈر، ساقى، ماڭا تەرياكى جانى،
دېمە تەرياك ئانى، زىندەگانى.
ياگىلدىم چۈن تاپىپمەن ھەجرىدىن بەھر،
تۆكۈپ تەرياكنى قۇي جامىمە زەھر.

※ ※

سىرلىق مەنبەلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىب يېقىملىق، غارايىب تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، ئۇ دەرد ۋە غەم قەلىمىنى تەۋرەتكۈچى كىشى بۇ سەھىپىلەردە ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەم خېتىنى تۆۋەندىكىچە يازدى: شۇ چاغدا ھوشسىز پەرھاد بالا-قازا قورغىنىغا باغلىنىپ قالدى.

① تەرياك — زەھەر قايتۇرغۇچى دورا.



قاراۋۇللار پەرھادنىڭ سىرىنى بىلىۋالدى: پەرھاد غايىپ سىرلارنى سېزەتتى. ئۇ يوقلۇق ئوربىتىسىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، ۋاپادارلىق ئۈنچىلىرىنىڭ نۇرلۇق گۆھىرى ئىدى. ئۇنىڭ روھى ئەۋلىيالىق مەشئىلىدىن نۇر تاپقان، كۆڭلى بولسا كارامەت نۇرلىرى بىلەن ئاۋات بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنى بەنت قىلىپ تۇرغان غول-زەنجىرلەرنىڭ ئېچىلىشىنى قاچان ئىستىسە، شۇ ھامان ئېچىلاتتى. پەرھادقا كۆزەتچىلىك قىلغۇچىلار بۇنى بىلەتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ، ئۆزلىرىنى قاماش ئارقىلىق، جان-دىلى بىلەن پەرھادنى ئازاد قىلىپ شادلانماقچى ئىدى. لېكىن پەرھادنىڭ بارىدىغان يېرى يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى قانخور پەرۋىز بىلىپ قالسا، غەزەپلىنىپ ئۇ قاراۋۇللارنىڭ قېنىنى تۆكمەستىن، بەلكى پەرھادنىڭ باغلاقتىن بوشانغانلىقىنى بىرەر ھۈنەرنىڭ كارامىتى بىلەن بولغان دەپ قاراپ، بىر بۇيرۇق بىلەنلا سىياسەت قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ پەرھادقا ۋەھشەت سالسا قانداق قىلغۇلۇق؟! ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە يەنە ۋەھىمە كۆچىيەتتى. شۇڭا ئۇ ناتىۋان بىچارىنى ھوشيارلىق بىلەن ساقلايتتى. ئۇلار كۆڭلىدە بىزنى تەڭرى بىلەن بۇ بىچارە ئەپۇ قىلار دەپ ئويلايتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىدا ئاجايىپ-غارايىپ ھالەتلەرنى سېزەتتى-دە، بىر-بىرىسىگە، «ئەڭ ياخشىسى بۇ بىچارىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىساقمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرەيلى» دېيىشەتتى.

پەرھادنى قاماققا ئالغاندىن كېيىن خۇسرەۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. لېكىن بۇ ئىشتىن ئازابلانغان شاپۇر ئۆزىنى قورغان ئىچىگە ئالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئازاب ياستۇقىغا ياق، ياستۇق ئەمەس، بەلكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىكى تۇپراققا چۈشكەنىدى. ئۇ توختىماستىن نالە-پىغان قىلاتتى. تېنىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يۈز پارە قىلاتتى. شاپۇرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن خالايىق بىلدىكى، زالىم پەرۋىز يۈز تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى قىلىپ،

پەرھادنى تۇتۇپتۇ ۋە زۇلۇم قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنى ئېسىش ئۈچۈن دار ياسىتىپ، ئۆزى قانخورلۇق يولىنى تۇتۇپتۇ. ئۇ بىچارە پەرھادتىن مەيدانىنى خالىي قىلىش، ئاجايىپ بىر ئاۋارىلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۇنى يوقلۇققا گىرىپتار قىلىش ئۈچۈن يەنە قانداق ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

پەرھاد شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ يەنە خۇسرەۋدىن قانداق خىتاب كەلسە، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا يىگانە سۆزلەر بىلەن دەل جايىدا جاۋاب بەردى. خۇسرەۋ ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن قەھرى-غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى يەنە ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. پەرھاد ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ دەبدەبىلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. پەرھادنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ خىتاي ۋە چىن مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى پەملەشكە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ شان-شۆھرىتىنى گۆھەر بىلىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىمۇ مەلۇم ئىدى. بۇ ئەھۋاللار خالايىق ئارىسىغا يېيىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ياخشى-يامان دېيىشتىن توختاپ، خۇسرەۋ پەرۋىزدىن بىزار بولۇپ، پەرھادقا شەيدا ۋە مەپتۇن بولدى.

پەرھادنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىنى شائىرلار تالاي غەزەللەرگە زىننەت قىلىپ يازدى. مۇزىكانتلار ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ، خۇش ئاۋازلىق بىلەن بەزمە تۈزۈشتى. دەردمەنلەر ئاشىقلارچە ئاھۇ-پىغان چەككەن ھالدا، ئۇنى مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن ناخشا قىلىپ توۋلاشتى. پەرھاد خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قانداق سۆزلەرنى قىلغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان بولدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بۇنچە كۆپ خەلقنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى پەرھادنىڭ ئەھۋالى سەۋەبىدىن ئىدى. بۇ قىقاس-چۇقانلار مېھنىبانۇغا ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىيىنتىما بولاتتى. بۇ غەم سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئەقىل ۋە گۈزەللىكى كېتىپ، ھەيرانلىق بىلەن تىلىقىپ زار-زار يىغلايتتى. لېكىن بۇ غەم-غۇسسىلىرىنى



ئاشكارىلىمايتتى، مېھنىبانۇ بۇ ۋەقەلەر ئاي يۈزلۈك شىرىنگە ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇ شەكسىز ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى.

گۈل يۈزلۈك شىرىن بۇ ھەددى-ھېسابسىز غەم-قايغۇدىن دائىم ھوشسىزلىناتتى. ئۇ پەرھادنىڭ غېرىبلىق تۇتقۇنى، دۈشمەنلەرنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ناتىۋان جىسمىنى كىيىم ئىچىدە يوشۇرغاندەك، غەم-قايغۇلۇق كەيپىياتىنى پەردە ئىچىدە يوشۇراتتى. بۇ مۇسىبەت ئوتلىرىدىن ئۇنىڭ تاشتەك يۈرىكى سۇ بولغانىدى. لېكىن بۇ غەم-غۇسسىلىرىنى سورىغىلى ئۈلپەتلىرى يوق ئىدى. ئۇ پايانسىز ھىجران پەردىلىرى ئىچىدە يوشۇرۇن ئاھ چېكەتتى. ئۇنىڭ چەككەن ئاھ تۈتۈنلىرىدىن جاھان قارىيىپ كەتكەنىدى.

مىسكىن شىرىن پىراق ئىچىدە ئىنتايىن بىئارام ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھىجران تاشلىرى تېگىپ سىنغانىدى. بىر كۈنى ئۇ غۇنچىدەك كۆڭلىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆزلەپ، بىردەم قەسىر ئۆگزىسىگە چىقىپ ھاۋالانماقچى بولدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر بىچارە غەمكىن كىشىنىڭ زار-زار يىغلاپ ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى بۇ نەغمە ئاۋازى تېخىمۇ غەمگە سالدى، بۇزۇلغان كۆڭلىگە بۇ ئاۋاز قاتتىق تەسىر قىلدى. شىرىن بۇ غەزەل ئىچىدىكى بېيىتلارنى، بۇ مۇزىكا ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق سالدى. بۇ غەزەللەرنىڭ ھەممىسى پەرھادنىڭ ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر بېيىتى شىرىن ئۈچۈن بىر غەم ھۈجرىسى ئىدى. بۇ تەتۈر پەلەك پەرھادنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنى كەلتۈرگەنلىكى، خۇسرەۋ ئۇنىڭ جېنىغا قانداق جاپالارنى سالغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۇ غەزەلخان ئاھ-پىغان چەككەن ھالدا بىرىنمۇ قالدۇرماي غەزەل قىلىپ ئېيتماقتا ئىدى. بۇ ئاي يۈزلۈك شىرىن غەم قوزغاتقۇچى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا، گويا باغرىغا ئۆتكۈر خەنجەر تەگكەندەك بولدى. شۇنداق ئۇتلۇق ئاھ چەكتىكى، ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش ئۇنىڭ تۈتۈنلىرى ئىچىدە ئۆچۈپ قالدى.

ئۇ توختماستىن يۈزىگە كاچات ئۇرۇشقا باشلىدى. يەرگە بېشىنى يۈزلەرچە ئۇراتتى. سېرىق گۈلدەك يۈزلىرىگە قانلىق ياشلىرىدىن توختىماي قىزىلگۈل تۆكتى. بارماقلىرى قاندىن خىنا رەڭگىدە، قۇرۇپ كەتكەن، ياقۇت لەۋلىرى كەھرىۋا رەڭگىدە كۆرۈنەتتى. ئۇ قانلىق كۆز يېشىنى قانغا بويالغان يۈزلىرىگە ئاققۇزۇپ، قان بىلەن قانىنى يۇماقتا ئىدى. ئۇ گويىكى تاڭ شامىلى گۈل ياقىسىنى يىرتقاندەك، گۈل رەڭلىك كىيىملىرىنى ئۆز قولى بىلەن يىرتماقتا ئىدى. كىيگەن كىيىملىرىنى تەرەپ-تەرەپتىن ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن قىزارتىپ، گۈل رەڭلىك ياقىسىنى يىرتقىنىدا، ئۇ گۈل ئىچىدىن ئىككى غۇنچە ئاشكارە بولاتتى. ياق، غۇنچە ئەمەس، بەلكى ئۇ قادالغان ئىككى ئوق ئىدى، غەم ئوقى ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ نىشانىسى ئىدى. ئۇنىڭ نەرگىس گۈلىدەك ئىككى كۆزى ئارىسىدىكى يۈزلەرچە لالەرەڭ تامچىلار ئۇنىڭ سوغۇق ئاھلىرى بىلەن قوشۇلۇپ گۈل رەڭ مۆلدۈرلەرگە ئايلانغانىدى. خۇددى كېچىنى شەرق ئۈستىگە ياپقانىدەك، گۈل يۈزلىرى ئۈستىگە سۇمبۇل چاچلىرىنى ياپقانىدى. تۈندەك قارا چاچلىرى قۇياش ۋە ئايدەك يۈزلىرىنى يېپىپ ئۇنى قارا تەنلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. يۈزىنىڭ ئوتى ئۈستىدىكى ئەنبەردەك خۇش پۇراق چاچلىرىغا ياش يېغىنلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇ چاچلار ئۈستىدىن ئىس چىقراتتى. ئۇ شۇ قەدەر نالە-پىغان قىلىپ ئىسىدىن كەتتى-دە، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭ بېشىدا يىغلاپ، كۆڭلىدىن سەۋر-تاقىتى كېتىپ تۇرغىنىدا، زامان زەربىسىدىن جىسمى يارىلانغان بىچارە شاپۇر يېتىپ كەلدى. ئۇ تازىم بەجا كەلتۈرۈپ مېھىنبانۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى قويدى. ئۇ شاد-خۇراملىقتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: **نەزمە:**

كى گەردۇن مەسنەدۇ ئەنجۇم سىپاھان،
ھۇمايۇن ئارەزىن ئىسمەت پەناھان.



ھەمول كۈندىنكى شاھى كىشۋەرى ئىشق،
بەلا ئەۋجىدە رەخشان ئەختەرى ئىشق.

— ئۇ پەلەكتەك مەرتىۋىگە، يۇلتۇزدەك قوشۇنغا ئىگە بولغۇچى، مۇبارەك جامالىدىن پاكلىق كۆرۈنۈپ تۇرغۇچى، ئىشق قوشۇنىنىڭ خاقانى، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ پارلاق چولپانى، شاھ دېسەم شاھ، دەرۋىش دېسەم دەرۋىش، يەنى غېرىبلىقتا خەستە بولغان بىچارە پەرھاد دۈشمەنىنىڭ ھىيلە-مىكىر قىلتىقىغا چۈشۈپ، تۇتقۇن بولدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ پەرھادنى تۇتقۇن قىلغان كىشىنى كۆرۈپ، قولۇمغا دىۋە ئۆلتۈرگۈچ تاشنى ئېلىپ، شۇنداق ئاتتىم-دە، ئۇنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتىم. لېكىن پەرھادتىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىر بۇلۇڭدا ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم ياكى ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىشقا ۋە ياكى سېنىڭ خىزمىتىڭگە قايتىشقا يۈزۈم قالمىدى. تۈنۈگۈن ھېسابسىز غەمگە پاتقان ھالدا بىر بۇزۇق ۋەيرانە ئىچىدە كۆپ تەشۋىشلەندىم. بۇ قورغان ئىچىدە ناھايىتى تەڭلىكتە قالدىم. ئاخىرى سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ھەريان قەدەم تاشلاپ، ئۆزۈمنى قەلئەدىن تاشقىرىغا ئالدىم. خۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا كېزىپ، ئەتە-ئاخشام ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدۇم. بۇ ئاخشام خۇسرەۋنىڭ ئوردىسىغا كىردىم، ھەر بىر يىغىلىشلارغا، ئەيش-ئىشرەت ئورۇنلىرىغا ۋە غەم-قايغۇ كەپىلىرىگە كىرىپ، ئەپسانىلەرگە قۇلاق سالدىم. بۇ ئۆزگىرىشچان پەلەك ئۆچلىشىشنى تاشلاپ، ئاجايىپ مەسلىھەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپتۇكى، بۇگۈن ئۇ بىگانە دەۋران ۋە خەستە ناتىۋاندىن خالايىق ئىچىدە ئاجايىپ بىر ھېكايە تارقىلىپتۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم ئاڭلاپتۇ. دۈشمەننىڭ ۋەھشىتى سەۋەبىدىن ھىجران ئازابى تارتىپ گاھى چۆل، گاھى تاغلاردا يۈرمەكتە ئىدىم. خۇسرەۋنىڭ كۆز نۇرى پەرھادنىڭ ئەۋلىيالىق مەشئىلى بىلەن يورۇپتۇ-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋەھىمە قىلىپ: «ئەگەر پەرھاد بۇ يەردىن يىراققا كېتىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەسئۇل قىلغان

قاراۋۇللارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىمەن» دەپتۇ. بىچارە پەرھاد خۇسرەۋنىڭ باشقىلارغا دىل ئازار، جاپا ۋە تىل-ئاھانەت يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ يەردىن يىراققا بارالمايدىكەن. مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا بارماي دەرھال سېنىڭ خىزمىتىڭگە قايتتىم. بۇ ھەقتىكى خەلقنىڭ راست-يالغان خەۋەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆزلىرى تەرىپىدىن توقۇلغانىكەن. مەن ساڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. چۈنكى سېنىڭ پەرھاد ئۈچۈن چېكىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەتلىرىڭنىڭ پەرھاد تېغىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى، ئۇ گۈزەللەر شاھى بولغان شىرىننىمۇ تاغ-تاغ غەم-غۇسسىلەر بېسىپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئالدى بىلەن ساڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ گۈل بەرگىدەك لەۋلىرىنى بۇ خەۋەر بىلەن خەندان قىلدۇراي. يەنە سەندىن سۆز ئالغاچ بېرىپ، شۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نۇرلاندۇراي. سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى كېچىكتۈرمەستىن بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتاي، دېگەن نىيەتتىمەن. ئەگەر سۆزۈڭ بولمىسا، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن تېزدىن يولغا چىقاي.

مېھىنبانۇ شاپۇرغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى باشلىدى:

— ھەي خۇش سۆزلۈك، نۇرانە چىراي يىگىت، سېنىڭ سۆزلىرىڭ جاراھەتلىك كۆڭۈللەرگە مەلھەم بولدى. سېنىڭ ھىجرانىڭدا كۆپ ناشاد، پەرھادنىڭ ھىجرانىدىن ئىنتايىن ناخۇش ئىدۇق، سەن ھەرھالدا بىزنى ئۆزۈڭنىڭ ھىجرانىدا ئازاد، پەرھاد ھىجرانىنىڭ غەملىرىدىن شاد قىلدىڭ، — مېھىنبانۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك شىرىننىڭ پەرھادنىڭ ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى، ئاندىن يەنە، — خۇداغا شۈكرى، سېنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆرگەندەك بولدۇق، — دەپ ناھايىتى كۆپ يىغلىدى. شاپۇر بىلەن مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، پەلەكنىڭ يەتكەن زۇلۇملارنى بايان قىلىشىپ ئۇزاق مۇڭداشتى. شاپۇر ئۇ دىلى سۇنۇق بىچارە پەرھادنىڭ ھالىنى بايان قىلسا،



مېھىنبانۇمۇ ئاي يۈزلۈك شىرىننىڭ قىيىن ئەھۋالىنى ئايان قىلاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قىسسىلەر سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا شىرىن تېخىچە ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا ئارقىمۇئارقا خۇش بۇي ئىسرىقلارنى پۇرىتىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ غەمكىن شاپۇرنى كۆردى-دە، يەنە مىسكىن پەرھاد يادىغا يېتىپ، بىخۇدلارچە ئاھۇ-پىغانلار چەكتى. ئۇنىڭ چەككەن ئاھلىرىدىن ئوتلار شولا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ شاپۇرغا قاراپ بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى. **نەزمە:**

كى ئەي شاپۇر، قاندىن بويلە يەتتىڭ،
كېلىپسەن فەرد، ھەمراھىڭنى نېتتىڭ؟!
ھەمۇلكىم مېھرى كۈسىن ئۇرمىش ئېردىم،
بارۇر چاغدا ساڭا تاپشۇرمىش ئېردىم.
رەفىقۇ يارلىغ مۇنداغ بولۇرمۇ؟!
ئەمانەتدارلىغ مۇنداغ بولۇرمۇ؟!
ماڭا ئۆز غايىبىمدىن بىر نىشان ئەت،
دېسەڭكىم ھەجرىدىن ئۆلمەي رەۋان ئەت!
گەر ئەتسەڭ مەكس، ناگەھ چىقسە جانىم،
ياقىن بىلكىم ئېرۇر بويىنۇڭغە قانىم.

— ھەي شاپۇر، — دېدى شىرىن زار-زار يىغلىغان ھالدا، — سەن قاياقلاردىن بۇنداق كەپقالدىڭ، ئۆزۈڭ يالغۇز كەپسەن، ھەمراھىڭنى قانداق قىلدىڭ؟! مەن مېھىر-مۇھەببەت ناغرىسىنى چالغان ئاشۇ كۇنى قايتار چاغدا ئۇنى ساڭا تاپشۇرغانىدىم. دوستلۇق، قېرىنداشلىق دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟! ئامانەتدارلىق دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟! ئەگەر ئۇنىڭ ھىجرانىدىن مېنى ئۆلمەي ياشىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈمنىڭ يوقاتقان ئۇ ئادىمىمدىن بىر ئۇچۇر بەرگىن. ئەگەر سەن يەنىلا مۇشۇنداق جىم تۇرىۋېرىپ، مۇبادا جېنىم چىقىپ كېتىدىغان بولسا، بۇنىڭ قان دەۋاسى سېنىڭ

بوينۇڭغا چۈشىدىغانلىقىنى ئويلا! ...

مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، جىگەرىمنىڭ پارىسى، ياقۇت لەۋلىرىڭ بۇ خىل ئىزتىراپتىن تەسكىن تاپسىلا، مىسكىن شاپۇر ھەممە سۆزلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز-ھېكمەتلىرىدىن كۆڭۈللەرگە يۈزلەپ راھەت ھاسىل بولۇپ، يېڭى ۋە كونا جاراھەتلىرىمىز شىپا تاپقۇسى، — دېدى.

قۇياش چېھرىلىك شىرىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا:

— ھەي ئۇستا، ھەي ئەزىز قېرىنداش. ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى ئەيىبلىك دەپ بىلمەستىن، سۆزلىرىڭنى بايان قىلغىن، — دېدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن بىلگەنلىرىنى شىرىنگە دەرھال بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

— ھازىر پەرھاد ھايات، — دېدى شاپۇر سۆز ئاخىرىسىدا، — لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىرى سىزنىڭ ھىجرانىڭىزدا ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئاۋۋال بۇ ئەھۋالدىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچىمەن. ئەگەر ساڭا ئېغىر كەلمىسە ئۆز ئەھۋالىڭىزدىن بىر-ئىككى جۈملە ھېكمەتنى يېزىپ بەرگىن. مەن ئۇنى ئاپىرىپ پەرھادقا كۆرسىتىمەن-دە، ئۇنى ئۆلگەن بولسىمۇ تىرىلدۈرىمەن.

— چېنىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى شىرىن ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرىپ، دەرد-ئەلەم بىلەن شۇنداق ئاجايىپ بىر مەكتۇبنى پۈتۈپ چىقتىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملىسىدىكى سۆزلەر كۆڭۈللەرنى تاراتتى. ئۇ خەتنى دەرھال چىقىپ شاپۇرغا تاپشۇردى. شاپۇرمۇ شۇ ھامان يول تەرىپىگە قاراپ قەدەم قويدى. كىشىلەر ئاڭغىچە شاپۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاشقانىدى. شۇڭا ئۇ ئەلدىن يوشۇرۇن ھالدا تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرۈپ، سەھەر ۋاقتىدا پەرھاد تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ زار ناتىۋاننىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرگەن دانىشمەن شاپۇر دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.



ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار قېچىپ كېتىشتى. شاپۇر پەرھادنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇنى شۇ ھالدا كۆردىكى، بۇنداق ھالەتنى ھېچ كۆز كۆرمىسۇن، ئۇ بىچارىنىڭ جىسمىدا جان، ئاغزىدا سۆز يوق ئىدى. شاپۇر نالە-پىغانلارنى چەككەن پېتى ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ پەرھادنىڭ يۈزلىرىگە كۆز ياشلىرىنى شۇ قەدەر تۆكتىكى، گويا ھوشسىز كىشىگە گۈل سۈيى سەپكەندەك بولدى. پەرھاد شۇ ھامان ھوشىغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرۈش بىلەنلا، بىر-بىرىنىڭ بوينىغا قول سېلىشىپ، قورقۇنچلۇق ئۈن تارتقان پېتى زار-زار يىغلاشتى. ئۇلار بىرسى بىرسىگە قاراپ شۇنداق يىغلىدىكى، يىغىسىدىن جاھانغا ئوت چۈشۈپ تاغۇ-سەھرالارمۇ قان يىغلىدى. شاپۇر پەرھادنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيگەن ھالدا، قوينىدىن مەقسەت مەكتۇبىنى چىقىرىپ پەرھادقا تۇتتى. پەرھاد خەتنى ئېلىپ ئاچتى-دە، قەلەمدەك زەئىپ تېنى ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇ مىسكىن بىچارە خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى.

ھەي ساقى، ماڭا شۇنداق بىر تەڭداشسىز خەتنى كەلتۈرگىن-دە، بۇ خېتىمنى كۆزۈمنىڭ قارىسى بىلەن يېزىپ چىقاي، ئەي تەڭرىم، ماڭا بۇ يولدا شىرىن لەۋ ئاتا قىلىپ، مېنى سۆز گۈلشىنىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇل قىلغىن. **نەزمە:**

كېتۇر، ساقى، ماڭا خەتتى مۇسەللەم،
بىتەي كۆزنىڭ قاراسى بىرلە نالەم.
لەبى شىرىنبىدىن، يارەب، نەسىب ئەت،
مېنى سۆز گۈلشەنىدە ئەندەلىب ئەت.

※ ※

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق

بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ بېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

تەڭرىنىڭ ھەمدۇ-ساناسى بىلەن باشلانغان بۇ دەرد-ئەلەم مەكتۇبى جاھانغا مۇنداق دەرد-ئەلەم ھېكايىلىرىنى تاراتتى.

تەڭرى ۋاپا ئەھلىگە قەھرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا ھىجران جامىدىن زەھەر سالدى. ئۇ ئىشق ئەھلىنىڭ كۆيۈپ، ئۆرتىنىشىنى ئەلا كۆرۈپ، ئۇلارغا ئۇلۇغلۇق بىلەن جۇلا بەردى. ئۇ ئىشق چاقمىقىنى توختاۋسىز چېقىلدۇرغىنىدا سەرۋى بولسۇن ياكى خەس بولسۇن، ھەممىسى گۈل يۈزلۈككە ئايلىنىدۇ. مۇھەببەت سېلى شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەندە، مەيلى ۋەيرانىلىق بولسۇن ياكى ئاۋاتلىق بولسۇن، ئۇنى ئوخشاشلا يىقىتىپ تاشلايدۇ. غەم بورىنىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگىنىدە ئەيش-ئىشرەت شېمى ۋە مەشئىلى تەڭلا ئۆچىدۇ. تەڭرى دەردۇ-مېھنەت تۇتۇنلىرىنى ئاشكارا قىلغاندا، مەيلى ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەر بولسۇن ياكى قارىغۇ كىشىلەر بولسۇن ئوخشاشلا ياش تۆكىدۇ. ئەگەر غەم تېشىدىن قەھرى كەلسە، مەيلى ياقۇت بولسۇن ياكى شىشە بولسۇن، ئوخشاشلا سىنىدۇ. تەڭرى ئەگەر بىر خەسكە جاپا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇسا، كەھرىۋالارنىمۇ سامانەك سارغايتىدۇ، بۇلبۇللارنىڭ نالە-پىغان قىلىشى، گۈللەرنىڭ ياقىسى يىرتىق بولۇشى، زەررىچىلەرنىڭ ئىزتىراپلىق تېپىرلاشلىرى ۋە نۇرلۇق قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارەتلىرى شۇ سەۋەبتىندۇر.

ئاسايىشلىق كەلتۈرگۈچى شاپۇر مېھنەت سىياھى بىلەن يېزىلغان ئۇ خەتنى پەرھادقا بەردى. گوياكى ئۇ خەت شامدىن پەرۋانە تەرەپكە ۋە ياكى سەمەندەردىن ئوتخانا تەرەپكە يېتىپ كەلدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

## شىرىننىڭ پەرھادقا ئەۋەتكەن خېتى

« ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ قەلبىنى يورۇتقۇچى، ئۇلارنىڭ جامالىغا



جۇلا بەرگۈچى، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل تۈگۈنلىرىنى، يەنى ۋىسال سىرلىرىنى يەشكۈچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئىشق-مۇھەببەت خەزىنىسىنىڭ نۇرى ۋە ئىلھامى، مېھىر-شەپقەت كانىنىڭ نىشانى ۋە مۆجىزىسى، ئۈمىدسىزلىك كوچىسىنىڭ بىناۋا قەلەندەرى، جاھاننى كۆيدۈرۈپ، جاننى ئۆرتىگۈچى جاپا ۋە مېھنەت ئوتىنىڭ بىپەرۋا سەمەندەرى؛ ۋىسالىم دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، غەم-غۇسسە تاغلىرىنىڭ سېپىلى ئىچىدە تاغ-تاغ دەرد ۋە پىراققا مۇپتىلا بولغۇچى ئاشۇ بىچارە پەرھادقا مالامەت قەلئەسىگە پاسىبان بولغان مەندەك زەئىپ ۋە خەستە جاندىن مىڭلارچە سالام:

جۇدالىق سالامىدىن كېيىن سورايدىغىنىم شۇكى، غەم تاغلىرىنى كۆتۈرۈپ، ناتىۋان جىسمىڭ « جىم » (ج) دەك ئېگىلگەندۇر. قاتتىق غۇربەت ۋە ئاچچىق پۇرقەت ئىچىدە بىچارە جىسمىڭ مېنىڭ ئىشقىمدا ئوت ئۈستىدىكى قىلدەك تولغىنىۋاتقاندۇر. ھازىر سېنىڭ ھالىڭ نېچۈك؟ » دەپ يازغاتتىن كېيىن يەنە تۆۋەندىكىچە بىرقانچە بېيىتنى قاتار تىزدى. **نەزمە**:

« كۆزۈم فىكرى قىچىڭگە سالسە قايغۇ،
بەلا ھەر گۇشەدىن تۇغيان قىلۇرمۇ؟
بۇ مىژگانىم غەمىدىن چىقسە ھۇيۇڭ،
بولۇرمۇ بىر تىكەن ھەر تارى مويۇڭ؟
قاراغىمنى تەخەييۇل ئەيلەگەن چاغ،
خەيالىڭ شەخسى ئۆرتەرمۇ ياكى داغ؟
ئەگىم گۈل بەرگىدىن بولغاندا مەھزۇن،
يۈزۈڭ گۈلگۈن قىلۇرمۇ ئەشكى گۈلگۈن؟
قىلىپ خالىم غەمى كۆڭلۈڭگە قىنلەر،
قونارمۇ ئول يارالىڭ ئۆزرە چىبىنلەر؟
يۈزۈم ھەجرىدە تۆكسە كۆزلەرىڭ سۇ،
قۇياش رۇخسارىغا باقۇڭ كىلۇرمۇ؟

كۆزۈڭ لەئلىم غەمدىن تۆكسە قان-ياش،
بولۇرمۇ لەئل ھەرقان بىرلە ھەر تاش؟
تىلىڭ قىلسە ھەدىسىمدىن رىۋايەت،
ئۆزۈڭ بىرلە قىلۇرسەنمۇ ھېكايەت؟
تىشىم يادىدا كۆڭلۈڭ چەكسە نالە،
ياشىڭنى ساۋۇغ ئاھ ئەيلەرمۇ ژالە؟
زەمىرىڭ قىلسە ئاغزىمنى تەۋەھھۇم،
ئەدەم يولىدا ئەيلەرمۇ ئۆزىن گۇم؟
زەنەخدانىم بىلە زۇلفى گىرىھگىر،
ھەزىن كۆڭلۈڭدە ئېركىن چاھۇ زەنجىر؟
قۇلاقىم دۇررى ئەشكىڭ قىلسە كەۋكەب،
بولۇرمۇ كۆزلەرىڭ دۇررى لەبا لەب؟
قەدىم ھىجرانى بولسە كىنەخاھىڭ،
چىقارمۇ سەرۋى يەڭلىغ دۇدى ئاھىڭ؟
خەيال ئەتسەڭ خىرامىمدىن شەمايىل،
رەۋانىڭ چىقغالى بولۇرمۇ مايىل؟
بېلىمدىن سەئب بولسە كۆڭلۈڭگە ھال،
بولۇرمۇ مويەدىن مو، نالەدىن نال؟
تېنىم سىيمى ئىچىڭنى قىلسە مەھزۇن،
بولۇر ئېركىن يۈزۈڭ ئول غەمدىن ئالتۇن؟».

ئاندىن كېيىن شېرىن يەنە نەسرى ئىبارىلەرگە قەلەم سۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى يازغاندى.

«كۆزۈمنى ئىسىڭگە ئېلىپ، ئىچىڭگە قارا قايغۇ چۈشسە، ساڭا بالا-قازا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلامدىغاندۇ؟ كىرپىكلىرىم غېمىدە ئاھۇ-نالە چەككىنىڭدە ھەر بىر تۈكلىرىڭ بىردىن تىكەنگە ئايلىنامدۇ؟ كۆزۈمنىڭ قارىسىنى خىيال قىلغىنىڭدا، خىياللىرىڭ كۆڭلۈڭدە يېڭى-يېڭى جاراھەتلەرنى پەيدا قىلامدۇ؟ گۈل بەرگلىرىدەك



مەڭزىم سەۋەبىدىن غەمگە چۆككىنىڭدە، گۈل رەڭگىدىكى قانلىق كۆز ياشلىرىڭ يۈزۈڭنىمۇ گۈل رەڭگىگە كىرگۈزەمدۇ؟ خالىم غەملىرى كۆڭلۈڭگە كىرىۋېلىپ، كۆڭۈل جاراھەتلىرىڭ ئۈستىگە چىۋىندەك قونۇۋالامدۇ؟ چىرايىمدىن جۇدا بولغانلىقتىن كۆزلىرىڭ ياش تۆكسە، قۇياشنىڭ جامالىغا قارىغۇڭ كېلەمدۇ؟ لەۋلىرىم غېمىدە كۆزلىرىڭ قان-ياش تۆكسە، ئۇ قان-ياشلارنىڭ ھەربىر تامچىسى بىردىن ياقۇت ۋە مەرۋايىتقا ئايلىنامدۇ؟ تىلىڭ مەن توغرۇلۇق رىۋايەت باشلىسا، ئۆز-ئۆزۈڭ بىلەن ھېكايە ئېيتىشامسەن؟ چىشلىرىم يادى بىلەن كۆڭلۈڭ نالە-پىغان چەكسە، سوغۇق ئاھلىرىڭ كۆز ياشلىرىڭنى مۆلدۈرگە ئايلاندۇرامدۇ؟ كۆڭلۈڭ ئېغىزىم ۋەھىملىرىنى ئويلىغىنىدا، يوقلىش يولىدا ئۆزىنى نابۇت قىلارمۇ؟ زىناقلىرىم بىلەن بۇدۇر چاچلىرىم غەمكىن كۆڭلۈڭدە قۇدۇق ۋە زەنجىرلەرنى ھاسىل قىلدىمىكىن؟ قۇلاقلىرىم كۆز يېشىڭنىڭ ئۈنچىلىرىنى يۇلتۇزغا ئايلاندۇرسا، كۆزلىرىڭگە ياش ئۈنچىلىرى لىپمۇلىپ تولامدىغاندۇ؟ بويلىرىمدىن جۇدا بولغىنىڭ ئۈچۈن ئاھ تۈتۈنلىرىڭ سەرۋىدەك تۈز چىقتىمىكىن؟ قەدەم تاشلىغان ۋاقتىمدىكى كۆرۈنۈشلەرنى خىيال قىلساڭ، روھىڭ تېنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلەمدىكىن؟ بېلىمنى خىيال قىلىش بىلەن كۆڭلۈڭگە قىيىن ئەھۋال يۈزلەنسە، يىغا-زارە سەۋەبىدىن قىلدەك ياداڭغۇ بولۇپ، ئاھۇ-نالە تۈپەيلىدىن نالدەك ئېگىلىپ كېتەمدىغانسەن؟ كۈمۈشتەك بەدەنلىرىم ئىچىڭنى غەمگە تولدۇرغىنىدا، ئۇ غەم-غۇسسە سەۋەبىدىن يۈزلىرىڭ ئالتۇندەك سارغىيىپ كېتەمدىكىن؟ تاغۇ-سەھرالار ئورنۇڭ، قاتتىق تاشلار ياستۇقۇڭ بولغانمىدۇ؟ ئەيش-ئىشرەت قۇشلىرىڭ يوقىلىپ، بېشىڭغا ھۇقۇشلار سايە سالدىمىكىن؟ ساڭا ئۇ دەشت-باياۋاندا كىيىكلەر يول باشلىغۇچى، قۇلۇنلار سېنىڭ مىنىشىڭ ئۈچۈن ئۇچقۇر ئات بولۇپتۇ. شان-شەرەپتە گويا سۇلايمان بولۇپسەن، لېكىن مەن بىلەن پۈتۈشكەن ۋەدىنى ئۇنۇتمىغايسەن. تامامى ۋەھشى ھايۋانلار ئالدىڭدا چاكار بولۇپ، پۈتۈن ۋەھشى جانىۋارلار سېنىڭ دەرگاھىڭدىكى

مۇلازىمغا ئايلىنىپتۇ، پۈتكۈل ھايۋاناتلار سېنىڭ پەرمانىڭغا تەۋە بولۇپتۇ. پۈتكۈل ئۇچار قاناتلار سېنىڭ ھەر تەرەپكە ئەۋەتىدىغان خەۋەرچىڭگە ئايلىنىپتۇ. سەن شۇ قەدەر يۈكسەك ئورۇنغا، يەنى سۇلايمانلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولساڭمۇ، لېكىن مەن ساڭا مېنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلقىسنى ① ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلە دېيەلمەيمەن. گەرچە مەن سېنىڭ بىلقىستەك يارىڭ بولالمىساممۇ، كېنىزىكىڭ بولارمەن. ئەگەر مېنى بىلقىس قىلىشىڭغا بىرەر ئىش توسقۇن بولسىمۇ، لېكىن كېنىزىكىڭ بولۇشۇمغا توسقۇن بولماس. چۈنكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بارلىق پەرىلەر تەۋە بولغانىدى. ساڭا بىلقىس بولۇشقا ھەددىم بولمىسىمۇ، لېكىن پەرىلىرىڭدىن بىرسى بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسەن. زۇلۇم قىلىشنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلىۋالغان بۇ پەلەك مېنى سەندىن ھەمىشە جۇدا قىلماقتا. مەن ساڭا يۈرەردە يولدىشىڭ، تۈرار چاغدا قولدىشىڭ بولغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى-ھە! كاشكى، ساڭا كۈندۈزلىرى قۇياشتەك ھەمراھ بولۇپ، كېچىلىرى سەن بىلەن سايىدەك بىللە بولسام؛ ئايىغىڭغا زۇلۇم تىكەنلىرى سانچىلغىنىدا، ئۇنى كىرپىكىمنى يىڭنە قىلىپ چىقارسام، پۇتلىرىڭنى سۇنغىنىڭدا دائىم يېنىڭدا غەمگۇزارىڭ بولسام ئىدى. سېنىڭ بېشىڭ دائىم مېنىڭ قوينۇمدا بولسا ئىدى. ئەگەر ياتقان ئورنۇڭدا يوشۇرۇن ئەخلەتلەرنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنى چېچىم بىلەن سۈپۈرسەم؛ چاڭ-توزاندىن كۆڭلۈڭگە مالاللىق يەتكەنلىكىنى سەزگىنىمدە، يەر يۈزىگە كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇ سەپسەم ئىدى. بېشىڭغا جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى چۈشكىنىدە، چىرايىمنى ئېچىپ، قۇياش پەيدا قىلسام؛ ئۇزۇن كۈنلەر جېنىڭغا قەست قىلغاندا، ساڭا چاچلىرىمنى يېيىپ، ئېپار رەڭگىدەك قاپقارا تۈن ھاسىل قىلسام ئىدى. يۈزلىرىڭدىن مەگزىمنى ئالمىسام، ياشلىرىڭنى مەگزىم

① بىلقىس — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالى.



بىلەن سۈرتسەم ئىدى. سېنى سەۋدايىلىقتا مايىل كۆرگىنىمدە، قولۇمنى بوينۇڭغا سالسام ئىدى. يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك ئىستىگىنىڭدە، يۈزۈمنى يۈزۈڭگە ئۇتتۇر تۇتۇپ بەرسەم؛ سۇ ئىزدەپ ئوتلۇق كۆڭلۈڭگە ھاياجان چۈشكىنىدە، ساڭا لېۋىم بۇلىقىدىن سۇ بەرسەم ئىدى. ساڭا ھەر نەپەستە ھەمدەم بولۇپ، كېچە-كۈندۈز مەھرەملىكىڭنى قىلسام ئىدى. كېچىلىرى مەجلىسىڭنى يورۇتقۇچى شام بولۇپ، كۈندۈزلىرى يېقىن ئۆلپىتىڭ بولسام ئىدى! ھەي ئىست! بۇ مەككار پەلەك، بۇ جاپاكار ئالەم سېنى بىر ياقتا، مېنى بىر ياقتا ئايرىپ تاشلاپتۇ. ئەگەر كىشى كۆكسىنى يۈز پارە قىلسىمۇ، پەلەك زۇلمىغا نېمە چارە؟! بۇ زالىم پەلەكنىڭ زۇلمىدىن كىمكى كۆڭۈلسىز بولغان بولسا، ئاڭا بۇ پەلەك يەنە زۇلۇم ئۈستىگە زۇلۇم سالىدۇ. سەن نەچچە مۇددەتتىن بېرى بالا-قازا بەندىگە باغلاندىڭ، سېنىڭ غەم ۋە دەردلىرىڭگە تەڭ كەلگۈدەك يەنە بىر دەردنى تېپىشنىڭ ئىمكانى يوق، تارتقان جاپا ۋە مېھنەتلىرىڭنىڭ پايانىمۇ يوق. لېكىن جاھان ئەھلىگە شۇنىسى ئايانكى، سېنىڭ قولۇڭدا قاتتىق تاشلارمۇ مومغا ئايلانغانىدى. دەرد-ئەلەم چېكىشكە جۆرئىتىڭ بار، بالا-قازا ئالدىدا سەۋر-تاقىتىڭ بار. گەرچە سەن مېنىڭ جۇدالىقىمدا ناتىۋان بولۇپ قالغان بولساڭمۇ، يەنىلا بىر مەردانە ئەر، غەيۇر پەھلىۋانسەن. ئەگەر ھىجران ئازابى قوزغالسا، ئاھ چېكىش بىلەن ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭنى خالى قىلىسەن. مۇشەققەت ئوتلىرى جىسمىڭنى كۆيدۈرگىنىدە ئۇنى كۆز يېشىڭنىڭ سېلى بىلەن تىنچىتىۋالىسەن. بېشىڭغا دەرد كەلسە، ئاھۇ-پىغانلار بىلەن ھەر تەرەپكە پىرقىراپ، ئۇنى يوقىتىسەن. ئەگەر كۆكسۈڭگە غەم-قايغۇ تاشلىرىنى ئۇرۇپ، جېنىڭغا قانچە جاپا سالساڭمۇ، بۇنىڭغا سۆز سىغمايدۇ. چۈنكى ئاشىقلار ئىشى شۇنداق بولىدۇ. مەن پۇتلىرىم سۇنغان بىچارە ناتىۋانمەن، پۇتۇملا ئەمەس، بەلكى باشتىن-ئاياغ جىمى ئەزالىرىم سۇنغان زەئىپ بىچارىمەن. پىراقىڭ تىغىدىن جېنىم، بەلكى

ناتىۋان جىسمىم يۈز پارە بولدى.ھىجرانىڭ ئوتىدا جىسمىم بىلەن جان ۋە دىلىم كۆيۈپ يۈز قېتىم كۈلگە ئايلاندى. ئىچىمگە ئىشقىڭ شولىسى تۇتاشتى، تۇتۇشۇپلا قالماي، ئۇ شولىلار يالقۇنى بېشىمدىن ئاشتى. ئىچىمدە يۈزلىگەن ئوتلار پەيدا بولسىمۇ، نەپەس تۇتۇنلىرىنى چىقىرىشقا قۇدرىتىم يوق. كۆزلىرىم گەرچە ياقۇت ۋە مەرۋايىتلارنىڭ كانىغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر تامچە ئاققۇزۇشقا ئىمكانىم يوق. ئەگەر ئايال كىشى گۈزەللىكتە ۋە ئازادىلىكتە سەرۋى ھەم سەۋسەندەك، ھۆسنى جامالدا ئايدەك، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىۋېلىپلا، ۋاپا ئەھلىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىسۇن: ئاياللاردىن ئىبارەت ئاجىز بىچارىلەرنىڭ بىراۋ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا جۇدالىقنىڭ مۇشكۈل ئىشلىرى چۈشۈشىدىن، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئىشق سەۋداسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن تەڭرىم پاناھ بەرسۇن. ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيگۈدەك ماجالى ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالى يوق. ئاياغ ئاستىدا قالغان بىر ئاجىز چۈمۈلىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يۈز ئەجدىھا بىسىپ كەلسە، خالايىقنىڭ تاپىنى ئاستىدا يۈرگەن چۈمۈلىنىڭ يۈزلىگەن ئەجدىھالار جېڭىدە ھالى نېمە بولماقچى؟! پۈتكۈل ئالەمدە چاقماقلار چېقىلىپ، ئوت چاقناپ كەتسە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەس ۋە خاشاكلارنىڭ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟! ھەممە ئىشلاردىن مۇشكۈلرەكى شۇكى، مەندەك غەم-قايغۇ باسقان بىر بىچارىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىشى ئىنتايىن قىيىن بولماقتا. بىر تەرەپتىن، قايغۇ-ئەپسۇس، يەنە بىر تەرەپتىن، ھايا-نومۇس مېنى قىينىماقتا. ئىچىمدە يۈز تۈمەن ئوتلار كۆيۈپ، كېچە-كۈندۈز ئۆرتىنىۋاتقان بولسامۇ، ئۇنى ئاشكارىلاشقا ئامالسىزمەن. چۈنكى ئار-نومۇس قولدىن كەتسە ھەممە تۈگىشىدۇ. شۇڭا ئاشىق-مەشۇقلار ھەرقانچە مۇشكۈل ئەھۋالغا قالسىمۇ، شەرمى-ھايا، ئار-نومۇس مىزانىغا رىئايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاھۇ-زارلىرى يەتتە قات ئاسمانىنىڭ



پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز يۈزلىرىدىن شەرمى-ھايا پەردىسىنى ئاچمايدۇ. سەن مېنىڭ تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنى ئۆزۈڭنىڭكىدىن ئاز دەپ قارىما، سېنىڭ دەردىڭمۇ كۆپ، مېنىڭمۇ تولا. **نەزمە:**

دېمە مەندىن سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر كەم،
سېنىڭ ھەم كۆپدۇر دەردىڭ، مېنىڭ ھەم.

لېكىن مۇنچە دەرد-ئەلەم بىلەن، مۇنچىۋالا غەم-غۇسسە بىلەن بولسامۇ، يەنىلا سېنىڭ دەرد ۋە غۇربەتلىرىڭنى ياد ئېتىمەن. سېنىڭ دەرد-ئەلەملىرىڭنى ئويلىغىنىمدا مىسكىن جېنىمغا يۈزلەرچە جاپا ۋە زۇلۇم يېتىدۇ. سېنىڭ ئىشقىڭ ئەسىرى بولغاندىن بېرى گەرچە ئاھ ئاۋازلىرىم پەلەكلەردىن ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن نالە-ئەپغان ئىچىدە بىر تىنىقنىمۇ خۇشال تىنالمىدىم، ھىجران ئىچىدە بىر نەپەسمۇ خۇشال بولالمىدىم. دۈشمەنلەر مەملىكىتىمنى ۋە خەلقىمنى تالان-تاراج قىلىپ، سىپاھلىرىم بىلەن تەختۇ تاجىمنى تارتىۋالدى. مېنى لەشكەرلىرىم بىلەن بىر تاغنىڭ ئىچىدە ئۆڭكۈرلەرگە قامىدى. بۇ يۇرتنىڭ شاھ ۋە پۇقرالىرىغىچە ھەممىسى باشتىن-ئاياغ دۈشمەن ئەسىرى بولدى. تۇتۇلغانلار جانلىرىدىن ئايرىلدى. قۇتۇلغانلىرىنىمۇ غەم ۋە قورقۇنچ ئۆلۈكتەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. خالايىقنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشلارنى مېنىڭ ئىشقىم سەۋەبىدىن بولدى دەپ قارىدى. شۇڭا ئەلنىڭ قارغىشىنى تولا ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىم گاس بولدى. ئەلدىن قىلغان ئۇيatلىرىم جېنىمغا قەست قىلسا، مېھنىبانۇ ئالدىدىكى خىجىلچىلىق ھاياتىمنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. لېكىن بېشىمغا مۇنداق قىينچىلىق ۋە مۇشەققەتلەردىن يۈزلەپ كەلسىمۇ، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ يۈزمىڭ ھەسسە شىددەتلەر يۈز بەرسىمۇ، ئەگەر سېنى پات-پات كۆرۈپ تۇرالىغان بولسام، خۇدا ھەققى ۋە يەنە خۇدا ھەققى

ھېچ بىر غېمىم يوق ئىدى. **نەزمە:**

سېنى كۆرسەم ئىدى ناگاھ-ناگاھ،
غەمىم يوق ئېردى، بىللاھ،① سۇممە ② بىللاھ.

شۇ تاپتا پىراقىڭدا ئۆلۈم، بەلكى يۈز قېتىم ئۆلگەندىن ئارتۇقراق بولدۇم. ئەمما ۋىسالىڭ ئۈمىدى بولغاچقا ھاياتمەن. دائىم تەگرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋارمەن. ھىجرانىڭدا يۈز يىل غەم-غۇسسە تارتسامۇ، لېكىن ۋىسالىڭ ئۈمىدى بولسىلا خۇشالمەن. سەندىن كۈتىدىغىنىم شۇكى، ساڭا مەپتۇن بولغان مەشۇقۇڭ بۇ پەرىشان خەتنى يازدى؛ ئۇنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەرھەمەت قىلىپ جاۋابىنى ئەۋەتكەيسەن. ئۇ خېتىڭ مەن ئۈچۈن غەم-ئەلەملەردىن جېنىمنى قۇتقۇزغۇچى تۇمار بولۇپ قالغۇسى. ئۇنى مەن بالا-قازا ۋە غەم-غۇسسىلەردىن ئامانلىق خېتى قىلىپ، بوينۇمغا سالغايمەن. ئەگەر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر تاپساڭ، خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم جاۋابىنى بەرگىن. **نەزمە:**

چۇ بولساڭ ھالىمە ئاگاھۇ ئەئلەم،
جاۋابىن ھەم ئىبەر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.
خېتىم تامام، ۋەسسەلام.»

پەرھاد بۇ خەتنى زار-زار يىغلىغان پېتى ئوقۇپ چىقتى، جىسمى ئۆرتىنىپ گويا كى نالىدەك ئېگىلدى. ئۇ گاھ ھوشسىزلارچە نالە-پەرياد چېكەتتى، گاھى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نەپەستىلا يۈز پىرقىرايتتى. ئۇنىڭدىن سەۋدانىڭ ئالامەتلىرى كۆپىيىپ ئاشكارا بولماقتا ئىدى.

① بىللاھ — ئاللا بىلەن قەسەم دېگەن مەنىدە.
② سۇممە — ئاندىن كېيىن دېگەن مەنىدە.



تۇرۇپ ھوشىغا كەلسە، يەنە تۇرۇپلا ھوشىدىن كېتەتتى. گەرچە ئۇنىڭ سەۋدا سەۋەبىدىن نالە-پىغانى ھەددى-ھېسابسىز بولسىمۇ، لېكىن جاۋاب خەت يازماقتىن بۆلەك چارە ۋە ئىلاج يوق ئىدى. شاپۇر پەرھادنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى يېزىشى ئۈچۈن كېتەرلىك ئەسۋابلارنى ھازىرلاپ، ئىپار بىلەن كاپۇرنى ئارىلاشتۇرۇپ بەردى. بىچارە پەرھاد بىر پەس ئۆزىنى تۇتۇۋالدى-دە، مۇلاھىزە قىلغان ھالدا ئاشۇ دەرد ۋە بالا مەكتۇپىنىڭ شەرھىسىنى يېزىپ، شاپۇرغا بەردى. پەرھاد شاپۇرنى يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزى يەنە دەرد ئوتىغا مۇپتىلا بولغان پېتى شۇ يەردە قالدى. شاپۇر مەكتۇپنى ئېلىپ، گويا كى خەت توشۇغۇچى كەپتەردەك ئۇچۇپ، بىر ئاماللار بىلەن ئۆزىنى قورغان ئىچىگە ئالدى. شاپۇر شىرىننىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەتنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۈمۈش تەنلىك شىرىن خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ياش تۆككەن پېتى ئىستىراھەت سارىيىدىن دەرد ۋە مېھنەتنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ غەم داستانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى.

— ھەي ساقى، ماڭا قەدەھتە گۈل رەڭلىك شاراب كەلتۈرگىن، مەن ئۇنى ئىچىپ، غەم-غۇسسىلىرىمنى تېخىمۇ ئاشۇراي، مۇھەببەت مەكتۇپىنى كۆزلىرىمگە سۈرتۈپ، پەرى سۈپەت يارنىڭ يادىدا ھوشسىز بولاي، **نەزمە:**

كېتۈر، ساقى قەدەھ گۈل رەڭگى بادە،
غەمۇ ئەندۇھنى ئەيلەي زىيادە.
مۇھەببەت نامەسىن سۈرتەي كۆزۈمگە،
پەرىۋەش يادىدا كەلمەي ئۆزۈمگە.

※ ※

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن سىرلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە

مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ دەرد-ئەلەم مەكتۇپىنىڭ يازغۇچىسى پۈتۈن ئالەمنىڭ قارىسىنى ئۆز قەلىمىگە سىياھ قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلانغان بۇ خەتنى مۇنداق يازدى:

تەڭرى قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز جامالىنىڭ شېمىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، ئىشق-مۇھەببەت چاقمىقىنىڭ ئوتلىرىدىن نۇر چىقاردى، ئىشق ئوتىنىڭ تۈتۈنلىرىنى چىقىرىپ، دەردمەنلەرنىڭ خانۇمانىنى قارا قىلدى. قۇياشتەك گۈزەل ۋە ئاپەتلىك چىرايلارنى پەيدا قىلىپ، خەلقنى كۆز ياشلىرى بىلەن گوياكى زەررىچىلەرنى قوزغىغاندەك قوزغىدى. ئۇ پەرھادنى ئاشىق قىلىپ، ئۇنى زەررىچىلەردەك سەرگەردانلىق بىلەن خۇشال قىلدى. ئۇنىڭغا ئۆز مەملىكىتىدىن نېسىۋە بەرمەي، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمان ئېغىزلىرىنى غېرىب-مۇساپىرلىق مېيى بىلەن زەھەردەك ئاچچىق قىلدى. ئۇنىڭ يار ۋە دىيار قايغۇسىنى قاتتىق، پىراق ۋە ھىجران قەدەھىنى ئاچچىق قىلدى. ئۇنىڭغا غېرىبلىق ئېلىدە ئورۇن بېرىپ، جاھان ئەھلىنى ئۇنىڭ جېنىغا دۈشمەن قىلدى. ئۇ پەرھادنى ئۆز مەشۇقى بىلەن خۇشال قىلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ خەۋپىدىن بىپەرۋا قىلدى. خالايىقنى دىلبەرنىڭ مەكتۇپى بىلەن خۇشال قىلىپ، ئۇلارنى غەم-غۇسسىدىن ئازاد قىلدى. بالا-قازا تېغىنى باشتىن-ئاياغ قاتتىق تاشلاردىن پۈتتۈرۈپ، ئاشىقلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئاۋارە قىلدى. مۇھەببەت چۆلىنى بىر بالا-قازا، ئۇنىڭ ھەر بىر چۆمۈلىسىنى بىر ئەجدىھا قىلدى. بۇ جاپا-مۇشەققەت داستانىنىڭ ھەمدۇ سانالىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بەختسىز بىتەلەي پەرھاد مۇھەببەت ئوتىنىڭ داستانى ۋە غەم-غۇسسە تۈتۈنلىرى قارىسىنىڭ نىشانى بولغان بۇ مەكتۇپىدا مۇنداق ھېكمەتلەرنى تىزغاندى.



«ئۇ سەرۋى-ياسىمەنگە، بەلكى پەردەۋىس جەننىتىنىڭ ھۇر-پەرىسىگە، بۇ غېرىب-ناتىۋاندىن، بەلكى كۆڭلى غەملىك خەستە جاندىن، ئاھ تارتقىنىدا، ھەر بىر ئاھى ئالدىدا دوزاخمۇ بىر ئۇچقۇندەك بولۇپ قالغان؛ كۆڭلى ئۆز جېنى ئۈچۈن بالا بولۇپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن بىر مىسكىن ئىنساندىن سالام! مېنىڭ ئۇنى جانان دېيىشكە، جانان ئەمەس، بەلكى جان دېيىشكىمۇ ھەددىم يوق. بىراق مەن سەۋدايىلىق بىلەن جاھاندا داڭ چىقاردىم، سەۋدايىلار نېمە دېسە ئەپۇ قىلىنىدۇغۇ. ماڭا بۇ ئاپەت ئاشۇ پەرىدىن، ياق، پەرى ئەمەس، ئاشۇ ئىنسانلار سەردارىدىن كەلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئىشىم تەلۋىلىكتىن ئىبارەت بولدى. شۇڭا سەۋدايىلارچە سۆزلىسەم ئەجەب ئەمەس. ساراڭلارنىڭ خىلمۇخىل سۆزلىرى ھوشيار كىشىلەر ئالدىدا بىھۇدە بىلىنىدۇ. شۇڭا پەرىلەر ئەپسانىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگىنىمدە، سەۋدايىلىقىم تۈپەيلىدىن خاتا سۆزلەپ قويسام ئەجەبلەنمەڭ، لېكىن ئۇ ماڭا لەيلى سۈپىتىدە كەلدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى مەجنۇنغا ئوخشاش خالىي ۋە تازا قىلاي.»

پەرھاد ئۆز سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، نەچچە بېيىتلارنى قاتار تىزغاندى: **نەزمە**:

«نىگارا، مەھۋەشا، ئىسمەت پەناھا،
جەھان مەھۋەشلىرىگە پادىشاھا.
ساڭا ھەددىم يوق ئولماق نۇكتە پەرداز،
تىلەرمەن ئىتلىرىڭگە ئايىتماق زار.
نېدۇر كويۇڭ ئارا ئىتلارغە ھالەت،
فەراغەت بىرلە دۇرلار يا مالالەت؟
كېچە ئول كوي ئارا قىلغاندا فەرياد،
قىلۇرلارمۇ بۇ يۈتكەن ئىتنى ھەم ياد؟

يىغلىپ ھەلقە ئۇرغان ماجەرادا،
مېنى يوقلارمۇ ئېركىنلار ئارادا؟
سۆگەك چاپىناردا ئەيلەپ قەھرۇ كىنلەر،
قۇرۇغ جىسمىم ساغىنۇرمۇ ئىكىنلەر؟
قىلۇردا تۇئمە تاشتىن يانچىغان باش،
بىلۇرلارمۇكى يەر باشىم تىلەر تاش؟
سۇ سارى تىللارى قىلغان زەمان مەيل،
ساغىنۇرلارمۇ ئەشكىم سۈيىنى سەيل؟
بويۇنلارىغە سەگبان چەگسە زەنجىر،
ساغىنۇرلارمۇ زەنجىرىمنى بىر-بىر؟
كۆلادەك تەۋقدىن ھەردەم تاپىپ زەۋق،
ساغىنۇرلارمۇ تۇشكەن بويىنۇمە تەۋق؟
ياتىپ باش قويسەلەر ئول ئاستانغە،
قالۇر ئېركىنمۇ يەر يۇ ناتەۋانغە؟
بەلىيە تكىم ماڭا يەتمىش قەزادىن،
ئالۇرلارمۇ ئىكىن ھەرتۈن ئەزادىن؟
ھىنادىن قوللارى كۆرگەندە رەڭگىن،
كۆزۈم قانى ساغىنۇرلارمۇ ئېركىن؟
رەسەن تاپسە بويۇنلارىغە پەيۋەند،
بىلۇرلارمۇ ئىكىن بويىنۇمدا يۈز بەند؟
بۇلار ئىچرە يار ئېردى بىر زەئىف ئىت،
مېنىڭدەك زارۇ مەھزۇنى نەھىف ئىت.

ھەي پاك ۋە نومۇسچان گۈزەل، ھەي جاھاندىكى ئاي يۈزلۈك گۈزەللەرنىڭ پادىشاھى، ساڭا ھالىمنى ئېيتىشقا ھەددىم ئەمەس. پەقەت سېنىڭ ئىتلىرىڭ بىلەنلا سىردىشىشنى ئىستەيمەن. كوچاڭدىكى ئىتلارنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر؟ ئۇلار راھەت-پاراغەتتىمىكىن ياكى جاپا-مۇشەققەت بىلەنمىكىن؟ ئۇ ئىتلار كوچاڭدا پەرياد قىلىشقاندا،



مېنىڭدەك يوقالغان بىر ئىتنىمۇ يادىغا كەلتۈرەمدىكىن؟ ئۇلار يىغلىپ، دائىرە ھاسىل قىلغان چاغلىرىدا، ئۆز ئارىسىدا مېنىمۇ يوقلاپ قويامدىكىن؟ سۆگەكلەرنى قەھرۇ-غەزەپ بىلەن چاينىغىنىدا، بۇ قاقشال بولۇپ كەتكەن جىسمىم يادىغا يېتەمدىكىن؟ ئۇلار تاش بىلەن يانچىلغان باشلارنى ئۆزلىرىگە غىزا قىلغىنىدا، بۇ بېشىمنىڭ تاش يېيىشنى تىلەۋاتقانلىقىنى بىلەمدىكىن. ئۇلار سۇغا تىللىرىنى سوزغىنىدا، كۆز يېشىم سۈيىنىڭ سېلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەمدىغاندۇ؟ ئىت باققۇچىلار ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەنجىر سالغىنىدا، ماڭا سېلىنغان زەنجىرلەر كۆز ئالدىغا كېلەمدىكىن؟ ئۇلار كۆلدەك بويۇن تاسمىلىرىدىن ھاياجانغا چۈشكىنىدە، مېنىڭ بويۇمغا چۈشكەن تاقاقلار يادىغا يېتەمدىكىن؟ ئۇلار ئۇ ئاستانىگە باش قويۇپ ياتقىنىدا مېنىڭدەك بىر ناتىۋان بىچارىگىمۇ ئورۇن قالامدىكىن؟ ماڭا تەقدىر-قىسمەتتىن بالا-قازالار يەتتى، ئۇلار ھەر كېچىسى بۇنىڭغا ھازا تۇتۇۋاتقانمىدۇ؟ خىنا بىلەن قىزارغان قوللارنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىمدىن ئاققان قانلىق ياشلارنى يادىغا ئالامدىكىن؟ ئۇلار ئۆز بويۇنلىرىنىڭ ئارغامچا بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆرگىنىدە، مېنىڭ بويۇنۇمنىڭمۇ يۈز يەردىن باغلانغانلىقىنى بىلەمدىكىن؟ بۇ ئىتلارنىڭ ئارىسىدا بىر زەئىپ ئىت بار ئىدى، ئۇ مېنىڭدەك بىچارە، غەمكىن ۋە مەجرۇھ ئىدى. ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنىڭ سۆگەكلىرىگە بوغۇلغان بوغۇم ۋە بېغىشلار مۇشەققەت تارىغا چېگىلگەن پەدىلەرگە ئوخشايتتى. باشقا ئىتلار ئالدىدا يۈزىنى ئېچىشقا خىجىل بولۇپ، ئىككى قولىقىنى يۈزلىرىگە پەردە قىلىپ ياپقانىدى. قۇيرۇقىنى سۆرەپ، بۇ يۈكنى تارتىپ بولالماي ھېرىپ ھالدىن كەتكەنىدى. گويا ئۆلۈكلەر ئۈستىگە قونغان قاغا-قوزغۇنلاردەك، چىۋىنلار ئۇنىڭ جىسمىغا قونۇپ مەجرۇھ قىلغانىدى. ئۇنىڭ خەستە جىسمىنىڭ جاراھەتلىرى خۇددى كۆكلۈم يارلىرىدەك، ئۇنىڭ دەرد تۇپرىقىدىكى تاشتەك باشلىرى مېنىڭ بېشىمدەك ئىدى. مېنىڭ ئىچىمگە ھىجران ئوقلىرى يارا سالغاندەك، ئۇنىڭمۇ ھەر بىر قوتۇرلىرىدىن يۈزلىگەن

جاراهەتلەر ئاشكارا ئىدى. مېنىڭ جاراهەتلىرىم قانلارنى يوشۇرسا، ئۇنىڭ قانلىرى جاراهەتلىرىنى يوشۇراتتى. ئۇ ئىتتىك جىنىمۇ زەئىپلىك ئوتىدا خۇددى مېنىڭدەك ئۆرتىنىپ، يۈزۈڭنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى تۆت ئىدى. ۋاپادارلىق ۋە مۇهەببەتنىڭ شەرتلىرى جەهەتتە دائىم ئىككىمىز دەۋالىشاتتۇق. ئۇ ناتىۋان ئاستانەڭدە ساڭا يېقىن بولۇپ، ئۆز مۇرادىنى تېپىپتۇ. مېنىڭ هالىمغا ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىسا، ئۇنىڭ هالىغا نازۇ-نېمەتلىرى بار كىشىلەر رەهىم قىلاتتى. ئۇنىڭدا دوستلۇق نىشانلىرىنى كۆرگىنىم ئۈچۈن، ئۇنى كۆزۈم ئىچىدە كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلاپ كەلمەكتىمەن، كۆزۈمنىڭ قان-ياشلىرىنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن قان-ياشلار ئاقاتتى. ئۇ ماڭا، مەن ئاڭا دوست ئىدىم، مېنىڭ هالىمغا رەهىم قىلىش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئەي تەڭرىم، زەئىپلىك ئىچىدە ئۇ ئىتنىڭ هالى نېچۈك بولدىكىن، ئۇمۇ مېنىڭدەك ئەهۋالغا قالدىمىكىن؟ ئۇ سېنىڭ ئاستانەڭدە پاناه تاپقىنىدا، مېنىمۇ ئانچە-مۇنچە ياد ئېتىپ قويامدىكىن؟ ئۇ سېنىڭ يوشۇرۇن دەردلىرىڭ ئورۇن ئالغان كۆڭلىگە بەزىدە مېنىمۇ كەلتۈرەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆز جاراهەتلىرىنى يالىغىنىدا مېنىڭ جاراهەتلىرىمگە مەلهەم يوقلۇقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئىتنىڭ قەدىمى بەزى-بەزى سېنىڭ كوچاڭغا يەتكىنىدە مېنىمۇ يادىغا ئالامدىكىن؟ ئۇ ئىت سېنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش هەۋىسىدە بولغىنىدا، مېنىڭمۇ شۇ خىيالدا بولۇشقا هەددىم ئەمەس. شۇڭا ئاشۇ ئىت ئۈچۈن جېنىم پىدا بولسۇن. سېنىڭ هالىڭنى سوراشقا قۇدرىتىم يوق، پەقەت سېنىڭ كوچاڭدىكى ئاشۇ ئىتنىڭ هالىنى ئاشكارا سورالسام ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئىككىنچى ئەهۋال، سەن خېتىڭدە مەنە ئۈنچىلىرىنى تىزىپ، پاساهەت گۆهەرلىرى بىلەن خېتىڭنى زىننەتلىگەن ئىكەنسەن. ئۇنىڭ ئۆزرىخاهلىقىنى بايان قىلىشقا تىلىم ئاجىزدۇر، ئۇنىڭ هەر بىر هەرپى ئۈچۈن جېنىم سەدىقە بولسۇن. خېتىڭدە: مەندىمۇ دەرد-ئەلەم ناهايىتى كۆپ دېگەن ئىكەنسەن، بۇ سۆزۈڭدىن جېنىم ئۆرتەندى.



مېنىڭدەكلەردىن تۈمەن مىڭى ساڭا هەر نەپەستە قۇربان بولغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ مۇبارەك خاتىرەڭگە غەم-غۇسسە يەتمىسۇن. سەن مېنى: ناتىۋان جىسمىڭ غەم يۈكىنى كۆتۈرۈشكە كەلگەندە دائىم پەهلىۋان، ئەگەر تاغلار ئىلبىرىس تېغىدەك يۈكسەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سېنىڭ مېتىنىڭ ئالدىدا پەست، شىر-يولۋاسلار سېنىڭ قولۇڭنىڭ پەنجىسى ئالدىدا ئاجىزدۇر، دەپسەن. مەندە هازىر ئۇ زور كۈچ-قۇدرەت ۋە شەۋكەت قالمىدى. تېنىمدە نەپەس ئالغۇدەكمۇ قۇۋۋەت يوق. مەن شۇنداق ئاجىز بىر چۈمۈلە بولدۇمكى، هېچ بىر چۈمۈلە ئاجىزلىقتا ماڭا يېتەلمەيدۇ، كۆز ئالدىمدا بىر تال ئەخلەت گوياكى بالا-قازا تاغلىرىدەك، بىر تال يىپ خۇددى بىر ئەجدىهادەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. غېمىڭ تېنىمنىڭ ماغدۇرى، دەرد-ئەلىمىڭ جېنىمنىڭ قۇۋۋەت ۋە ئوزۇقى بولماقتا، ئىشقىڭ مېنىڭ جىسمىمنى تاۋلاپ، چېنىقتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشق-مۇهەببەت دېگەن ئەجدىهالارنىمۇ چۈمۈلىدەك قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر چۈمۈلە ئاياغ ئاستىدا يانچىلسا، ئويلاپ باق، ئۇنىڭ هالى نېمە بولماقچى؟ يەنە سەن خېتىڭدە بۇ ئىشق سەۋەبىدىن شاهلىق تەختىڭ بىلەن قوشۇن ۋە سەركەردىلىرىڭ دۈشمەن زۇلمىغا ئۇچراپ، تالان-تاراج قىلىنغانلىقىنى، مېهنىبانۇ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ سېپىل ئىچىدە قامىلىپ قالغانلىقىڭنى يېزىپسەن. بۇ سۆزلىرىڭنىڭ جاۋابىغا ئاجىزمەن. دېگەن سۆزلىرىڭنىڭ هەممىسى راست، ئەمما بۇ بولسا ئەزەل قىسمىتى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدۇر. بەندىگە تەقدىردىن هەر قانداق ئىش كەلسە، ئۇنىڭ رىزا بولماقتىن ياخشىراق ئىلاجى يوقتۇر. لەشكەر-لىرىڭگە، خەلقىڭگە كەلگەن ئىشلارنى بىلىمەن. لېكىن خەلقىڭ، لەشكەر ۋە سەركەردىلىرىڭ بولسا، پەرمانىڭنىڭ سادىق ئىجراچىلىرىدۇر. مېنىمۇ شۇلاردىن بىرى، بەلكى ئەڭ تۆۋەنلىرى قاتارىدا كۆرگەيسەن. ئۇلارغا ساداقەت ۋە ئىنساپنى ئارىغا سېلىپ، بۇ ماجىرالارغا سەۋر قىلغىن. ساڭا ۋە ئېلىڭگە كەلگەن بالا-قازالار ۋە مۇشەققەتلەرگە مېنى لايىق ئىدىڭ دېسەڭ، بۇ پەلەكنىڭ

ئېلىڭگە سالغان زۇلۇملىرىنى تارتىش ئۈچۈن بۇ خەستە جېنىم پىدا. ناتىۋان جېنىمنى نېمە قىلساڭ، شۇنىڭغا تەييارمەن. بۇنىڭلىق بىلەنمۇ كۇپايە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ قان-قەرزىنى بوينۇمغا يۈكلەپ، يولۇڭدا تۇپراقتىنمۇ تۆۋەنرەك بولۇپ، يوللىرىڭ تۇپرىقىدىن چىقمايمەن.

مېنىڭمۇ يۇرتۇم، لەشكىرىم ۋە كۈچ-قۇدرىتىم بار ئىدى. ئاتام نەچچە ئىقلىمنىڭ خاقانى ئىدى. مېنىڭمۇ بېشىمغا تاج، ئايىغىمغا تەخت نېسىپ بولغانىدى. خىتاي ۋە چىننىڭ ئون ئىككى مىڭ شەھىرى مېنىڭ ھۆكمۈمدىن بەھرىمەن ئىدى. شۇنىڭغا لايىق قوشۇن، سەركەردىلىرىم ۋە شاھلىق سەلتەنىتىم بار ئىدى. ئىشق-مۇھەببەت گۇرۇھىنىڭ لەشكىرى (ئۇ ھەقىقىي ئىشق ئەمەس، بەلكى مەجازى ئىشق ئىدى) يېتىپ كېلىۋېدى، بۇ بالا قوشۇنى ئالدىدا بىچارە بولۇپ، يۇرت-مەملىكىتىمدىن ئايرىلدىم. تۈمەنمىڭ بەندىلەر ۋە لەشكەرلەر كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزدى. ئاتام بىلەن ئانام بۇ قايغۇ بىلەن قارىلىق بولدى. نەچچە مىڭ شەھەرنىڭ خەلقى رەنج-مۇشەققەتتە قالدى. ئۇلارنى بۇ تەتۈر پەلەك نابۇت قىلىپ، مېنىڭ ناتىۋان جىسمىمنى تۇپراق بىلەن تەڭ قىلدى. پەلەك ھاۋادىساتلىرىنىڭ تاش-بورىنى بۇ تۇپراقتىن توختىماي چاڭ چىقاردى. تەقدىرى ئەزەلدىن ماڭا تەقسىم بولغىنى ئىشق-مۇھەببەت ئىكەن. بۇ ئىشلاردىن كىمگە تاپا-تەنە تىنغىنى ئۇرىمەن؟! كىمگە مالامەت قىلىمەن؟! ئەگەر مېنىڭدەكتىن ۋە ئۇ خۇسرەۋدەكلەردىن يۈز تۈمەن ئادەم بىر بولسىمۇ، ئۇلار تەقدىر ئالدىدا بىر تال ئارپىغا ئەرزىمەيدۇ. پەلەكتىن يەتكەن تەقدىر-قىسمەتلەرنى كىشىلەردىن كۆرگىلى بولمايدۇ. سەۋدايىلىق مېنى ھەرياققا سۆرەپ، سۆزلىرىم بىھۇدە بولماقتا. بۇ خەتنى يېزىش ۋاقتىدا ھوشۇمدىن كەتكەنىدىم. سەۋدايىلىق تۈپەيلىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيتتىم، قانداق سۆزلەرنى يېزىۋەتتىمكىن؟! مەن دىۋانە ھوشۇمنى بىلەلمەي قانداق خاتا سۆزلەرنى يازدىمكىن؟! بۇلارنى كەچۈرۈۋېتەرسەن. قەلىمىم قۇرلارغا تىزغان بۇ خاتالارنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى سەۋدايىلار



بولسا ئەپۇ قىلىنغۇچىلاردۇر.»

پەرھاد يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن قەلەمنىڭ ساياھىتىنى توختىتىپ، سۆزلىرىنى تاماملىدى. پەرى سۈپەت شىرىن خەتنى ئوقۇپ بولغىچە ئىچ-ئىچىدىن يۈز قېتىم ئۆرتىنىپ، خەت ئۇنىڭ تېنىگە يىپ چىرماشقاندەك چىرماشاتتى. ئۇ يىپتا چىرمىشىش ھەرىكىتى بولسىمۇ، لېكىن، شىرىننىڭ جىسمى بىتاپ ۋە ھەرىكەتسىز ئىدى. ئۇ قىيىنچىلىق، دىشۋارلىقتىن يۈزلىرىنى يەرگە قويغانىدى. ئۇنىڭ بويلىرى غەم تۈپەيلىدىن ھېلى ئېگىلسە ھېلى تۈزلىنەتتى. ئاھىنىڭ يالقۇنلىرىنى چىقىرىپ، بۇ يالقۇنلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى ئۆرتەيتتى. ئۇ بىر پەس پەرھادنىڭ تىرىكلىكى ئۈچۈن ئۆز كۆڭلىنى شاد تۇتسا، يەنە بىر دەم ئۇنىڭ ھىجرانىدىن ئاھۇ-پىغانلارنى چېكەتتى، يەنە بىردەم ئۇنىڭ قايغۇسىدىن «ۋاھ، ھەسرىتا!» دەيتتى. شىرىن باشتىن-ئاخىر يېقىملىق يېزىلغان بۇ خەتنى مېھمانىغا سۇندى. ئۇنى كۆرگەن مېھمانىمۇ گويا مەكتۇپتەك تولغىنىپ كەتتى. لېكىن بۇ دەردكە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى. ئۇلار خەستە پەرھادنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىنى، يەنى ئۇنىڭ شاھلىق دەرياسىدىكى نادىر گۆھەرلەردىن ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلدى. ئۇلار ئىككىلىسى كۆز ياشلىرى بىلەن ھېسابسىز ئۈنچىلەرنى چېچىشىپ يىغلاشتى ۋە پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇلار شاپۇرغا ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر قىلىپ، ئورۇن-مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ ھالىنى بىر-بىرلەپ سوراپ ۋە بايان قىلغۇزۇپ زار-زار يىغلاشتى. ئاشىقلار ھىجران ئازابىدا قىينالغىنىدا ئۈمىدۋار بولىدۇ. مەشۇقىنى تاپقاندا بولسا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بەخت-سائادەتكە ئۇلىشىدۇ.

ئەي تەڭرىم، تەلەپكارلىقنى نەۋائىنىڭ شوئارى قىلغىن، ئۇ قانچە ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى ئۈمىدۋار قىلغىن. ھەي ساقى، ماڭا شاراب كەلتۈرگىن، يېنىمدىن بىردەممۇ يىراقلاشما. مېنى دەرد-ئەلەم بىلەن ئۈمىدسىزلەندۈرمە. مېنى تىلەكلىرىمگە يەتكۈزۈپ سۆيۈندۈرگىن.

مېنىڭ تىلىكىم شۇكى، سەنمۇ مۇرادىڭغا يەتكىن. **نەزمە:**

نەۋائىغە تەلەب، يا رەب، شىئار ئەت،
نېچە نەۋمىد ئېسە، ئۇمىدۋار ئەت.
كېتۈر، ساقى، مەيۇ بىردەم ئايىلما،
مېنى ھەم دەردىدىن نەۋمىد قىلما.
ئۇمىدىمغە مېنى خۇرسەند ئەتكىل،
ئۇمىدىم بۇكى، ئۇمىدىڭغە يەتكىل.

※ ※

**سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

يوشۇرۇن ھېكمەتلەرنىڭ تۈگۈنلىرىنى يەشكۈچى كىشى بۇ مەنىلەرگە مۇنداق يولباشچىلىق قىلدى:

شاپۇر بۇ ئىككى ناتىۋان ۋە جېنى ئازار يەپ، جىسمى شىكەستە بولغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سېغىنىش مەكتۇپلىرىنى يەتكۈزگىنىدە، سېغىنىش ئوتلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئايىغاقچىلار خۇسرەۋگە خەۋەر يەتكۈزۈپ: «بىر خەۋەرچى، ياق، خەۋەرچى ئەمەس، بىر بىمەنە جاسۇس تەلۋە پەرھاددىن شىرىنگە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، شىرىندىنمۇ ئۇنىڭغا مەكتۇپلارنى توشۇپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىشق-مۇھەببەت بازىرى ناھايىتى قىزىپ كەتتى. پات يېقىندا يۈزلىگەن پىتنە-پاساتلار پەيدا بولغۇسى. بىر تەرەپتە چۆلدىكى دىۋانە پەرھاد، يەنە بىر تەرەپتە قەلئە ئىچىگە قامالغان پەرى سۈپەت شىرىن بىر-بىرسىگە يۈزمىڭ ھىيلە-نەيرەڭ ۋە ئەپسۇنلار بىلەن تولغان مەكتۇپلارنى ئەۋەتىشىپ، بىر ياقلارغا كەتمەكنىڭ



پىلانىنى تۈزمەكتە. ئۇ چاغدا جانابى خۇسرەۋ ئۇلارنىڭ چاڭ-توزىڭغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. بۇ ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەردىنى تارتقانىنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر ئۇلارنى يۈزمىڭلىغان جاپا-مۇشەققەتلەر ئارقىلىق تاپسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش يولىدا كۆپلىگەن كۈلپەت ۋە دىشۋارچىلىقلار يۈز بەرگۈسى. ئەگەر ئۇ دىۋانە ئۆزىنىڭ پەرى سۈپەتلىك گۈزىلىنى يېنىغا ئېلىپ، دېۋىدىن تۇغۇلغان ئاشۇ ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىۋالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا رۇستەمدەك پالۋاندىن يۈز مىڭى بولغان تەقدىردىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. پەرھاد تاغ قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جۇدالىق ئازابى بىلەن ئېزىلگەن، بويلىرى غەم تاشلىرى بىلەن ئېگىلگەنىدى. ئۇ شۇ قەدەر ئاجىز تۇرۇپمۇ بىر تاشنى ئېلىپ، ئۆز دۈشمىنىگە قارىتىپ ئاتقىنىدا، خۇسرەۋلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ پەلەكتەك ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىۋېلىپ، قولىغا قان تۆككۈچى قىلىچىنى ئالىدىغان بولسا، خۇسرەۋ بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىرىنى دەريادەك ئېقىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ بارغان تەرەپكە قەدەم تاشلاش بولمىغۇر ئىش، پىشمىغان خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» دېدى.

خۇسرەۋ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەراسىمىگە چۈشۈپ، مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «پەرھاد قاياققا ماڭسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىللە مېڭىش كېرەك، چۈنكى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، يەنە پەرھاد بىلەن ئۇ سەرۋى بويلۇق شىرىننىڭ ئارىلىقىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە پىستۇرما قويۇلسۇن، ئۇ يەرگە قويۇلغان غەزەپ قىلغۇچى پالۋانلار يولنىڭ سىرتىدا پايلاپ تۇرۇپ، كەلگەن-بارغان كىشىلەرگە دىققەت قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى كۆزىتىپ، گۇمانلىق كىشىلەر سېزىلسە دەرھال تۇتسۇن.» قانخور خۇسرەۋ پەرۋىز ئەشۇنداق پەرمان چۈشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ يوللاردا قولغا چۈشكەن ئادەمنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆزى بىلگىنىنى قىلماقچى بولدى.

بۇ ئىش بولۇپ ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن شاپۇر پەرھادنىڭ ئايىغىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارماقچى بولۇپ، پەرى سۈپەت شىرىندىن يەنە بىر پارچە مەكتۇپنى ئالدى-دە، تاڭ شامىلىدەك تېز قەدەم بېسىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ كېتىۋاتقىنىدا، مەزكۇر پىستۇرمىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار شاپۇردىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقانىدى، خەت چىقىپ قالدى، خەت بىلەن شاپۇرنى بىر تالاي گۇناھلارغا بۇيرۇپ، خۇسرەۋ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. زامانىنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى پەيدا قىلغىنى ئۈچۈن خۇسرەۋ ھەددى-ھېسابسىز سۆيۈندى-دە، ئۇنى تۇتقانلارغا ئۆزى ۋەدە قىلغان تارتۇقلارنى ئىنئام قىلدى. چۈنكى بۇ مۇشكۈل ئىشلارنى شۇلار ئاسان قىلغانىدى. خۇسرەۋ ئۇ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇش بىلەنلا، ئۆزىنىڭ بېشىنى گويا قەلەمدەك ئەگدى. ئۇ ئەنبەر پۇراقلىق خەتنى ئوقۇغان خۇسرەۋ گويا قەلەمنىڭ سىياھىدەك قارا ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ پېشىدىنمۇ قاپ-قارا تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بۇ خەتنىڭ قارىسى ئازاب-كۈلپەت شېمىنىڭ كۆيۈندىسىدىن، بالا-قازا بازىرىنىڭ ئىزىلگەن ئىپارىدىن پۈتكەنىدى. بۇ خەت قايغۇ ئەھلىنىڭ قارا ماتەمنىڭ نىشانىسى، ياق، يىغلىشىتىم، ئۇلۇغ قارىلىقلارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ خەت باشتىن-ئاياغ دەرد-ئەلەم بىشارەتلىرى ۋە مېھرى-مۇھەببەت داستانى ئىدى، بۇ خەت ھىجران خازانى كېتىدىغانلىقىنىڭ خۇش خەۋىرى، ۋىسال نەۋبارى كېلىدىغانلىقىنىڭ ئۈمىدى ئىدى. بۇ خەتنىڭ سىياھى مۇھەببەتنىڭ كۆڭلىنى تارتقۇچى ئىپارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرپلىرىدىن سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى ھېكايەتلەردە چوڭقۇر دوستلۇق ئىزھار قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر سۆزلىرىدىن مەھرەملىكنىڭ يۈزلەرچە نىشانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆز ۋاپادىن پۈتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە جان پىدا قىلماقچى بولغانلىقلىرى بىلىنەتتى. بۇ خەتتە بۇرۇنقى مەكتۇپلار توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن سىرلار ئېيتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي



مېھرى-ۋاپا توغرىسىدا ئىدى. ۋاپادارلىق توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بېرىشىپ، بۇ ۋەدىلەرنى قەسەملەر ئارقىلىق ئىشەنچكە ئىگە قىلىشقانىدى. خەتتە يەنە خۇسرەۋ پەرۋىز توغرىلىق سۆزلەپ، ئۇنى گاھ زالىم دېسە، گاھى قانخور دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئەرمەن ۋىلايىتىگە كېلىپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ۋە ئەلنى جېنىدىن جۇدا قىلغانلىقىنى بىر-بىرلەپ يازغانىدى. ئىشق بابىدا ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن تەنە-قارغىشلارنى ياغدۇرغانىدى: «ئەگەر بىر كىشى ئىشق سىرلىرىنى بىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ تىغ تارتىپ كېلىپ، ئىشق لاپلىرىنى ئۇرىدۇ؟ مۇنداق كاززاپلىق ۋە بىھۇدە سۆزگە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئىشق ئەھلى بولغان كىشىلەر بىھۇدە سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ. چۈنكى، پادىشاھلىق باشقا ئىش، ئاشىقلىق باشقا ئىش. ئاشىق دېگەن ئۆز جېنىنى مەشۇقى ئۈچۈن پىدا قىلىش كېرەك. ئاشىق ئەگەر خۇسرەۋدەك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئاشىقنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بولۇپ ئۆلگىنى ياخشى. ئۆزىنى مۇراد-مەقسەت چوققىسىغا لايىق كۆرگەن بۇنداق ئاشىقتىن تەڭرى پاناھ بەرسۇن. خۇسرەۋ ئىشق تەلپىگە يېتىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىۋاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ۋىسالىمنى خام خىيال قىلىپ، ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەت ۋە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ سەرپ قىلغان ھەممە تىرىشچانلىقلىرى زايا بولىدۇ، جىسمىمدا بىر تىنىق مىقدارى جان بولىدىكەن، قورغاندا ئۆزۈمنى چىڭ ساقلايمەن. ئەگەر تەقدىر ئىرادە بىلەن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالسام، ئۆز ۋىسالىمدىن ئۇنى شاد قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆز تېنىمنى خەنجەر بىلەن پارە-پارە قىلىپ تاشلايمەن.» شىرىننىڭ خېتىدىكى بۇ ئوتلۇق ئىبارىلەرنى بىر-بىرلەپ ئوقۇغان خۇسرەۋنىڭ جېنىغا دەردى-بالا ئوتلىرى چۈشۈپ بۇزۇق جىسمىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئىنساپ بىلەن ئويلاپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ شۇ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدى، لېكىن ئۆزىنىڭ شاھلىق نومۇسى ۋە نەپسىنىڭ قايغۇسى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلى

ئىنساپ تەرىپىگە ماڭمىدى. نەپىسىنىڭ خاھىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك ئەگرى پىكىرلەرنى سالاتتى. ئۇ شاپۇرغا بەند ۋە تاقاق سىبىلىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۆزىنىمۇ گويا شاپۇرنىڭكىدەك غەم تاقاقلىرى ئىچىگە سالدى. ئۇ بۇزرۇك ئۇمىدنى چاقىرىپ، بۇ مەخپىي ماجرانى ئارىغا سالدى:

— بۇ ئىشلارنىڭ غەم-غۇسسىلىرى تۈپەيلىدىن، — دېدى خۇسرەۋ بۇزرۇك ئۇمىدكە — يۈرەكتىكى قان-زاردابلىرىم كۆزلىرىم تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. مېنىڭ بۇ دەردىمگە چارە قىلمايدىغان بولساڭ، ھالاك بولىمەن، ئاشۇ دېۋە سۈپەت دىۋانە پەرھاد ئۇ گۈزەلنى گويا دېۋە ئادەمنى ئازدۇرغاندەك، يولدىن چىقىرىپ، ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ، ئەمدى بۇ دەرد-ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتىدىغان بولسام، قايغۇدىن ئۆلۈشۈم كېرەك. خالايىق يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلىدىغان مۇنداق ئۆلۈمنى جاھاندا بىرەرسى كۆرۈپ باققان بولغىيتىمۇ؟! ئەگەر مەن زۇلۇمغا، قىيىن-قىستاققا، زوراۋانلىققا تايانسامۇ يەنىلا بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم شاد بولمايدۇ. ئۇ دىۋانىدا گۇناھ يوق، گۇناھسىز قان تۆكۈش ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ، سەن ئەمدى پىكىرلىرىمنىڭ باغلىنىپ قالغان يىپلىرىنى ئۈزۈپ، ماڭا بىر مەسلىھەت كۆرسەتكىن.

ئەلقىسسە، ئۇلار ھەددى-ھېسابسىز ئەپسانىلەرنى بايان قىلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى رەت قىلىشتى. ئاخىر ئۇلار بۇ ئىشقا شۇنداق تەدبىر تاپتىكى، ئۇ تەبىر ھىيلە-مىكىر توزىقى ئىدى: نەسەبى نەسلىك بىلەن تولغان بىر ھىيلىگەر، ئەپسۇنچى موماي بولسا، ئۇ يەجوجى سۈپەت مومايىنىڭ پىكىر-خىيالىدا قان تۆكۈش، پىتنە-پاسات تېرىشتىن باشقا ھېچ ئىش مەۋجۇت بولمىسا، بىز ئاشۇنداق قېرى مومايىنى تېپىپ ئىشنى تاپىلساق. ئۇ پەرھادنىڭ قېشىغا بېرىپ، نەپەسلىرىدىن نەسلىك ئوتلىرىنىڭ يالقۇنلىرىنى چېچىپ، پەرھادقا: «خۇسرەۋ ئەرمەن مەملىكىتىنى ئالدى. پەلەك ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئۆز قولىغا بەردى. ھازىر شىرىن بىلەن ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ، مېھىنبانۇ بىلەن بەزمە قۇرۇپ قەدەھ



كۆتۈرۈشمەكتە. شىرىن بىلەن خۇسرەۋ ھەسەل بىلەن شېكەردەك بىرلىشىپ، ياستۇقداش بولغان ھالدا ئەيشى-ئىشرەتكە تۇردى. مېھىنبانۇ شىرىنغا نىسبەتەن سەندىن خۇسرەۋنى لايىق تاپتى. ئەمدى ئاشىقلىقىڭ شىرىنگە مۇتلەق مۇناسىپ ئەمەس. بۇ سەندىن كەچكەن ئىكەن، سەنمۇ ئۇنىڭدىن كەچ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۆز جايىغا بېرىپ قالدى. ئەمدى سەنمۇ قويۇپ، ئۆز يۇرتۇڭغا يانغىن» دېسە، بۇ سۆزلەر پەرھادنىڭ كۆڭلىدىن شىرىن پىراقىنى پەسەيتىشى شەكسىز. بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ، ھەر تەرەپكە مايىل بولغۇسى ۋە بېشىنى بىر ياقلارغا ئېلىپ كەتكۈسى. ئۇ چاغدا شىرىن بىلەن مېھىنبانۇ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، پەرھادتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا رەنج-مۇشەققەت قالمايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ كۈچىمىز ئالدىدا شۇ قەدەر كۈچسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئاي يۈزلۈك شىرىنمۇ ئەلۋەتتە مېھرىبانلىق كۆرسەتكۈسى. ئەگەر بۇ ئىشىمىز ۋە تەدبىرىمىز كار قىلمىسا، يەنە باشقا چارە تاپارمىز، دېيىشتى. ئۇلار سۆز رىشتىسىنى ئەنە شۇنداق دىققەت بىلەن توگدى. ئاندىن خۇسرەۋ ئاغزىنى قەدەھتەك ئېچىپ كۈلگەن پېتى، بەزمە تۈزۈپ، شاراب ئىچىشكە باشلىدى.

ئەي ساقى، سەن ماڭا بىر قەدەھ شاراب كەلتۈرگىن. چۈنكى مېنىڭ بىر غېمىم بار. بۇ غەم تۈپەيلىدىن ئاجايىپ بىر ماتىمىم بار. قايغۇ ۋە مالاللىق قوشۇنى جېنىمغا قەست قىلدى، ماڭا تېزرەك قەدەھ تۇتقىن، چۈنكى قولۇمدىن چارە كەتتى. **نەزمە**:

كېتۈر، ساقى، قەدەھكىم، بىر غەمىم بار،
كى ئول غەمدىن ئەجايىپ ماتەمىم بار.
مەلالەت خەيلى قەسدى جانىم ئەتمىش،
قەدەھ تۇتكىم قولۇمدىن چارە كەتمىش.

※ ※

بىرلىق مىنلىرىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بىلگىلىردىن

بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتكى، بۇ ماتەمنىڭ يىغا-زارە قىلغۇچىسى، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنى ئۆرتەپ سۆز يۈزىگە شۇنداق تىرناق ئۇردى:

خۇسرەۋ شۇ تەرىقىدە تەدبىر تاپتى. ئالدىغا بىر ھىيلىگەر موماينى چاقىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بەللىرى قېرىلىقتىن پۈكۈلگەن بولۇپ، ئۆزى قاقباش پەلەكتەك نەيرەڭۋاز ئىدى. ئۇ شۇنداق مەككار ئىدىكى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئالدامچىلىق سىزىقلىرىدىن يۈزلىگەن قورۇقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تىلىدىن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ راست سۆز ئۆتۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ھىيلە ئەپسۇنلىرىنى باشلىسا، قولىدا تاشنى مومدەك يۇمشىتار ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر نەيرەڭۋاز ئىدىكى، ئەگەر ئۆز نەيرەڭلىرىنىڭ ماجىرالىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئاتىغا قىزنى، ئوغۇلغا ئانىنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ھىيلە-مىكىر پىنىگە كۆڭۈل قويغىنىدا قۇياشنى زۇھەل يۇلتۇزىغا ئاشىق قىلىۋېتەتتى. بۇ قېرى ھىيلىگەر پەلەك ئۇنى «ھامائاچا» دەپ چاقىرسا، نەيرەڭۋازلىقتا كاتتا شۆھرەت قازانغان دەللە تۇل-مۇختالەمۇ ئۇنى «ئانا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالىدىغان بولسا، ھامائاچىلارنى، يەنى دەللە تۇل-مۇختالەدەك قېرى ھامائاچىلارنىمۇ ھەر ئاخشىمى قىزغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى ۋە كويئوغۇل بولغۇچىلارغا بۇ نىكاھتىن پايدا كۆرسىتەتتى. ئەگەر ئۇ كويئوغۇل دانىشمەن ئارىستوتېلنىڭ ئۆزى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنى سېزەلمەستىن، تېخى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇ بىر ئىشنى تەتۈرسىگە بۇراشنى خىيال قىلسا، بىر سۆز بىلەنلا يۈز خاندانىنى بۇزاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پال ئاچىدىغان نوقۇتلىرىدىن بىرمۇبىر ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىشكە باشلىسا، خالايىق ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە



ئارىپچىلىكمۇ شەك كەلتۈرمەيتتى: ئۇ بۇنداق ھۆكۈملىرى بىلەن يۈزلىگەن بۇقراتلارنى مات قىلاتتى. ئۇنىڭ بىساتىدا بۇنداق ھىيلە-مىكىر نوقۇتلىرى گويا يۇلتۇزدەك كۆپ ئىدى. زۇلۇم تىغىنى ئۇرۇشتا ئۇ ئىنتايىن چىچەن بولۇپ، پەرھادنى ئۆلتۈرۈشمۇ قولىدىن كېلەتتى. خۇسرەۋ ئۇ مەككار دەللىنى ھازىر قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەھۋالنى يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. خۇسرەۋ كۆپ ۋەدىلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قىزىتىپ، سۆيۈندۈردى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يولغا چىقىش ۋاقتىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. **نەزمە:**

ئەگەر فەرھاد بولسۇن كوھى فۇلاد،
بېرەي ئەفسۇن بىلە بىردەمدە بەرباد.

ئۇ دەللە: «پەرھاد ئەگەر پولات تاغ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بىر نەيرەڭ بىلەنلا بىر نەپەستە بەرباد قىلىمەن» دەپ يولغا چۈشتى. ئۇ چۆللەرنى كېزىپ، ۋادىلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر پەرھاد تۇرغان تاغقا كەلدى. ئۇ دەرھال كۆڭلىدە يۈزلىگەن قورقۇنچلۇق نەيرەڭلەرنى ياساپ، پەرھاد تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئۇ ئۆزى قىلماقچى بولغان ھىيلە-نەيرەڭلەرنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دانىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بويىنى سىنغۇدەك دەرىجىدىكى ئېغىر تەسۋىنى بويىنىغا ئېسىۋالدى. ئۇنىڭ روپاشلىق لىچەكنىڭ ئارقاق ۋە ئۆرۈشلىرى ھىيلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق يىپلىرىدىن توقۇلغان ۋە ئۇنىڭغا قىسما-قىسما رەڭلەرنى بېرىپ، يۈزىگە چۈمبەل قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ سالاپىتىنى كۆرگەن كىشى بۇۋى مەريەم ئۆز ھەرىمىدە كۆڭلى پاراغەت تاپالماي، تۇر تېغىغا ئىستىراھەت ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى.

پەرھاد ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئېلىپتەك قامىتىنى دالدەك ئەگدى. ئاندىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

— بۇ ياقا قانداق نىيەتتە كەلدىڭ؟ — دېدى.

— مەن بىر زەئىپ بىچارىمەن، — دېدى ئۇ مەككار سۆز باشلاپ، — ئالەم خەلقىدىن ئالاقەم ئۈزۈلگەن بىر ناتىۋان بەندىمەن. بەش-ئون يىلدىن بېرى خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە تائەت-ئىبادەت قىلماقتا ئىدىم. جاھان ئەھلى بىلەن ھېچ ئىشىم، تەڭرىدىن باشقا ھېچ كىشىم يوق ئىدى. ئەرمەن مەملىكىتىنىڭ تىنچ ۋاقتىدىكى ئەھۋالىم ئەنە شۇنداق ئىدى. ھازىر خۇسرەۋ پەرۋىز ئاتلىق بىر پادىشاھ كېلىپ، پىتنە-پاسات ئوتىنى شۇنداق ئۇلغايتتىكى، ئەلنىڭ ئۆي ۋە تىرىكچىلىكتىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتى بۇزۇلدى. بۇنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولساڭ كېرەك. ئەلنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ ھالىممۇ خارابلاشتى. تائەت-ئىبادەتتىن ھوزۇرۇم قالمىدى. شۇڭا مەن ئەنە كەچ بولۇش بىلەن تەڭلا خالايىقتىن يىراقلىشىپ قاراڭغۇ غارغا كىرىپ ياتاي، غىزا بىلەن قۇۋۋىتىم تەڭرىنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت بولسۇن. شۇنداق چىدام ۋە غەيرەتلىك بولايكى، ھەرگىز ئۇ يەردىن چىقماي، ئەگەر ئۆمرۈم قوشۇنىغا ئەجەل يەتسە، ئۇ قاراڭغۇ غار ماڭا گۆر بولسۇن، دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم. مۇشۇ سەۋدا بىلەن ئۆمۈردىن ئىلكىمنى يۇيۇپ، مۇشۇ يەرنى كۆڭلۈم تارتىپ كەلدىم. تاكى تىرىك بولساملا مۇشۇ تاغدا تۇرىمەن. لېكىن ئادەم ئەۋلادى دېگەن ۋاپاسىزدۇر. ۋاپاسىز ئىنساننى كىشى نېمىشقا ئەسلىسۇن. ئادەم بالىسىدىن ۋاپا تەمە قىلغاندىن كۆرە تاشتىن مېھرى-ۋاپا تەمە قىلغان ياخشى.

پەرھاد ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ باسقان تەۋەررۈك ئىزىغا سۆيدى. چوڭقۇر ئىلتىجا بىلەن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلدى.

— يۈزلىرىڭدىن، — دېدى پەرھاد ئۇنىڭغا، — نۇر نامايان بولۇپتۇ. قەلبىڭ ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ خەزىنىسى ئىكەن. جاھان خەلقىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئاپسەن. تەڭرى ھەققى. سەن



جەزمەن بىر ھەقىقەتچى ئىكەنسەن. جاھان ئەھلىگە ۋاپاسىزلىق ئادەت بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلاردىن ۋاپادارلارغا كېلىدىغىنى زۇلۇم ۋە جاپادىن ئىبارەت. بىر كۆڭۈلسىز ئىش كۆڭلۈڭنى غەش قىلغان ئوخشايدۇ. ئەرمەن مەملىكىتىدە بىرەر غەيرىي ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، كۆڭلۈڭگە ئۇنىڭدىن ئازار يەتكەن بولسا كېرەك.

ئۇ مەككار قېرى پەرھادنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ئوغۇل، بۇ سۆزلىرىڭ تامامەن راست، مەنمۇ راست ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇ ئەلدىن ئامانلىق ۋىدالاشتى، ئۇنىڭ ئورنىغا يامانلىق ئەۋج ئېلىپ، ھەددى-ھېسابسىز غەم-قايغۇلار پەيدا بولدى. چەك-چېگرىسىز بالايىئاپەتلەر يۈزلەندى. مېھىنبانۇ بىلەن خۇسرەۋ ئىتتىپاقلاشتى. خۇسرەۋ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇش ئىشىنى ئارىغا سالدى. مېھىنبانۇمۇ بۇ ماجىراغا رازى بولدى. ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە ئىتتىپاقلىق بىساتلىرىنى سېلىشتى، كىشىلەر ئەيشۇ-ئىشرەتنى غەنىمەت بىلىشتى. يۇرتتا شۇ قەدەر پاسىقلىق ۋە يامان ئىشلار باش كۆتەردىكى، دىنىي ئىسلام بىر ياقتا قالدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى مەي-شارابقا چىلىشىپ كەتتى. قابىلىيەت ئىگىلىرى غەمكىن بولغان ھالدا ئارىدىن چىقىپ ھەر تەرەپلەرگە كېتىشتى. پەلەك مەن غەمكىننى بۇياققا يولغا سالدى. لېكىن ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرى شۇكى، بۇ جامائەت سالامەتلىكنىڭ رەسمىيىتىنى ئۇنۇتتى. شۇڭا تەڭرى ئۇلارغا ئاغرىق سېلىپ، ھەممىسىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزمىدى. ئۇلارنىڭ نازۇ نېمەت شاملىرىنىڭ نۇرى كېتىپ، خۇشاللىقى ماتەمگە ئالماشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل بار. ئىسمىنى شىرىن دېيىشىدۇ. ئۇ گۈزەل بۇ ئىشلاردىن چەكسىز قايغۇردى. ئۇ ئۆزىگە بۇيرۇلغان نىكاھ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەلەككە قاراپ نالە-پىغانلار چەكتى. ئاخىرى بۇ غەم-قايغۇ تۈپەيلىدىن ئۇ ئۆزىگە ئۆلۈم خەنجىرىنى ئۇرۇپ، قازا تاپتى. بەزىلەر ئۇنى زەھەر ئىچىپ

ئۆلۈۋالدى دېيىشىدۇ. ۋاي ئىست، دۇنيا لەززىتىنى سۈرەلمىگەن ئۇ ياش نوتا باقىي ئالەمگە قەدەم قويدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر غەمكىن ئاشىقى بار بولۇپ، ئىسمى پەرھاددەر ئىمىش. ئۇ ئۆز مەشۇقى ئۈچۈن غېرىب بولغانىمىش. شىرىن ئۇنىڭ پىراقىدا ئۆز جېنىدىن قول يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن ئاھۇ پىغانلارنى چېكىپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپتۇ. ئەمما ئۇ ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشنى قىلدى: ئۇنىڭ روھى بۇ دۇنياغا پاك كېلىپ، ئاخىرى يەنە پاك پېتىچە كەتتى. پەرھاد ئۈچۈن ۋەھىملىك ئاھۇ پىغانلارنى چېكىپ، پاك جېنىنى ئۇنىڭ يادىدا قۇربان قىلدى. ئۇ ئاغزىدا «ئاھ پەرھاد» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇ غەمكىن خىيالدىن باشقىسى يوق ئىدى. ئۇ خۇسرەۋنىڭ تارتقان بارلىق رىيازەتلىرىنى زايا قىلىپ، ئۆزى پەرھاد بىلەن جان بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا يۈزلەرچە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار بولسۇن.

ئۇ مەككار قىبرى دەللە تىلىدىن تىغ ئويىنىتىپ، ھەر نەپەستە «ئاھ»، «ئىست» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. ئۇ يۇقىرىقى ئەپسانىلەرنى سۆزلىگىنىدە، پەرھادنىڭ ئىچىگە يۈز تۈمەن تىغلار تەگدى. ئۇ مەككار قىبرى ھالاكەت ئەپسانىسىنى ئۇزۇنغا سوزۇپ سۆزلىگەنسېرى، پەرھادنىڭ كۆزىنى ئاخىرقى ئۇيقۇ باسماقتا ئىدى. قىبرى مەككار ئۆزىنىڭ سوغۇق ئاھلىرى بىلەن ئۇ يەردىكى تۇپراقتىن چاڭ-توزانلارنى كۆككە چىقاردى. ئوتلۇق تىغلىرىدىن توختىماي شولا چىقىرىپ، ئۇ خەشەكتىن ئىس-تۈتەكلەرنى پەيدا قىلدى. پەرھاد بولسا چۇقان سالغان پېتى ۋارقىرىدى:

— ئەمدى بولدى قىل! قىسسەڭ ئايان بولدى. بۇ جاننى ئالدىڭ، ئۆلۈك تەندىن يەنە نېمە ئىستەيسەن! يۈرەك قانلىرىمنى ئىچىپ تويغىن! ئەمدى مېنى ئۆز مېھنىتىمنى تارتقىلى قوي!

پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ، جاھاندىن قولىنى سىلكىپ، يوقلۇق چۆلىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاغ-دەشتلەردە



سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇ سەل پۈتكۈل تاغ-سەھرالاردا قىيامەت قوپاردى. ئۇنىڭ بەدەن قەسرى شۇ سەلدىن بەرھەم يېدى، ئۇنىڭ ھايات لەشكىرى ئاشۇ سەل ئىچىگە غەرق بولدى.

ئەي ساقى، سەن ماڭا شارابنى سەلدەك كۆپ كەلتۈرگىن. ئۇ شارابنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە مايىل بولسۇن. مەن ئاشۇنداق شارابنى ئىچىش بىلەن ماتەمگە تۇتۇش قىلاي-دە، پەرھادنىڭ ھازىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن يولغا چۈشەي. **نەزمە:**

كېتۈر، ساقى، قەدەھ، ئول نەۋئىكىم سەيل،
كى قىلغاي رەڭگى ئانىڭ قان سارى مەيل.
ئانىڭدەك مەي ئىچەردىن مۇيە تارتاي،
تۇتۇپ فەرھاد سۇگىن ھۇيە تارتاي.

※ ※

سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ ماتەمنامىنى يازغان ئۈچقۇر قەلەم ئۆز ياقىسىنى يىرتىپ، شۇنداق قارا كىيدى:

ھىجران دەشتىنىڭ مۇپتىلاسى بولغان پەرھادنىڭ كۆكسى شۇ قەدەر زەخمىلەنگەن ئىدىكى، ئاشۇ ئۆتكۈر قىلىچتىن يەتكەن ئېغىر يارا ئۇنىڭ باغرىنى ئىككى پارە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ پىغان تارتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن نەچچە قېتىم قوپۇپ، نەچچە قېتىم يىقىلاتتى. ئەجەل قاراقچىسى ئۇنىڭ جىسمىدىن كۈچ-قۇۋۋەتنى تارتىۋېلىپ، يورۇق دۇنيانى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ گۆر قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ قاتتىق تاشلار ئۈستىگە تەلپۈنۈشكە

باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى سۆڭەكلەر سۇنغىلى تۇردى. ئۇ بېشىغا تاشلارنى ئۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تارام-تارام ئاققۇزغان ھالدا: «ھەي كۆزلىرىم، يىغلاشتىنمۇ قۇتۇلدىغان بولدۇڭلار» دەيتتى. ئۇ كۆكۈل جاراھەتلىرى ئۈستىدىكى مەلھەملەرنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يۈرەك يارىلىرى يۇتۇپ، ساقىيىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. جاراھەتلىك تېنىگە يېپىشتۇرۇلغان ماموق-پاختىلارنى ئېلىپ ھەريان تاشلاپ، بەدىنىدىن يۇزلىگەن قان يۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. قانغا بويالغان ماموق ۋە پاختىلارنىڭ تۇزۇندىلىرى بىلەن تاغنى لالىزار چىمەنگە ئايلاندۇردى. ئۇ جاراھەتلىرىنى تىككەن قانلىق يىپلارنى ھەر تەرەپكە ئۈزۈپ تاشلاپ، بەدىنىدىكى جاراھەتلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۆز بەدىنىگە ئەجەلنىڭ كىرىپ، جانىنىڭ چىقىشى ئۈچۈن يول ھازىرلىدى. ئەجەلنىڭ ئۆز كۆكسىنى پارە-پارە قىلىپ، ئۇ يەردىكى غەم-غۇسسە قۇشۇنىنى چىقىرىۋېتىشى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق چارە تاپتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى غەم-غۇسسە تۇتۇنلىرى چىقماقتا ئىدى، تاغ ۋە دەشتلەرنى بالا ۋە مېھنەت بۇلۇتلىرى قاپلىغان بولۇپ، بۇلۇتلار بىچارە پەرھادنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ جىسمى جاراھەتلەردىن پۈتۈنلەي گۈلزارغا ئايلانغان. ئۇ تامچە-تامچە قانلىرى ئارقىلىق ئەتراپقا گۈللەرنى چاچاتتى. بۇ ھال گويا پۈتۈن ئەتراپقا گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلگەندەك ، ياق، بەلكى ئوت ئۇچقۇنلىرى چېچىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ پەلەككە قاراپ:

— ھەي ئالتۇن چىنىكلىك پەلەك، بېشىمنى يانچىغىن! چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ بېشىمنىڭ مەندىن نېرى بولغىنى ياخشى. كۆزۈمنى ئويغىن! چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ كۆزلىرىم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. تىلىمنى قورقماستىنلا تىغ بىلەن كېسىپ تاشلىغىن! چۈنكى ئۇ ئەمدى سۆزلەشنى خالىمايدۇ، نەپەسلىرىمنىڭ يولىنى توسقىن! چۈنكى ئەمدى نالە ۋە ئاھ چېكىشتىن توختاپ قالاي. ئاياغلىرىمنى



سۇندۇرغىن! چۈنكى ئەمدى يۈرمەك ئۈچۈن تىرىمىش ۋاقتى كەتتى. كۆڭلۈمنى يۈز مىڭ پارە قىلىپ، ئۇنى يوقلۇق تەرەپلىرىدە سەرگەردان قىلغىن! باغرىمنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغىن. چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئالاقەم ئۈزۈلسۇن، — دەپ نەلە قىلدى.

پەرھاد ئىشققە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ھەي سۆيگۈ، سەن ماڭا مەردانىلىق بىلەن دەرداش بولدۇڭ. بېشىمدىن ھىجران غەملىرى كەچتى. لېكىن سەن ھېچبىر كەمچىلىك كۆرسەتمىدىڭ، خۇدا ساڭا يار بولسۇن، بۇ ناتىۋان تېنىمنى تۇپراق بىلەن تەڭ قىلدىڭ. مەندىن ساڭا ھەر قانداق ئازار يەتكەن بولسا، ئەپۇ قىلغىن، كەچۈرگىن!

پەرھاد تاشلارغا قاراپ يەنە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ھەي تاشلار، بېشىمدىن ئاشقىن! سېنىڭدىن يۈزۈمگە ھەر نەرسە كەلسە رازىمەن.

ئۇ ئايغا قاراپ:

— ھەي ئاي، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم تەرىپىگە قاراپ سەپەر قىلغىن! جېنىمنى ساڭا قوشاي، سەن ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھ قىلىپ، ئۇنىڭ يولىغا چۈشكىن!

— ھەي دەرد ۋە غەم ئەھلىنىڭ تاۋاپگاھى، توپا-تۇپراق بولغانلارنىڭ ئۆلپىتى، — دېدى ئۇ سەھرالارغا قاراپ، — ئاياغلىرىم زەربىسىدىن رەنجىدىڭ، كۆز ياشلىرىمنىڭ سېلى بىلەن باغرىڭ تىلىندى. ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ پىرقىراش بىلەن چاڭ-توزانلىرىڭنى ئۆرلەتتىم، مېنى ئەپۇ قىلغايسەن. ھازىردىن باشلاپ سەن ئەمدى مېنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىمدىن قۇتۇلدۇڭ. مېنىڭدىن رازى بول. مېنى كەچۈرگىن.

ئۇنىڭ ماتىمىدىن دەشتلەر غەمگە پاتتى، ۋادىلارمۇ ياقىلىرىنى يىرتتى. پەرھاد تاغلارغا قاراپ يەنە سۆز باشلىدى:

— ھەي تاغلار، قەددىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى پەلەككە تاقاشقان،

چىدام ۋە تاقىتىڭنىڭ شان-شەۋكىتى گوياكى ئېگىز تاشتەك مۇستەھكەمدۇر. ئېتەكلىرىڭدە ناتىۋانلارغا پاناھ، تاشلىرىڭ بىلەن خەستە جانلارغا تەكىياگاھ بولسەن. مەندىن ساڭا يات ئىشلار يەتتى، سېنىڭ يۈزۈڭگە قاراشتىن خىجىلمەن. گاھى باغرىڭ بېشىمغا غىلاپ بولسا، گاھىدا جىسمىڭ تېنىم ئۈچۈن تۆشۈك بولدى. بەزىدە قان ياشلىرىمدىن يۈزلىرىڭ قان يۇقى بولسا، بەزىدە ئاھلىرىمدىن بېشىڭنى ئىس-تۈتەكلەر قاپلىدى. ئەمدى سەن مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمغا ئەپۇ تىغىنى سۇرۇپ، كېتەر ۋاقتىمدا مېنى كەچۈرگىن.

پەرھادنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان تاغلار ئاھ-پىغان چەكتى، بەلكى ئەكس سادالار بىلەن يۈزلەرچە نالە-پەريادلارنى كۆتۈردى. پەرھاد غېمىدىن ئۆز باغرىنى پارە-پارە قىلىپ، ئۇنىڭ قاناتلىرى بىلەن ھەربىر پارە تاشنى ياقۇتقا ئايلاندۇردى. پەرھاد يەنە ئاسمانغا قاراپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي زالىم، جاپا بابىدا مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇمغا ۋاپا قىلماي، جەۋر زۇلۇم قىلدىڭ. سېنىڭ ئادىتىڭ دائىم جاپا قىلىشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، يەنىلا مەن سېنىڭدىن ئاغرىنمايمەن، سېنىڭدىن رازىمەن. چۈنكى مېنىڭ ئادىتىم ۋاپا قىلىشتىن ئىبارەت، گەرچە جېنىم سېنىڭدىن ئازار يېگەن بولسىمۇ، لېكىن سەنمۇ مەندىن ئەلەم تارتتىڭ. ئاھۇ ئەپغانلىرىمدىن غەمگە چۆكۈپ، ئاھ ئوقلىرىم تۆپەيلىدىن مەجرۇھ بولدۇڭ. ماڭغان قەدەملىرىم تۆپەيلى يۈزۈڭگە چاڭ-توزانلار يېپىشتى، ئاھىم تۈتۈنلىرىدىن قۇياشىڭنىڭ يۈزىنى قارا باستى. يۇلتۇزلارنىڭ ئالتۇن چېچىپ تۇرۇشى مېنىڭ ئاھىمدىن چېقىلغان ئۇتلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. مانا بۈگۈن ئاھ-پىغانلىرىممۇ يوقىلىپ، بەلكى ئۆزۈمدىن نامۇ نىشانمۇ قالمىدى. ناتىۋان جىسمىم تۇپراققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. شۇڭا ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئىچىڭدە كىر قالمىسۇن. مېنى يوقلىشىم بىلەنلا، يوق ئىدى دەپ بىلگىن. ئەگەر بار ئىدى دېسەڭمۇ ئۇنۇتقىن!



بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەلەكنىڭ دەردى تېخىمۇ ئۇلغايدى. شەپەقلەردىن ئۇنىڭ جېنىغا ئوت تۇتاشتى. بىردەم تۇرغىدەك ئورۇن تاپالماي بېشى ئايلاندى. پەرھادقا قىلغان جەبىر-زۇلۇملىرى ئۈچۈن يۈزمىڭ پۇشايمان قىلدى. پەرھاد مېتىنى بىلەن كەكىسگە قاراپ مۇنداق نىدا قىلدى:

— ھەي دوستلىرىم، مۇشەققەت كۆنلىرىدە قولداش بولدۇڭلار. مەندىن سىلەرگە تالاي رەنجىشلەر يەتسە، سىلەردىن ماڭا چەكسىز پەرۋىشلەر يەتتى. بېشىڭلار بىلەن ئۇچاڭلارنى تاشقا ئۇرۇپ، سالغان جاپا-مۇشەققەتلىرىمگە چىداپ، مېنىڭ خىزمىتىم ئۈچۈن بېشىڭلارنى ئاياغ قىلدىڭلار. مەندىن سىلەرگە شۇ قەدەر جەبىر-جاپالار يەتتى. مانا بۈگۈن مېنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىمدىن قۇتۇلۇپ، ئىككىڭلار بۇ قاتتىق شىددەتلىرىمدىن ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. ئەمدى مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمغا رەھىم قىلىپ، كېتەر چېغىمدا مالال بولماي مەندىن يەتكەن جاپالارنى كەچۈرۈڭلەر، جېنىمغا ۋاپا مىننەتلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار.

پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مېتىن بىلەن كەكە باشلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، ماتەملىك كىشىلەردەك نالە-پىغان چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككىسى گويا ئاتىسى ئۆلمەكچى بولغان كىچىك باللاردەك پەرھانىڭ بېلىگە ئېسىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھال تىلى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار:

— بىز سەن بىلەن تاغۇ دەشتلەرنى ۋە قىر-داللارنى يېرىپ، مۇشەققەت تارتقىنىڭدىمۇ بىللە ھەمراھ بولغانىدۇق. ئەمدى قارا تۇپراققا كىرسەڭمۇ بىللە كىرىمىز! — دېدى.

پەرھاد ئۆز ئەتراپىدىكى يىرتقۇچ، ئوتخور ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارغا قاراپ:

— ھەي مېنىڭ كېچە-كۈندۈز يولداشلىرىم، قۇرداشلىرىم بولغان ھايۋانلار، سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۈلپەت بولۇپ، كېچە-كۈندۈز مەن بىلەن بىللە ئىدىڭلار. سىلەرنىڭ تەبىئەتىڭلار

زۇلۇم قىلىشتىن، ئاداۋەت ساقلاشتىن، ئىنتىپاقسىزلىقلاردىن خالى. لېكىن ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس. سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلار مېھىر-ۋاپا بىلەن يۇغۇرۇلغان. سىلەر مېنىڭ رەنج-مۇشەققىتىمگە دوست، دەرد ۋە پۇرقىتىمگە ئۈلپەت بولدۇڭلار. بەزىلىرىڭلار نەپەسىمگە قۇۋۋەت ۋە غىزا بولدۇڭلار، بەزىلىرىڭلار بېشىمغا سايە سالدىڭلار. يالغۇزلۇقۇمدا مېنىڭ قوۋم ۋە قوشۇنۇم بولدۇڭلار، قاياققا ماڭسام ئەگىشىپ تەڭ باردىڭلار. مېنىڭ ھېچكىمىم يوقلۇقىنى بىلدۈرمىدىڭلار. ئۆز يۇرتۇمدىن يىراقتا ئىكەنلىكىمنى سەزدۈرمىدىڭلار. مېنىڭ چەككەن ئاھۇ-ئەپغانلىرىمدىن دىشۋارچىلىقلارنى تارتساڭلارمۇ، ئۇنى بىرەرىڭلەر ئېغىر ئالمىدىڭلار. سىلەردىن چەكسىز خىجىلمەن. سىلەردىن قايسى تىلىم بىلەن ئەپۇ سورايمەن؟! — دەپ ئۆزرە ئېيتىپ زار-زار يىغلىدى. ھايۋاناتلارمۇ پەرھادتا باشقىچە بىر دەردنىڭ بارلىقىنى پەملەپ، ئاھ-پىغان چېكىشىپ، شاۋقۇن-سۈرەن سالدى، خۇددى ماتەملىك كىشىلەردەك ئۈن تارتىپ، نالە-پەرياد قىلىشتى. ئۇلار ئادەملەردەك بىۋاپا ئەمەس ئىدى. پەرھاد ئۇلار بىلەن بىر پەس سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەجەل دەرد ئوقىنى ئۇنىڭ جېنىغا ئۇردى. ئۇ بۇ سۆزلەردىن بىر پەس ئۆزىنى توختىتىپ، ئۆز ئەھۋالىغا مەشغۇل بولدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ قالغانلىقىنى پەملەپ سوغۇق ئاھ تارتتى. ئاتىسىنى ئەسلەپ، ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىدىن ئىككى قانلىق دەريا ھاسىل قىلدى. قانخور پەلەك ئۇنىڭ بېشىغا قان تۆككۈچى خەنجەرنى ئۇرۇپ، كۆكسىگىچە ئىككى پارە قىلدى. پەرھاد ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ پەرياد قىلدى:

— ھەيھات، ھەيھات، بۇ نېمە ئەھۋال! ھەي ئەجەل، تېزرەك جېنىمنى ئالساڭ نېمە بولىدۇ؟! مېنىڭ ئەجەلدىن بۇرۇن يۈز قېتىم ئۆلۈشۈمنىڭ سەۋەبى نېمە؟! مېنى يۈز تىغ بىلەن قىيناشنىڭ سەۋەبى نېمە؟! كۆيۈك تەنني يەنە كۆيدۈرۈش، ماتۇق ئۈستىگە چېقىن ئۇرۇشنىڭ نېمە مەنىسى بار؟! كاشكى ئىچىمدە



ئاتا-ئانا خىيالى باش كۆتۈرۈپ بولغۇچە، بېشىم تۇپراق ئىچىگە كىرسە ئىدى. ھەي پەلەك، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى يەنە بۇزدۇڭ. ھەي جاھان ساقىسى، ماڭا ئۆلىدىغان چاغدا يەنە زەھەر بىلەن لىپمۇلىق تولدۇرۇلغان قەدەھنى تۇتتۇڭ. بۇ قانداق ئىنساپ؟! ئۆلگەن باشقا يەنە تىغ ئۇرۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟! »

پەرھاد سۆزلەۋېتىپ نالە-پەريادى چېكىگە يەتتى. ئۇ ھەددى-ھېسابسىز يىغا-زارە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھەي تاڭ شامىلى، ئۇلۇغ تەڭرى ھەققى، ئورنىڭدىن تۇرغىن-دە چىن ۋە خىتاي مەملىكىتىگە بېرىپ يەر سۆيگىن! خاقانغا مەن ئوغۇلدىن ئەمەس، بەلكى غېرىبلىقتا بىچارە بولغان مەن ناتىۋان قۇلدىن سالام ئېيتقىن! ئۇنىڭغا: « سېنىڭ ئۆي-جايدىن ئايرىلغان ئۇ سەرگەردانىڭ، سېنىڭ باغرىڭدىن بولغان ئۇ بىر تامچە قېنىڭ، سېنىڭ ئۇ جىگەر پارەڭ ئالەمدە يۈزۈڭنى كۆرمەي، ھەسرەت ۋە ئارمان بىلەن ئۆلدى. باغرىدىن ياش ئورنىغا قانلار ئاقتى. ئۇنىڭ بېشىغا پەلەكتىن نى-نى زور ئىشلار چۈشتى. بىر ھىيلە قوزغىغۇچى نەيرەڭۋاز ئۇنىڭغا ھىيلە-مىكىر بىلەن شۇ قەدەر زۇلۇملارنى سالدى. ئۇ مەككارنىڭ ئىسمى خۇسرەۋدۇر. ئۇ نەيرەڭۋاز زالىم ئەگەر راستلىق بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىغان بولسا، ئۇ ناتىۋان ئۇنداقلاردىن مىڭ كىشىنىڭ جاۋابىنى بەرگەن بولاتتى. ئۇ مەككار ھىيلە-مىكىرنى، ئەگرىلىكنى كۆرسەتتى. يۈز خىل يالغانچىلىق ۋە ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ياساپ چىقتى» دېگىن. تەقدىر توغرىلىق بىلەن ياراتقان ئادەم قانچە يالغان سۆز بولسىمۇ ئىشىنىۋېرىدىكەن. ئۇ زالىمنىڭ ماڭا قىلغانلىرى ھەممىسى تەقدىرنىڭ قىسمىتى. مۇرادىم شۇكى، قەھرىمان بەھرام مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم ئىدى. ئۇ چىرىك يىغىپ بۇياققا يۈرۈش قىلسۇن. خۇسرەۋنى جېنىدىن تويغۇزۇپ، بىگۇناھ تۆكۈلگەن قېنىمنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن. خاقان بۇ ئوتلۇق ئەپسانىلەرنى ئاڭلاپ باشلىرىدىن ئوتلار شولا ئۇرسا، مېنىڭ يامان ئەھۋالىمغا ياقا يىرتىپ، ئۆزىنى تۇپراققا

تاشلىسا، بۇ ئاۋارىسىنى، ياق، بەلكى ئاۋارە بولغان جىگەر پارىسىنى قوشاققا قوشۇپ، «بالام!» دەپ يىغلىغان پېتى جاپا تاشلىرىنى كۆكسىگە ئۇرسا، تەختىنى سۇندۇرۇپ، تاجىنى يەرگە ئۇرۇشقا تەمشەلسە، سەن توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي جاھانگىر پادىشاھى تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىگە چارە يوقتۇر» دېگىن. مېنىڭ ئەزەل تەقدىرىمدىن پېشانەمگە پۈتۈلگىنى سۆيگۈ ئىبرىتى بىلەن ئۆلۈش ئىكەن. ھەركىمگە ئۇلۇغ تەڭرى تەقدىردە نېمىنى يازغان بولسا، شۇنى تارتماي ئامال يوق. تەقدىر ھۆكمىدىن ئالدىڭغا نېمە كەلسە، ئۇنىڭغا رازى بولماقتىن ئۆزگە ئامال يوق. گەرچە بۇ پەلەك مېنى ئۆز ئۆمرۈمدىن ئۈمىدسىز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جاھان مەملىكىتىدە خاقان بىر ئۆمۈر تەخت ئۈستىدە بولسۇن، گەرچە ھىجرا يېقىلسىمۇ، لېكىن قەسىر ۋە گۈمبەزلەر تازا ۋە ئاۋات بولسۇن. مايسا قۇرۇپ كەتكەن تەقدىرىمۇ ئەركىن ئۆسكەن سەرۋى ئەبەدىي سالامەت بولسۇن.

ئەگەر ئانامغا بۇ خەۋەردىن بىتاقەتلىك چۈشسە، مېنىڭ غېمىمدىن يۈزىنى تۇپراققا قويۇپ، نالە-پىغاندىن جاھانغا توختىماي ئوتلار سالغۇسى. بۇ يالغۇز جىگەر پارىسىنى سېغىنىپ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ، سۈرەن-چۇقانلار كۆتۈرۈپ، ئىزتىراپقا چۈشكۈسى، يۈزىدىن چۈمپەردىنى ئېلىپ تاشلاپ، پەردىلەر ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىققۇسى ۋە بۇ غەم پەردىسىنى ياد ئېتىپ، ھەر تەرەپكە پىرقىرىغان ھالدا: «ھەي جېنىمنىڭ باغلانغان رىشتىسى!...» دەپ سۈرەن سالغۇسى. ھازا-ماتەمدىن يۈزلىرىنى قان قىلىپ، ئاپئاق چاچلىرىنى يۇلۇپ، ھەددى-ھېسابسىز ئازاب چەككۈسى. سەن شۇ چاغدا مېنىڭ ئاھىمنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ خالايىق كۆزىدىن ئۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پەردە ھاسىل قىلغىن. ئۇنىڭغا مېنىڭ نامىمدىن: «ھەي يۈزۈڭ جېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، ئىزىڭ تۇپرىقى كۆزۈمنىڭ تۇتىياسى بولغان ئانا، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى بۇ دەرد ۋە غەمدە ئاپىرىدە قىلغىنى يېتەرلىك ئىدى.



لېكىن سېنىڭ «پەرزەنتىم بولسا» دېگەن ئارزۇيۇڭ ھەددى-ھېسابسىز كۈچلۈك ئىدى. مېنىڭ قايغۇم تۆپەيلىدىن كۆڭلۈڭ بىر نەپەسمۇ سۆيۈنۈپ باقمىدى. ھەمىشە زارلىق ۋە تەشۋىشلىك بولدۇڭ. باشقا بالىلارنىڭ ئورنى كۆكلەم باغلاردا بولسا، مېنىڭ قىسمىتىم كىچىكىمدىن باشلاپ دەرد ۋە داغلاردىن ئىبارەت بولدى. سېنىڭ ناتىۋان جىسمىڭمۇ مېنىڭ دەردىمگە ئورتاق بولۇپ، مېنىڭ دەرد-ئەلەمىم بىلەن ئۆرتەندىڭ. ياقۇت پارىسىنى ئارزۇ قىلىپ، قارا تاشنى تاپتىڭ؛ قۇياشنى تەلەپ قىلغانىدىڭ، كۆيدۈرگۈچى ئوت پارچىسىغا ئېرىشتىڭ. مەن چوڭ بولغانسېرى بىچارە بولدۇم، يۇرت-مەملىكىتىمدىن ئايرىلىپ ئاۋارە بولدۇم. سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىزا بۇ مەككار ۋە سەرگەردان پەلەك سالغان جۇدالىق سەۋەبىدىن كۆيۈپ ئۆرتەندىڭ. پىراقىمدا كۆيگىنىڭمۇ يېتەرلىك ئىدى. مانا ئەمدى كۆيە-كۆيە ئاخىرى خەس-خەشەكتەك كۆيۈپ كۈل بولدۇڭ. مېنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن بۇ زىيانلىرىم يەتمىگەندەك، يەنە كۆز ياشلىرىم سېلى بىلەن غەم دەرياسى ھاسىل قىلىپ، ئۆز ئېلىمنى ۋەيران قىلدىم، ماڭا مۇنداق ئۆلۈش نېمىدېگەن نومۇس، مەن خەلقنىڭ كۈلۈشكىمۇ ئەرزىمەيمەن. مېنىڭ بۇ دەردۇ بالاغا مۇپتىلا بولغانلىقىمغا يۈزلەرچە ئەپسۇس. سەن گەرچە مېنىڭ دەردىم تۆپەيلىدىن ھېسابسىز رەنجۇ-مۇشەققەت تارتقان بولساڭمۇ، لېكىن رىزالىقىڭدىن مېنى ئۈمىدسىز قىلمىغايسەن. مېنى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشكە گىرىپتار قىلمىغايسەن» دېگىن.

ھەي تاڭ شامىلى، ئەگەر مېنى ئىشلىرىم ۋە ئەھۋالىم قانداق بولغانلىقىنى مۈلكئارا بىلەن بەھرام بىلىپ قالغۇدەك بولسا، يۈزلىرىنى قارايتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قان-ياشلىق سىزىقلارنى چىقىرىدۇ. ئۇلار گوياكى سىياھ ئۈستىگە قىرمىز بىلەن خەت چېكىدۇ. قارا كىگىزلەرنى بويىنغا سېلىشىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كىگىز يۈزىدىن رەڭ ئالىدۇ. ئۇلار ئالەم قۇياش ماتىمىدە تۈن پالاسلىرىنى كىيگەندەك، ماتەم لىباسلىرىنى كىيىشىپ، ياقىلىرىنى يىرتىشىدۇ.

قايغۇ-مۇسىبەت تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى گاھ چۆللەرگە، گاھ تاغلارغا، گاھى تۇپراقلارغا ئۇرىدۇ. سەن مۇلكئاراغا تەسەللى بېرىپ: «ئاقىل كىشىلەر قازاغا نارازى بولمايدۇ» دېگىن. چۈنكى ماڭا پەلەك قىسمىتى يەتتى. ئۇنى تارتماسلىققا نېمە ئىلاجىم بار.

ھەي تاڭ شامىلى، سەن يەنە بەھرامغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بۇ ۋەسىيەتلىرىمنى تاپىلىغىن: «ھەي جېنىمغا باغلانغان مۇڭداش ۋە ئېمىلداش ئىنىم، ئەگەر سەن مېنىڭ ماتىمىم ئۈچۈن ئاھىڭ تۈتۈنلىرىنى كۆكلەردىن ئاشۇرساڭمۇ، ئۇنىڭدىن نە ماڭا، نە ساڭا پايدا يوق. ئەگەر خەستە جېنىم سەندىن سۆيۈنۈپ، يېنىمنىڭ يەرگە تېگىشىنى ئىستىسەڭ، جەڭ تىغلىرىنى ئويناتىشتىن توختىمىغايسەن. دەرھال لەشكەرنى يىغىپ، بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغايسەن. جېنىمنىڭ راھىتى ئۈچۈن قاتىلىمنى تۇتۇپ، قان دەۋايىمنى تەلەپ قىلىپ ئالغايسەن.»

ھەي تاڭ شامىلى، كېلىدىغان قوشۇنۇمغا مېنىڭ سۆزلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېنىق يەتكۈزگىن. ئۇلار ھەممىسى بەھرامنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرسۇن، ئۇ نېمىنى بۇيرۇسا، بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرمەي، نۇقسانسىز ئورۇنلىسۇن.

ھەي تاڭ شامىلى، خوتەن مەملىكىتى جەننەتتىن نىشاندۇر. ئۇنىڭ قارىسىدا نامايان بولغان جەننەت كىشىگە جان بېغىشلايدۇ. ئەگەر سەن ئۇ تەرەپلەرگە سەيلە قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ، باغلار تەرىپىگە قەدىمىڭ يەتسە كۆرسەن، ئۇ يەردە جەننەتتىن نەمۇنە كۆرسىتىپ تۇرغان تۆت باغ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ زىننەتلەنگەن تۆت قەسىر بار. ئۇلار مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن تەييار بولغان. ئۇ يەردە گۈل-چېچەكلەر ھۆكەر يۇلتۇزدەك توپ-توپ ئېچىلغان. ئەگەر سەن بېرىش-يېنىشتا ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ، ئۇلار سېنىڭ جىلۋىگاھىڭ بولغۇسىدۇر. باھارلىق باغ تەرىپىگە يۈرۈش قىلغىنىڭدا مېنىڭ ھازامنى تۇتۇپ گۈل رەڭ ياشلىرىڭنى تۆككىن. يازلىق باغقا كىرگىنىڭدە، شاخ ۋە ياپراقلارنى



كۆرسەڭ، مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمنى يادىڭغا ئالغىن. كۈزلۈك باغقا كىرگىنىڭدە ئۇياقلارغا مېنىڭ سارغايغان چىرايىمدىن سالام يەتكۈزگىن. ئەگەر قىشلىق باغقا قەدەم تاشلىساڭ، تىنىقلىرىمنى ئېسىڭگە ئېلىپ، سوغۇق ئاھ چەككەيسەن.

ھەي تاڭ شامىلى، سەن مانىغا مۇنۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈز: «ھەي چىن نەققاشى، نەققاشلىقتا تەقدىر قەلىمىمۇ ساڭا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. سەن نەقش چەككۈچى قەلىمىڭنى تەۋرەتكىنىڭدە تۆت قەسىرىمگە تۆت خىل سۈرەتنى سىزغانىدىڭ. بىرى باھارلىق قەسىرنىڭ بىرىنچى سۈرىتى ئىدى. ئۇنىڭدا يۇنان تەرىپىگە ئات سالغانلىقىمنى ۋە ئۇ يەردە ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغانلىقىمنى تەسۋىرلىگەنىدىڭ. يازلىق قەسىرنىڭ ئىككىنچى سۈرىتىدە بولسا، ئەھرىمەن دېۋىگە پەھلىۋانلىق قىلىچىمنى ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆز قېنىغا غەرق قىلىپ، ھالاك قىلغانلىقىمنى سۈرەتلىگەنىدىڭ. كۈزلۈك قەسىرنىڭ ئۈچىنچى سۈرىتىدە ئىسكەندەر رۇمىينىڭ تىلسىمىنىڭ جىسمىنى ئېچىپ ئۇ تىلسىمنىڭ جىسمىنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ، قولۇمغا ئالغانلىقىمنى سىزغانىدىڭ. قىشلىق قەسىرنىڭ تۆتىنچى تەسۋىرىدە ئارىستوتىلنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ، غار ئىچىگە ئەجدىھادەك كىرگەنلىكىمنى سۈرەتكە ئالغانىدىڭ. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى بۇنداق ئىشنى ھېچ ئادەمزات قىلىپ باقمىغانىدى. سەن مېنىڭ بۇ جۇرئەتلىك ئىشلىرىمنى كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق قەلەمگە ئېلىپ، سۈرەتلىگەنىدىڭ. ئەمدى بۇ تۆت سۈرەتنى، ئەلۋەتتە ۋە ئەلۋەتتە، باشتىن-ئاياغ يۇيۇۋەتكەيسەن. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ رەختلىرىنى قەسىر تاملىرىدىن سويۇپ ئېلىپ، سۇغا ياكى ئوتقا سالغايسەن. چۈنكى مېنىڭ بۇ جان ۋە جىسمىم يوقىلىپ، بۇ جاھاندىن نامۇ-نىشانىم ئۆچتى. ھەركىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرەي دېسە، بۇ كونا پەلەك گۈمبىزىدىن كۆرسۇن. كىمكى مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلەي دېسە، بۇ ئاسمان ۋاراقلىرىدىن كۆرۈپ بىلسۇن. بۇ پەلەك مېنىڭ ياخشىلىقىمنى كۆرەلمىدى. شۇڭا سۈرەتلىرىمنىمۇ تام ئۈستىدە كۆرەلمىسۇن.

هەي تاغ شامىلى، سەن يەنە قارەنگە مەندىن سالام ۋە تاپشۇرۇقلارنى يەتكۈزۈپ، مۇنداق دېگىن: «مېنىڭ مېتىن ۋە كەكەم قانچىلىك تاشلارنى ئۇشاتقان بولسا، پەلەك ئۇنى يىغىپ ھەممىسىنى بېشىمغا قارىتىپ ئاتتى. پەلەك ھەر نەپەستە يۈز تۈمەن تاشلارنى ياغدۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىدا قالغان بىر سۇنۇق باش نېمىمۇ قىلالىسۇن. ئاسمان كەبى تاغلارنى كېسىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدىم. لېكىن تەقدىر تۈپەيلىدىن بارچە تاغلارنىڭ ئاستىدا قالدىم. بۇ مەككار پەلەك مېنى ئۆلتۈرەر ۋاقتىدا، سوزۇلۇپ ياتقان تۈپرىقىمنىڭ ھەربىر تېشى گوياكى بىر تاغدەك ئېغىر بولدى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى غەم-قايغۇ تېغى دېگىنىم تۈزۈك. چۈنكى مەن غەم-قايغۇ تاغلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئاللىقاچان يوقالدىم. ھەي قارەن، سەن قايسى تاشنى چوقۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا مېنىڭ ئىسمىم ۋە لەقىمىمنى يازغان بولساڭ، يەنە قايتىدىن مېتىنىڭنى ئىشقا سال-دە، تاشلار يۈزىنى تىرمىلاپ، مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ئاۋارە قىلغان ھالدا دۇنيا يۈزىدىن يوقات، مېنىڭ جىسمىم تاش ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، ئىسمىم ئۇنىڭ ئۈستىدە قالمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.»

ھەي تاغ شامىلى، سەن پۈتكۈل ئالەمدىكى شەھەرلەر، تاغلار، ۋادىلارنى كېزىپ ئاشىقلارغا جار سالغىن: «پەرھاد ئاشىقلىق رەنجى-مۇشەققىتى بىلەن ئۆلدى! ئۇنىڭغا خۇسرەۋ جەبىر-زۇلۇم سالدى! ئۇ سىز ۋە بىز ئاشىقلارنىڭ سۇلتانى ئىدى. بىز ئۇنىڭ پۇقراسى ئىدۇق. بۈگۈن سۇلتانىڭلارغا زۇلۇم يېتىپ، جاھاندىن ناتىۋانلىق بىلەن كەتتى. ئەمدى سىلەر يىغلىشىپ، قوشۇن تارتىپ كېلىڭلار-دە، پادىشاھلار ئۆلگەندە ماتەم تۇتقاندەك ھازا ئېچىڭلار. ئاۋۋال خۇسرەۋنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاھ ئوقلىرىڭلارنى باھار يامغۇرىدەك ياغدۇرۇڭلار. نالە-پىغانىڭلار ئوتىدىن ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۆرتەپ، تاجۇ-تەختىنى ۋە بارلىق سەركەردىلىرىنى كۈل قىلىڭلار. بۇ بىچارە بەختسىز ئۈچۈن يىغلاپ، خۇسرەۋنىڭ يوقىنى



يوقلۇق سېلىگە باستۇرۇۋېتىڭلار ۋە قەسرىنى شۇ يوسۇندا ئاۋات قىلىپ، روھىمنى ئۆزۈڭلاردىن مەمنۇن قىلىڭلار!» دېگىن.

ھەي تاغ شامىلى، سەن شاپۇرغا مەن ئۈچۈن خەير-خوش دەپ قويغىن. ماڭا ۋەكالەتەن ئۇنىڭغا: «ھەي ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە يېتەلمىگەن دوستۇم، سەن ماڭا ھەمدەم بولغانىدىڭ، بىرى قانچىلىگەن قانلارنى يۇتتۇڭ. ماڭا سىرداش بولۇپ، تالاي غەم-قايغۇلارنى تارتتىڭ. ماڭا ھەمنەپەس بولغاندىن باشلاپ بالا ۋە ماتەمگە قالدىڭ. ۋاپا قىلىشنىڭ قائىدە ۋە شەرتلىرى ھەر قانچە بولسا، شۇنچىلىك بولار. ساڭا مەن ئادا قىلالمىغان ئۆزرىخاھلىقنى تەڭرى ئادا قىلغاي. سەن ھەرۋاقىت قەبرەم تېشىدىن خەۋەر ئالغىن، تۇپراق بېشىمدىن ئايىغىڭنى ئۈزمە!» دەپ نىدا قىلغىن.

پەرھاد سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قىينالغىنىدىن جېنى ئاغزىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ھەممە ۋەسىيەتلىرىنى تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز نوتۇقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ، بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن تەڭرىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە» دەپ باشلىنىدىغان ئىستىغپار كەلىمىسىنى ئوقۇپ دىل ۋە جېنى بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇزۇلغان جېنى جانانىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋەيرانە جېنىغا ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. ئۇ جانانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھالدا جان تەسلىم قىلدى. «ھەي ئەقىل ئىگىلىرى، بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىڭلار» ① بۇ ماتەمنىڭ ئىنچىدە ئىشق گۈلخىنى ئۆزى قىلغان ئىشقا پۇشايمان قىلىپ، بويىنغا قارا كىگىز سېلىپ ھازا تۇتتى. غەم-غۇسسە ۋە بالا-قازالار يارسىز، ئىشسىز قالغانلىقىدىن ھەسرەت چەكتى. ھىجران كېچىسىنىڭ شامى ئۆچۈپ، مەجلىسى قاراڭغۇلاشتى. پەلەك پەرھادنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۇلارغىمۇ پەرھادنىڭ يوقلۇقىدىن غەم ۋە ماتەم ئوتلىرىنى سالدى. ھايۋاناتلار پەرھادنىڭ

① «قۇرئان كەرىم»، 28-پارە، 59-سۈرە، 2-ئايەتكە قاراڭسۇن.

ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى جادىگەر مەككار قېرىنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىدى، ئۇ قېرىنىڭ بىر تامچە يېشى، بىر قەترە قېنىنىمۇ يەر ئۈستىگە ئاققۇزماي ۋە تامغۇزماي ئۇنىڭ تېنىنى چىشلىرى، چاڭگال ۋە تىرناقلىرى بىلەن يىرتىپ تاشلىدى. ئۇلار گۇناھسىز بىچارە پەرھادنىڭ ماتەمدىن ھەسرەتلەر چەكتى. چۈنكى ئۇ بىۋاپا مەككار قېرىدىن ئاشۇ ھايۋانلار مىڭ ھەسسە ياخشى ئىدى.

ھەي ساقى، سەن ماڭا بىر پىيالە ئۆلتۈرگۈچى شاراب بەرگىن. ئۇ پىيالە ئىچىگە شاراب ئورنىدا زەھەر تولدۇرۇلغان بولسۇن، چۈنكى مەن سۆيگۈ ئىچىدە پەرھادقا ئوخشاپ قالدىم. ئەمدى ئۇ پىيالىنى پەرھادقا ئوخشاش سۈمۈرۈۋېتەي. **نەزمە** :

كېتۈر، ساقى ماڭا بىر جامى قاتىل،
لەبالەب ئەيلەبان زەھرى ھەلاھىل.
چۇ تاپتىم ئىشق ئارا فەرھادۋەشلىغ،
قىلاي ئول جامنى فەرھادكەشلىغ.

※ ※

**سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

ئۇ يولۇچى بۇ جاھاندىن يۈكىنى يىغىشتۇردى. چۈنكى بۇ مەنزىل ئاسايىشلىق ئورنى ئەمەس. بۇ جاھاننى نېمىشقا «رۇبئى مەسكۇن» ① دەيدۇ؟ چۈنكى، باشقا ئۈچ قىسمى سۇنىڭ ماكانىدۇر. مۇراد مەقسەتكە يېتەلمەي، قايغۇغا چۆمۈلگەن كىشى خۇددى

① رۇبئى مەسكۇن — يەرنىڭ ئادەملەر ياشايدىغان قىسمى، چارىكى.



سۇ يۈزىگە چۈشكەندەك ئەھۋالغا قالىدۇ. ھادىسىلەر بورىنى بىر دولقۇن پەيدا قىلسا، قالغان چارەك يەرنىمۇ سۇ بېسىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بۇ جاھاننى تىنچلىق-ئامانلىق ئورنى دېمەي، سۇ بىلەن بىنا بولغان چېدىر بەلكى بىر كۆپۈك دەپ بىلگىن. كۆپۈك گۈمبەزگە ئوخشاش سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. لېكىن سۇ باشقا، كۆپۈك باشقا، ئاقىللار بىر پۈۋلەش بىلەن بەرباد بولىدىغان مۇنداق ئۆينى بىنا قىلمايدۇ. بۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇ يەردە بىمالال بىر نەپەس ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. بىر دۆۋە تۇپراقنىڭ شۇنچە سۇ ئىچىدە نېمە بولىدىغانلىقىغا قاراپ باق. سۇنىڭ تېگى سۇغا چۈشكەن تۇپراقتا ماكان بولىدۇ. بۇ تۇپراقنىڭ چۆرىسىدە ئاسمان ئۈگىسى ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان قۇشلاردەك ئايلىنىدۇ. بۇ قاتمۇ قات ئاسمان ئاجايىپ بىر قۇشكى، ئۇنىڭ ئىشى كەپتەردەك موللاق ئېتىشتۇر. كەپتەرغۇ كىشىلەرگە رام بولىدۇ ۋە ئارام ئالىدۇ. ئەمما ئۇ ئايلانغۇچى پەلەكنىڭ رام بولۇشى ۋە ئارام ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بۇ پەلەك بىر كەپتەرخانىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇلتۇزلار ئۇنىڭ چاچقان دانلىرىدۇر. قازا ئۇستازىنى كەپتەرۋاز دەپ بىلىپ، ئۇ قانداق ھۆكۈم قىلسا، ئۇنى ئەلا ھېسابلاپ رازى بولغىن. كەپتەرنى ئۇۋلىغۇچى ئۇۋچىدۇر، ئۇنى ئۇۋچى دېمە، بەلكى ئۇ بىر جاللاتتۇر. ھىلال ئاي پەلەك جاللاتىنىڭ قان تۆكىدىغان قىلىچى، قۇياش ئۇنىڭ تاۋىقى بولۇپ، كىشىلەرنى نابۇت قىلىشتا ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن زەررىگە ئوخشاش ھېسابسىز ئاي يۈزلۈكلەرنىڭ باغرى تىلىنغان. زىيانكەش جاللات مىڭ قېتىملاپ قان تۆكسىمۇ، يەنە تىغىنى يوشۇرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. كۈندە مىڭ كىشىنى قەتلى قىلغان قۇياشنىڭ تىغىنى يەرگە كۆمۈشى ئەنە شۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇ شۇندا مىڭلاپ كىشىنى قەتلى قىلىشنى كەسىپ قىلغان تۇرسا، ئۇنى كىممۇ «ئادەم» دېيەلەيدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى شاھ بولسۇن، شاھزادە بولسۇن ياكى قۇل ياكى ئازاد بولسۇن، بۇ يەردىكى گەپچە ئۇ

جاللاتنىڭ ئۇلارنى ئوخشاشلا قەتلى قىلىدىغانلىقىدا كېتىۋاتىدۇ.
شۇنداق ئىكەن، مەن ۋە سەندەكلەر نېمىمۇ دېيەلەيمىز! كىشىنىڭ گۆھىرى قانچىلىك پاك بولغانسېرى ئۇ جاللاتنىڭ زۇلمىدىن دەرد قايغۇسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ قېنىنى ئۇنىڭغا قۇۋۋەت قىلغان. پۈتۈن كائىنات قۇياشتىن نۇر ئالسىمۇ، يەنە شۇنى ھەر كېچىسى قارا تۇپراققا يوشۇرىدۇ. ئۇ قاندىن كۆپلىگەن قەدەھلەر لىپمۇلىپ تولۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بىر پاسىق ھەر نەپەستە خۇشال بولىدۇ. يۈزلىگەن پاكىز جەۋھەرلەرنى توپىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر بەگنى خۇشال قىلىدۇ. دەرەخنى يىقىتىپ ئۇنىڭ ئوتىنىڭ يالقۇنىدىن بىر ئاتەشپەرەسنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ. پەرھادنىڭ قېنىنى ئايىماي تۆكۈپ، خۇسرەۋ شۇ قان مەيدىن بەزمە تۈزىدۇ.

ئەلقىسسە، پەرھاد جىگىرىنى ئۆرتەپ يوقلۇق بەزمىسىنىڭ مەجلىسىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھايۋانلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ غەمدىن ئۆزىنى ھالاك قىلدى. باشقىلىرىنىڭمۇ بۇ ئەلەمدىن ھالى خاراب بولدى. ھايۋاناتلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھالقا شەكلىدە ئوراپ ھازا ئېچىپ نالە-پىغان قىلاتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپ ئالغاچقا، كىشىلەرنىڭ يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋاقىتكى، پەرھاد جان ئۈزۈش پەيتىدە بىر ناتىۋان كىشى ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغانىدى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، سۆيۈنمەكچى بولغانىدى. بىراق پەرھادنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى بىر تاشنىڭ يېرىقىغا ئالدى-دە، پەرھادنىڭ ھالىغا ھەيران قالدى. بۇ پەرھادنىڭ جېنى تەگرى دەرگاھىغا ئۇلاشقىچە بولغان پۈتۈن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلدى. ئۇ پەرھادنىڭ قەبرىسىنى تىكلەپ ئۇنىڭ بېشىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن شىر، قاپلانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنى كۆرۈپ، قانلىق ياش تۆككىنىچە قايتتى. ئۇ خالايىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ،



ئوتلۇق ئاۋاز ياڭرىتىپ، ھەر قايسى مەجلىسلەرگە خەۋەر بەردى. ئۇنىڭ زار-زار يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ بىللە قوشۇلۇپ يىغلايتتى.

ۋاقىتكى، پەرھادنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقالدى. بۇنى خۇسرەۋغىنە ئەمەس، بەلكى شىرىنمۇ ئاڭلىدى. خۇسرەۋ پەرھاد ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆپ تەھلىل قىلدى. بۇ غەمدىن نەچچە كۈنلەپ كۈلكىسى كەلمىدى. قورقۇنچتىن نەچچە تۈنلەپ ئۇيقۇسى كەلمىدى. شىرىن پەرھادنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دېگەن ئۈمىد خۇسرەۋنى خۇشال قىلدى. لېكىن پەلەك بۇ ئىشنىڭ كەينىدىن نېمە قىلار، دېگەن ۋەھىمە ئۇنى قايغۇغا سالاتتى. ئۇنىڭ جاھىللىقى غالىب كېلىپ، نەپسى تەلپىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەمما ئۇ ئۆزى تۇتقان زەھەرلىك قەدەھنى ئىچىپ تۈگەشتىدىغانلىقىنى بىلمىدى. بۇ خۇددى ئوت يېقىش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن پىلىكنىڭ شۇ ئوت بىلەن ئۆزىنىڭمۇ كۆيگىنىگە ئوخشايدۇ. كىشى يىلاندىن زەخىملەنسە، شۇ زەخىمنىڭ ئۆزى ئاخىرى ئىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. خۇسرەۋ: «بۇ ئىش مۇنداق بولماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمدى مۇنداق ئىش بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشتىن بوشىشىپ قېلىش ياخشى ئەمەس» دەپ بىر نەچچە ئىش بىلەرمەنلەرگە ئىختىيارى سۆزلەپ تەھدىت سېلىش بىلەن بىللە ئۈمىدلەندۈرۈشنى، كۆپ سۆزلەر بىلەن مۇلازىمەتتە بولۇپ، ئىككى شاش ئاتنى كۆندۈرۈشنى تاپىلاپ، قورغان تەرەپكە يولغا سالدى. سۆزمەنلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورغانغا باردى. مېھىنبانۇغا كۆپلەپ دۇئا-سالالارنى ئېيتتى. ئاي يۈزلۈكمۇ خۇسرەۋنىڭ ھېسابسىز دۇئا-سالىمىنى يەتكۈزۈپ، كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن يالۋۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ناتىۋانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، سۆزمەنلىك بىلەن كۆپلىگەن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، مېھىنبانۇنى بۇ ئىشقا مايىل قىلدى. دۆلەت ئەربابلىرىمۇ ئارىغا كىرىپ، بۇ

ماجىراغا سۆز قىستۇرۇشتى. مېھىنبانۇنى خالى يەرگە تارتىپ:

— خۇسرەۋ بولسا جاھاننىڭ ھۆكۈمرانىدۇر، نەسەبتە بارچە سۇلتانلارنىڭ پادىشاھىدۇر، شان-شۆھرەتتە مەخپىي ئىشلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇ سىز بىلەن تۇغقان بولۇشنى خالاپتۇ، بۇ ئىشقا خۇشال بولماقتىن باشقا قانداق جاۋاب بېرەلەيمىز. ئەگەر غەمكىن پەرھاد ھايات بولسا ئىدى، خۇسرەۋگە تاقابىل تۇرۇپ غەزەپلەنگەن بۇلار ئىدى، ئەمدى ئۇ ۋاپات بولدى، ئورۇنسىز ئاداۋەتمۇ كەتتى. شۇڭا خۇسرەۋنىڭ رايىغا كىرگەن ياخشى. ئاقىللار پايدىسى ئاز، زىيىنى كۆپ مۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەدە ھەم شەرتىگە كىرمەك كېرەك. بولمىسا، ئەلنىڭ قېنىغا ئورۇنسىز زامىن بولۇپ قالىمىز. ئۇنىڭ زۇلمى بۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئادالىتى بىلەنمۇ ئاۋات بولۇپ قېلىشى ئەجەب ئەمەس. چۈنكى، شىشە تاشقا قارشى تۇرالمايدۇ. خامانغا ئوت چۈشسە كۆيىدۇرگۈسىدۇر، — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

مېھىنبانۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق تېپىپ بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى. بىچارە پەرھادنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم بولغانىدى. ئۇنىڭ دەردىدە قان يۇتۇپ، ئانىلاردەك ھازىسىنى تۇتقانىدى. ئۇ لالە يۈزلۈك سەرۋىمۇ پەرھادنىڭ ماتىمىدىن يۈزىنى تىرناپ دەردلىك جىسمىنى مىڭلاپ زەخمىلەندۈرۈپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولغانىدى، نەچچە قېتىم مەخپىي زەھەر سوراپ ئىلىپ ئىچمەكچى بولغاندا كىشىلەر بىلىپ قالغانلىقتىن ئىچەلمىگەنىدى. ئوتخانىغا ئۆزىنى تاشلاپ كۆيدۈرمەكچى بولغاندا، ئۇرۇق-جەمەتى بىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭغا نەچچە كۈنلەپ كۆزەتكۈچىلەرنى قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاسراشقا ۋە خىيالىنى بىلىشكە ئاجىز ئىدى. ئۇ مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۆز جىسمىنى چىشلەپ گۆشلىرىنى پارە-پارە قىلاتتى. ئۇنىڭ نالە-غۇۋغاسى، ئاھ-پىغانى بىردەم تىنچىمايتتى. ھىجرانلىقتىن «پەرھاد، پەرھاد!» دەپ پەرياد ئۇراتتى.



بەزىدە ئۇنىڭ غۇربەتلىكتىكى ھالى-زارىنى، دۈشمەنلەرنىڭ ھىلىسىدىن ئازار تاپقانلىقىنى ئېيتىپ نالە قىلسا، بەزىدە ئۇنىڭ ھۆسىن-جامالىنى ۋە ھۈنەرمەنلىكىنى، بىلىمدانلىقىنى تەرىپلەپ پىغان چېكەتتى. بەزىدە، ئۇنىڭ ھىجرانلىق ئازابىنى چېكىپ زارلىق بىلەن نائۈمىد ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن يىغلىسا، بەزىدە ئۇنىڭ تارتقان زۇلمىنى، ۋىسالىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ۋە ئەسىر بولغانلىقىنى قوشۇپ ياد ئېتەتتى. سۆزى كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىيالى بىلەن، خىيالى بولسا، ئاي ۋە يىل ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بەند بولاتتى.

مېھىنبانۇ بۇ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ھەيران بولسا، بۇ ئەھۋال بىلەن كۆڭلىنى ۋەيران قىلاتتى. بىر پەس بىرەر ئىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولالماي، بۇ تەھلىكىلىك غەمدىن جېنى قىينالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاپاسىمۇ تۈگەپ، خەلقمۇ، مېھىنبانۇمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. كىچىكلەر جەبرى-زۇلۇمدىن ئاھ تارتسا، چوڭلار تاپا-تەنە قىلىپ سۆزلەيتتى. بۇ ئىشقا خالايىق ماقۇل بولغاندەك، دىلكەش بولغاندەك قىلسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار خۇشال ئەمەس ئىدى. خەلق مۇشەققەت چېكىپ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، جاھان خەلقى ئارىسىدا بەدنامغا قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار:

— مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا ئۇ ئاجايىپ يىگىت سەۋەب بولدى، بىز ئۇنىڭغا قانچە كۆپ خىزمەت قىلساق زايە كەتمەيتتى. بەلكى ئۆلگۈچە خىزمەت قىلساقمۇ ئازلىق قىلاتتى. ھازىر ئۇ سەۋەبچى ئارىمىزدىن بىر تەرەپ بولدى. بۇ ئورۇنسىز ماجىرالاردىن نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ خۇسرەۋ بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى قورشىدى. ئۇ يەنە بىر مۇنچە ئىلتىماسلارنى قىلىپ بۇ خىل خۇشاللىقنى لازىم تاپتى. بىز بۇ ئىشنى غەنىمەت بىلىشىمىز كېرەك ۋە خۇسرەۋنىڭ تۇغقانچىلىقى بىلەن شادلىنىپ، خالايىقنى زىنداندىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئەلنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگەپ، مېھىنبانۇدىنمۇ بىزار بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق گەپ-سۆزلەر كۆپىيىۋەرسە، خۇسرەۋگە قورغاننى ئېچىپ بېرىشىدۇ، — دېيىشمەكتە ئىدى.

مېھرىبانۇ ئەتراپتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە ھېسابسىز ۋەھىمە چۈشتى. ئۇ شىرىننىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ ۋەقەلەرنى ئاچتى:

— پەلەكتىن بىزگە مۇنداق ئۆرتىنىش ئازابى يېتىپ كەلدى. ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، بۇ جىسمىم ۋە جېنىم يۈزۈڭگە ئىنتىزار. سېنىڭ ئالدىڭغا ئېيتقىلى بولمايدىغان، يوشۇرۇشقا تېخى بولمايدىغان بىر ئىش بىلەن كىردىم. خەلق مۇنداق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ يۈرگۈدەكمىش، — دەپ ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

شىرىن دېدىكى:

— ھەي ھاياتىمنىڭ قۇۋۋىتى، گەرچە ئۇيات توسقۇنلۇق قىلسىمۇ بىر ئىشنى ئېيتاي، ئالەم خەلقىنىڭ يېگانىسى بولغان پەرھاد ماڭا جورا بولۇشقا لايىق ئىدى. كۆڭلۈم ئۇنىڭ دەردى بىلەن ئوزۇقلىناتتى. ئۇ دۇنيادا يەككە-يېگانە بولغان كىشى جورىسىز ئۆتكەنىكەن. مەن قانداقمۇ جورا كۆزلىيەلەيمەن. ۋاپا ئەھلىنىڭ ئىشى شۇنداق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ پىراقىدا بۈگۈن يا ئەتىلىكىم قالدى. مەن ئۇنىڭ قايغۇسىدا گوياكى سۇدىن ئايرىلغان بېلىققا ئوخشاپ قالدىم. سۇدىن جۇدا بولغان بېلىق ئەلۋەتتە سۇغا تەلپۈنۈپ ئۆلىدۇ، پەرھادنىڭ ھىجرانىدا تەلپۈنۈپ، ئۆلۈپ، تىنىم تاپماق مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم بولۇپ قالدى. تىرىكلىكنىڭ نىجاتلىقى ئەمدى ماڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ. ئەلنىڭ مەسلىھەتى شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن. خالايىقنى كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىپ قايغۇغا قالدىم. گەرچە مەن يەتكۈزمىگەن بولسامۇ، بۇ قىيىنچىلىقلارغا مەن سەۋەبچى بولدۇم. تىرىكلىكىمدە ئەلنى خاپا قىلدىم، ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا بولسىمۇ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىغايمەن.

مېھرىبانۇ شىرىندىن ئىجازەتنى ئېلىپ خۇشال بولدى ۋە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆيدىن چىقتى-دە، دەرھال يارىشىشقا بەل باغلىدى. ئۇ خۇسرەۋ قېشىدىن كەلگەنلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ



كىردى-دە، ئۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى دېدى:

— بېرىپ شاھقا سالامىمنى ئېيتىڭلار، بۇ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈڭلار. زامانىنىڭ داراسى خۇسرەۋنىڭ تەختى ئەبەدىي بەر-قارار بولسۇن. توغقانچىلىقنى ئېلان قىلىپ، بۇ سۆز بىلەن مېنىڭ بېشىمنى يۇقىرى قىلغانىدى. ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ كۆزۈمگە سۈرتكەنىدىم. ھەتتا ئۇ خەتنى باش ئاغرىقىغا يېزىلغان ئەپسۇندەك بېشىمغا قويغانىدىم. ئەلچىگە قوبۇل قىلىش مۇئامىلىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، پەخىرلىنىش ناغرىسىنىڭ ئاۋازىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدىم. لېكىن قايغۇ ھەم ئەندىشە ئىچىدە ئۆز ئەيىبىمنى ئىزھار قىلىپ، جىسمىم گۆھىرىنىڭ سۇنۇقلىقىنىمۇ بايان قىلغانىدىم. بۇ سۆز بىلەن ئۆز ئەيىبىنى كۆرسىتىشنىڭ ئەيىب ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ھازىر بولسىمۇ شاھنىڭ يېتىپ كەلگەن ھۆكمىدىن مەمنۇن بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. ئەگەر شاھ كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمىغانلا بولسا، جان-دىل بىلەن خىزمىتىدە بولىمىز. بىراق ھازىر ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ شەھىرىمىز ھازىرغىچە قامال قىلىنىپ پەلەكتەك سەرگەردانلىقتا قالغاندۇق. ئاتەشتەك شامال چىقىپ، ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن، خالايىقنىڭ كۆپلۈكىدىن قورغان ئىچىدە بەدبۇيلۇق پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇ لەتاپەت ئېقىنىنىڭ قىرغاۋۇلى، گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ ئەركىن سەرۋىسى، جامال ئايۋىنىنىڭ دىلغا ئارام بەرگۈچى ئېيى بولغان شىرىن (ئۇنىڭدىن شاھنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاي!) ھاۋانىڭ ناچارلىقىدىن ئازاب چېكىپ گويا ئۇنىڭ خۇشاللىق بۇلبۇلى ناۋا قىلىشتىن توختىدى. خۇددى كۆل ئۈستىگە چوغ چۈشكەنىدەك، كۆرپە ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تارتىۋاتقان ئازابى شۇنداق ئېغىركى، ھەر نەپەستە ئەھۋالى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شاھ ئىلتىپات بىلەن ياردەم قىلىپ، بىزنىڭ بۇ ئىلتىماسىمىزنى ئېتىبارغا ئالغاي. مەرھەمەت قىلىپ بىر نامە ئەۋەتىپ خاتالىقلىرىمىزنىڭ يېزىقىنى ئەپۇ قەلىمى بىلەن ئۆچۈرۈپ بىزنى خۇشال قىلغاي. شۇنداق قىلغاندا

خەلق قامالدىن ئازاد بولۇپ، قورغانمۇ بەدبۇيلۇقتىن نىجاد تاپقان بولار ئىدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىمۇ بۇ سېسىقچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ساپ ھاۋادىن خۇشاللانسا، تېۋىپلار بىر نەچچە كۈن داۋالاپ، بۇ شىددەتلىك كېسەلدىن خالاس قىلغاندىن كېيىن، شاھ ئەگەر ئۇنى ئىززەتلىسە ئەزىز بولار، ئەگەر خار كۆرسە كېنىزەكى بولۇپ قالغۇسىدۇر.

ئەلچىلەر بۇ جان بېشىلغۇچى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بېرىپ خۇسرەۋگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى-دە، سۆيۈنچىسىنى ئالدى. خۇسرەۋمۇ بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. خۇشاللىقىدىن تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئىشارەت بىلەن دەرھال شادلىق ناغرىسىنى چېلىشقا بىشارەت بەردى. سۆيۈنگەنلىكى تۈپەيلى ئەتراپتىن ھاي-ھۇي سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ئىنتىپاقلىق ئاۋازى ياڭراپ، بېكىتىلگەن دەرۋازىلار ئېچىلدى. قامالغان خالايىقلار قەپەستىن ئازاد بولغان قۇشلاردەك ھەۋەس بىلەن ئەتراپنى كېزىشكە باشلىدى. خۇسرەۋ پەرۋىز ئەيش-ئىشرەت تەييارلىقىغا كىرىشتىكى، بۇ ئايلانغۇچى دۇنيا ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇ پادىشاھلارغا خاس بىر ئالىي مەپە ياسىتىپ، دۆلەت ئەربابلىرى ئارقىلىق مېھىنبانۇغا ئەۋەتتى ۋە:

— بانۇ بۇ مەپىگە چۈشۈپ كېلىپ، بىزنىڭ ئالىي دەرگاھىمىزنى يورۇتسۇن، — دېدى.

مېھىنبانۇ خۇسرەۋنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، خۇسرەۋنىڭ بارگاھىنى روشەنلەشتۈردى. ئارىدىن گىنە-ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ، ئەيش-ئىشرەت تۈزۈلدى. تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز سۆھبەت باشلاندى. پادىشاھ شۇ ئەسنادا گۈزەل شىرىننى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مېھىنبانۇ قايغۇرغان ھالدا ياش تۆكۈپ:

— ئۇ تەبىئەتتىكى كېسەللىكتىن ئېغىنچە كۆپ ئازاب چېكىۋاتىدۇ، — دېدى، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تېۋىپلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ماڭا ئېيتىشىچە: ئۇ نازۇك قورغاننىڭ ناچار ھاۋاسىدىن كېسەل بولغان. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ. ئۇ جان بېشىلغۇچى ساپ ھاۋاغا موھتاج ئىكەن.



خۇسرەۋ مېھىنبانۇغا:

— قەيەرنىڭ ھاۋاسى پايدىلىق بولسا، سەن ئۇنىڭ يولىنى بىلسەن، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بەر. مەيلى شۇ يەرگە تارتايلى ۋە شۇ جاي ئۇ قۇياشقا ماكان بولسۇن، — دېدى.

— ئەرمەن شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر تاغ بار، — دېدى مېھىنبانۇ، — تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قەسىر بىلەن بىر باغ بار. ئۇ يەرگە كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سۇ كەلتۈرۈلگەن. پادىشاھىمۇ ئۇ جاينى كۆرگەنىدۇر. ئەگەر شاھدىن پەرمان بولسا، شىرىنمۇ شۇ يەرنى ئارمان قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خۇسرەۋنىڭ كۆڭلى خاپىلىققا تولدى. چۈنكى، ئۇ سۇنى پەرھاد كەلتۈرگەنىدى، لېكىن ئۇ زۆرۈرىيەتتىن رازىلىق بەردى. ئۇنىڭ رازىلىق بېرىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

مېھىنبانۇ دەرھال مەپە ئەۋەتىپ ئۇ پەرىنى ئاشۇ قەسىرگە ئېلىپ باردى. گويا ئۇ ئاي يۈزلۈككە پەلەكنى مەپە قىلدى. بۇ چىمەنلىكنى ئۇ گۈلگە ماكان قىلدى. خۇددى پەرى «ئابىھايات» چەشمىسىگە بارغاندەك، ئۇ قۇياش جان بېغىشلىغۇچى ئايۋان — قەسىرگە باردى.

ئەي ساقى، سەن ماڭا جان بېغىشلىغۇچى بىر پىيالە مەي بەر، چۈنكى بۇ رەڭمۇ-رەڭ چىمەنلىك بەكمۇ ۋاپاسىزدۇر. شۇنداق مەس بولايكى، ئۆزۈمنى ئۇنتاي، چۈنكى پەلەك ئالدىدا پەرھاد ۋە شىرىنلا ئەمەس، بەلكى خۇسرەۋمۇ بىر دانە ئارپىدەك قەدىرسىزدۇر. **نەزمە**:

كېتۈر ساقى، مەيىكىم جانفەزادۇر،
كى بۇ رەڭگىن چەمەن بەس بىۋەفادۇر.
بولاي ئوسرۇككى، بار ئالدىدا بىر جەۋ،
دېمەي فەرھادۇ-شىرىن، بەلكى خۇسرەۋ.

※ ※

سىرلىق مەنزىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن

بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سۆزگە ئېغىز ئاچقۇچى كىشى بۇ سۆزلەرنى باشلاپ ئاخىرىنى مۇنداق تاماملىدى:

ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى پەلەك قورغانىدىن نۇرلۇق قۇياش چىققاندەك، قەلئەسىدىن چىقىپ ئانار رەڭلىك مەپىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ گوياكى كېيىك بالىسىنىڭ لالىزار ئىچىگە كىرگىنىگە ئوخشايتتى. ئۇنى كېيىك بالىسى دېمە، ئۇ كېيىك بالىسى ئەمەس، بەلكى ئالتۇن كېيىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەپەقتىن لاللەر ئېچىلغاندەك بولدى. جىسمىغا چۈشكەن تىترەك ۋە ئوتلۇق ھارارەت ئۇنىڭ رەڭگىنى قۇياشتەك زەپىران قىلغانىدى. ئۇ ساغلاملىق ئايۋىنىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن مەپىنى ئەرمىنىيەدىن تاغ تەرەپكە سۈردى، خۇسرەۋنىڭ بارلىق قوشۇنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن شىرىننىڭ يولىغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار ئاي يۈزلۈكنىڭ مەپىسى ئەتراپىغا ئاتلىرىنى تارتىپ، قۇياش ئەتراپىدىكى زەررىلەردەك يۈرۈشەتتى.

زامان يېڭىلىقلىرىدىن بىر ھادىسە يۈزلىنىپ، خۇسرەۋنىڭ مۈلكىگە ئاجايىپ بىر شاھزادىنى ۋارىس قىلغانىدى. ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى گوياكى ئوتنىڭ پەرزەنتى بولغىنىدەك، ئوقنىڭ ئۇچى تۆمۈردىن ئۈزۈلگەنىدەك، خۇسرەۋنىڭ شىرۇيە ئىسىملىك بىر پەرزەنتى بار ئىدى. شىرۇيە بىلەن خۇسرەۋ بىر-بىرىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئىشلىرى بالىسىغا خۇش ياقمايتتى، ئاتىسى ھەرگىزمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي، ئوغلىغىمۇ ئاتىسىنىڭ پەيلى ياقماي ئۆتەتتى. ئاشۇ كۈنى سانسىز خەلق شىرىننىڭ تاماشىسى ئۈچۈن يولغا چىققىنىدا شىرۇيەمۇ بىللە چىققانىدى. شۇ ئەسنادا



قاتتىق بىر شامال چىقىپ، قۇياش يۈزلۈك شىرىن چۈشكەن مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى-دە، بۇلۇت كەتكەندە ئاي كۆرۈنگەندەك شىرىن نامايان بولدى. ئۇنى ئاي دېگەندىن كۆرە ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياش دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. شىرۇيە ئۇ گۈزەلنىڭ جاھاننى ئۆرتىگۈچى ھۆسن-جامالىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئىشق ئوتىدىن بىر ئۆرتىنىش چۈشتى-دە ئىختىيارىدىن كەتتى. ئۇ دىلىغا ئارام بەرگۈچى شىرىن بېرىپ مەنزىلگە چۈشتى. بىراق شىرۇيەنىڭ كۆڭۈل ئاراملىقى يوقالدى. شىرۇيە كېچە-كۈندۈز يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇيقۇدىن قېلىپ، سائەتمۇ-سائەت تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى. ئۇ مۇشۇ قايغۇ بىلەن شەكسىز ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. كۆڭلىدە: «بۇنداق ئۆلۈشتىن تىرىك قالغان ئەلا، بىرەر تەدبىر ئويلاپ كۆرەي، بەلكىم ئۇنىڭ ۋىسالىدىن ئۈمىد قىلىشقا مۇمكىن بولار» دەپ ئويلىدى ۋە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى:

— بۇ ئىشتا ئىشق غەۋغاسىنى قىلىش زۆرۈر، چۈنكى ئاشىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە پەرۋا قىلمىغان يەردە، ئۆزگىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە قانداقمۇ پەرۋا قىلسۇن؟ ئەگەر خۇسرەۋ ئارىدىن يوقالسا، ئۇ دىلرەبادىن مۇرادىم ھاسىل بولغۇسىدۇر. ئەگەر ئۇنى يوقاتسام، ئالەم مېنىڭ بولىدۇ. بۇ ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياشمۇ مېنىڭ بولىدۇ. بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋەسلى يۈز پادىشاھلىقتىنمۇ ئارتۇقراقتۇر، — دېدى شىرۇيە.

بۇ خاتا چارىلەرنى ئويلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز كىشىلىرىگە يوشۇرۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ، خۇسرەۋنىڭ كىشىلىرى ۋە قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە تارتتى. نەتىجىدە ئۇلارمۇ شىرۇيە تەرەپكە مايىل بولۇپ قالدى. چۈنكى خۇسرەۋنىڭ زۇلمى چەكتىن ئېشىپ، جاپاسى سەلدەك تاشقانىدى.

ۋاقتىكى، ھېلىگەر پەلەك بۇ ئويۇنلارنى كۆرسەتكەچكە، خۇسرەۋنىڭ بارلىق لەشكىرى شىرۇيەگە باش ئېگىپ، خۇسرەۋنى تۇتۇپ قامىدى، يۈزىگە يىرتىق پەردىلەرنى ياپتى. ئۇلار خۇسرەۋنى

تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تۇپراققا تاپشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. چۈنكى بۇ قۇش تۇزاقنى ئۈزۈپ چىققىدەك بولسا، بۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەي قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن تازىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شىرۇيە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قوشۇلدى ۋە ئاتىسىنىڭ قېنى بىلەن قىلىچنى بويىدى. بىلىش لازىمكى، ئەسلىدە ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلغان ئوغلى بولماستىن، بەلكى بۇ دەۋران ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلدى. گەرچە خۇسرەۋ پەرھادقا زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇ تېز ئايلانغۇچى پەلەك تېز پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئۆچىنى ئالدى. خۇسرەۋ پەرھادقا زۇلۇم قىلىچىنى سۇرگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇ دەۋرانمۇ پولات قىلىچىنى سۇردى. ئۇ خەلقنىڭ جاراھەتلىك باغرىدىن قان ئاققۇزغان بولسا، خۇسرەۋنىڭ قېنى ئۆز يۈرەك پارچىسىنىڭ قولىدىن ئاقتى. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى گاداي بولسىمۇ، مەيلى شەرىئەتتە، مەيلى ئىشق تەرىقىتىدە قانغا قان مۇقەررەر. پەلەك زۇلۇم قىلىشقا قانچە تېز بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىمۇ شۇنچە تېزدۇر. ئەگەر بىراۋغا بىراۋدىن ئاپەت يەتسە، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازاسىمۇ قاتتىقراقتۇر. ئەگەر بىراۋ جاپا بىلەن بىر رىشتىنى ئۈزسە، شۇ رىشتىنىڭ ناھايىتى تېز ئەجدىھا بولۇپ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەك. بىراۋ بىر ئۇچقۇننى يوشۇرسا، چاقماق ئۇنى ئاخىر كۆڭگە ئايلاندۇرىدۇ. دەۋران قىساس ئېلىشتا ناھايىتى ئەپچىلدۇر. دەۋرانلا ئەمەس، توققۇز ئاسمانمۇ شۇنداقتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، جەۋرى-زۇلۇمدىن قولىنى تارتىپ مېھىر-ۋاپا ئۇرۇقىنى تېرىش ياخشىراق. سەن يەرگە قانداق ئۇرۇق چاچساڭ جەزمەن شۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھوسۇلىدىن قاچالمىغانىكەن، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىشى لازىم. خۇسرەۋ زۇلۇم قىلىچىنى ئۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ قان تۆككۈچى پەلەكمۇ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىچىنى ئۇردى. ئەگەر شىرۇيەمۇ زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ پەلەكتىن زۇلۇم يەتكۈسى.

ۋاقتىكى، شىرۇيە ھېچ بىر ئويلاپ كۆرمەستىنلا يوقىرىقى ئىشلارنى



قىلىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق شاھلىق ناغرىسىنى چالدۇردى. ئۇ تەختكە چىقىپ، بېشىغا تاج كىيدى. تاج كىيگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا موھتاج بولۇپ قالدى. مېھىنبانۇغا ئۆتكەن ماجىرالارنى بايان قىلىپ، شىرىنگە باغلىنىش ئارزۇسى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئارىغا سالدى.

— ھازىر ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ مىجەزى يوق، — دېدى مېھىنبانۇ، — ئۇ كېسەللىكتە ناتىۋان بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ساغلاملىق يار بولسا، ئىختىيارى ئۆز ئىلكىدە ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن ئۆزگە كىشىم يوق. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئىستەكلىرىڭنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ كۆرگىن.

ئەمما، ئاشىق جاھىل، مەشۇق بولسا قاتىل ئىدى. شۇڭا شىرۇيە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۇ گۈزەلگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە يېزىلغانىدى:

« ھەيھات! سېنىڭ ھۆسنۈڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا، ئوتتىن كۆڭلۈم ھارارەتكە تولدى. ئۇنىڭدىن جېنىمغا يالقۇن چۈشۈپ، تېنىمدىكى قاننى قۇرۇتتى. ئۇ ئوت مېنى شۇنداق يالقۇندۇردىكى، پەرھاد بىلەن خۇسرەۋمۇ ئۇنچىلىك كۆيمىگەندۇر. بۇ دەۋايىمغا دەلىل تەلەپ قىلماقچى بولساڭ، ئىشقىڭدا ئۆز ئاتامنى ئۆلتۈرگەنلىكىم گۇۋاھ بولسۇن. ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە ماڭا چۈشكەن ئىشقىنىڭ بۇ خىل جەبىر-جاپاسى ھېچكىمگە چۈشمىگەندۇر. پەلەك ۋاراقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ كۆرسەم، سېنىڭ ئىشقىڭدا مەندەك رەسۋايى جاھان بولغانلار تېپىلمايدۇ. مېنىڭ ئىشلىرىم رەسۋالىقتا تەڭداشسىز، بۇ جاھان ئەھلىگە مەسەل بولۇپ قالغۇسىدۇر. سەن ئەمدى ۋاپا قىلىش بىلەن مېنى مۇرادىمغا يەتكۈز. ۋىسالىڭ توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ۋاپا قىلغايسەن. لېكىن بۇ ئىشتا نومۇس قىلىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. ئېنىق بىلىپ قويغىنكى، نېمىنى خاھلىساڭ، قىلىمەن. بۇ ئىشق ئىچىدە ماجالىم قالمىدى. ۋەدەڭ بىلەن مادارا قىلغايمەن. »

مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگۈچى شىرىنگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئۇ سەرۋى قامەتلىك گۈزەل ئۆزىنى يوقاتقۇدەك ھالغا يېتىپ، چېچىغا ئوخشاش تولغاندى. لېكىن سۆزگە ئېغىز ئاچماي، چىدام بىلەن توغرا تەدبىر تاپتى. ئۇ شىرۇيەنىڭ يەڭگىلتەك ۋە بىپەرۋالىقىنى بىلدى، مەرتىۋە ئۈچۈن ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمىغان كىشى مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «ئۇنى كۆرۈش مەندىن يىراق. بەلكى ئۇنى كۆرۈشتىن ئۆلۈم ياخشىراق. ئەگەر ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلسەم، ئۇنداق ئۆلۈم ماڭا مەڭگۈ ھاياتلىقتىنمۇ ئەلادۇر» دېدى. ئۇ ئېچىمۇ چوڭقۇر ئويلاپ، مۇۋاپىق بىر پىكىرگە كەلدى. كېيىن مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگۈچىگە ئالىي مەرھەمەت كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئېلىپ كەلگەن سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق. شاھقا مېنىڭ دۇئايى-سالىمىمنى يەتكۈز، ئاندىن كېيىن، ئىلتىماسىمنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە مەلۇم قىل، — دېدى شىرىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قازادىن يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىشقا رازىلىق بېرىش مۇۋاپىقتۇر. خۇسرەۋ ئاسمان قازاسىنىڭ ھۆكمى بىلەن پانى دۇنيانى ساڭا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرى تەختنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپتۇ. ئاتاڭنىڭ قەتلى قىلىنىشى سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. تەڭرىدىن ئەقىل ئاتا قىلىنغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشقا ئېتىراز بىلدۈرۈشى توغرا ئەمەس. ساڭا ئىشقنىڭ بالاسى يۈزلەنگەن بولسا، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئىشقنىڭ مۇپتىلالىقى چۈشكەنىدى. ئاتاڭنىڭ جەبرى-زۇلمى ئاستىدا ئۆلگەن ئىشق-مۇھەببەت زەنجىرىگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ سۆيگۈ تۇزىقىغا ئەسىر بولغانمەن، ھەر قانداق ئىپلاسلىقتىن پاك بولغان بۇ ئىككى ئىشقنى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغاندۇر. پەرھاد مېنىڭ ئىشقىمدا جېنىدىن كېچىپ يوقلۇقنىڭ باش مەنزىلىدىن ئورۇن ئالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ھىجرانىدا كېسەل ۋە ھەسرەتلىكمەن. خۇددى چالا بوغۇزلانغان قۇشقا ئوخشايمەن. مېنىڭ زەئىپلىشىۋاتقانلىقىممۇ،



ئۇنىڭ قايغۇسىدىن ھالاك بولۇۋاتقانلىقىممۇ ئۇنىڭ ماتىمىدىندۇر. ئۇ مېنىڭ ئىشقىمدا ئۆرتەنگۈچى ئالەمدە يېگانە، ۋاپا بابىدا تەنھا ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ قايغۇسىدا ماتەم تۇتمىسام، ھازا ئاچمىسام ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن. ئېيتىپ باققىنە، ئۇنىڭ قايغۇسىدىن كۆڭلۈم قانداقمۇ خالى بولالايدۇ؟ پادىشاھ ماقۇللۇق ئىشارىتى بىلەن مېنى شادلاندۇرسا، شاپۇرنى قايغۇ زەنجىرىدىن ئازاد قىلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قانچە كىشىنى ئېلىپ، يېگانە ھالدا پەرھاد ئۆلۈپ ياتقان جايغا بارسام، قارا كىيىپ، ھازىسىنى ئېچىپ، جېنىمدىن ئىشقنىڭ بالاسىنى ئازايتسام، جىسمىمنى بۇ مۇشەققەتلەردىن خالاس قىلىپ كۆڭلۈمنى پىراقتىن قۇتۇلدۇرسام دەيمەن. بۇ ئىشلارنى ئادا قىلغىنىمدىن كېيىن پادىشاھ قانداق بۇيرۇق بەرسە، ئۇ ماڭا خۇش خەۋەردەك تۇيۇلغۇسىدۇر. مەنمۇ كېچە-كۈندۈز قېشىدا سايىسىدەك يۈرۈپ، قانداق پەرمان قىلسا، بېجىرسەم. ئەگەر پادىشاھ بۇ ئىشقا رازى بولمىسا، دېرىكىمنى ئالغۇچە، ئۆلۈكۈمنى تاپىدۇ.

ئەلچى يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھ شىرۇيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا شىرىننىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرىنى يەتكۈزدى. شاھنىڭ كۆڭلى غايەت سۆيۈنۈپ كەتتى. دەرھال تۇرۇپ شاپۇرنى بوشىتىشقا بۇيرۇق بەردى ۋە:

— ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى ئېيتقانلىرىنى قىلىپ مۇبارەك كۆڭلىنى شاد ئەيلىسۇن، — دېدى-دە، شاپۇرنى ئەۋەتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك پەرى خۇددى ئاتارۇد يۇلتۇزى بىلەن قۇياش ئۇچراشقاندەك شاپۇر بىلەن كۆرۈشتى. شاپۇر ئۆزىنى تۇپراققا تاشلاپ قانلىق يېشى بىلەن كىرپىكلىرىنى قانغا بوياپ يىغلىدى. ئۇ پەرىزاتمۇ شاپۇرنى كۆرۈشى بىلەن پەرھادنى ئەسلەپ، مەجنۇنلارچە پەرياد چېكىشكە باشلىدى. بىر زامان شۇنداق ماتەم قىلىشتىكى، بۇ پىروزا رەڭلىك ئاسمان ئۇلارنىڭ ماتىمىدىن قۇرمىدەك قارايدى. يىغا-زارە توپانى پەسەيگەندىن كېيىن، شىرىن شاپۇرغا

شىرۇيەنىڭ ئەلچىسىدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى، ئۆزى ئىلتىماس قىلغان پۈتۈن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن شاپۇرغا ئۆزىنىڭ تەخت قويۇلغان مەيسىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى يۈزچە مۇلازىمنى قوشتى. ئىسرىق سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان خۇش پۇراق تارقاتقۇچى سەندەل ۋە ئىپار قاتارلىقلارنى تەييارلاپ شاھانە تەرتىپلەر بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتى بويىچە ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار تاغ قازغۇچىنى، بالا تېگىدەك جانسىز بەدەننى تېپىپ، ئۇنى مەپە ئىچىدىكى تەختكە شاھانە ھۆرمەت بىلەن ياتقۇزۇپ، جانسىز بەدەننى ۋىسالغا، بەلكى جاننى جانان ئالدىغا يەتكۈزمەكچى بولدى. شاپۇر ھېلىقى مۇلازىملار بىلەن بىللە، قايغۇلار ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن شۇ گۇناھسىز پەرھاد ياتقان جايغا يېتىپ كەلدى، پەرھادنىڭ ئەتراپىنى تۆرلۈك ھايۋاناتلار ئوراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ چەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتىدەك ياتقانلىقىنى كۆردى. كېلىۋاتقانلارنى كۆرگەن ھايۋاناتلار تارقىلىپ كەتتى. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، پەرھادنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇبارەك جىسمى نۇر ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنى نەپىس يوپۇقلار بىلەن يېپىپ، شاھانە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن گۈزەلنىڭ مەپىدىكى تەختى ئۈستىگە ياتقۇزدى. شاپۇر نالە-زار قىلىپ ئۆز جىسمىنى ئۆزى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئالاتتى. ئاخىرى مەپە بىلەن يولغا چۈشتى. ھايۋاناتلار بولسا، پىغان چەككىنىچە ۋىندالىشىپ پەرھاد ياتقان جايدا تۇرۇپ قالدى. ئۇلار پەرھادنى ئەرمەنگە ئېلىپ كەلدى، ئاي يۈزلۈكتىن يوشۇرۇپ قەسىر ئىچىگە ياتقۇزدى. ھەممە ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۈزەلگە خەۋەر يەتكۈزدى. شىرىن قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە كەچكى ئارامگاھىغا قايسى مېھماننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى، بۇ خۇش خەۋەردىن يۈزى گۈلدەك ئېچىلدى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمان سارايغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېھمىنىغا مېھرىبانلىق قىلىشقا، مېھرىبانلىقلا ئەمەس، بەلكى جېنىنى بېغىشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دەرد-مۇشەققىتى،



مالاللىقى يوقىلىپ، زىكرى قىلغىنىچە ۋىسال كويىنى كۈيلىدى. شىرىن مېھمىنىغا ئىلتىماس قىلىپ:

— خالايىق مېنى بىردەم تەنھا قالدۇرسۇن. ئۇ شۇنداق يار ئىدىكى، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغانىدىم. قايغۇسىدا جېنىمدىنمۇ كەچكەنىدىم. ئۇ مىسكىن: «شىرىن ئۆلۈپتۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، مېنىڭ دەردىمدە جېنىنى پىدا قىپتۇ، ئىشقىمغا بولغان ۋاپادارلىقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەپتۇ. ئەمدى ماڭا نۆۋەت يەتكەن بولسىمۇ نېمە ئىلاج قىلالايمەن. ئۇ گەرچە ئىشقىمدىن مەھرۇم بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئىشقىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدىن لاپ ئۇراتتىم. ئەمدى لاپلىرىمنىڭ يالغان بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن. ئۇ ۋاپا يولىدا ئۆزىنىڭ ئىنسابىنى بەجا كەلتۈردى. ئەمدىكى ئىش ماڭا قالدى. ئۈمىدىم شۇكى، ماڭا بىرەر ئەھۋال يۈزلىنىپ، مېھماندىن خىجالەتچىلىككە قالمىسام، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنى جېنىمنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ساقلاپ، مېھمان بولۇپ كەلگەن قەدىمىگە جېنىمنى ھەدىيە قىلاي. گەرچە سىزنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىڭىزنى ئورۇندىيالمىدىم. ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا تولىمۇ خىجالەتمەن، — دېدى-دە، رازىلىق تىلەپ دەرھال تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇ خىلۋەتكە كىرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، جېنىدىن قولىنى يۇيۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئەتتى. كۆڭلىدە قىلچە مالاللىق قالماي، تەبەسسۇم قىلغىنىچە مەپىگە قاراپ ماڭدى. گۈل يۈزلۈك سەرۋى مەپە ئىچىگە كىرىپ قارىغانىدى، مېھمىنى ئۇخلاپ يېتىپتۇ. بۇنداق ئۇيقۇنى ھېلىغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاي يۈزلۈك بېشىغا كەلسىمۇ ئويغانمىدى. ئۇ كېلىشكەن سەرۋى پەرھادتىكى بۇ خىل ئۇيقۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ بىللە ئۇخلاشنى ھەۋەس قىلدى. ئۇ گۈزەل پەرھادنىڭ يۈزىگە يۈزىنى، كۆكسىگە كۆكسىنى قويۇپ دەردمەن ئاشىقنى قۇچاقلىدى. يۈرىكىدىن يالقۇنلۇق ئاھى ئۇرغۇپ چىقتى. بىللە ئۇخلاۋاتقان مەشۇقتەك

كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ ئۇيقۇ مەڭگۈ قانمايدىغان، قىيامەتكىچە ئويغانمايدىغان ئۇيقۇ ئىدى. ئەگەر ئۇيقۇ شۇنداق بولىدىغانلا بولسا، ئويغىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قېنىشنىڭ نېمە كېرىكى؟

ھەي ساقى، ماڭا قوش قەدەھتە مەي كەلتۈر، چۈنكى مەن ئۆز گۈل يۈزلۈكۈم بىلەن قۇچاقلاشقانمەن. سەن سۇنغان مەيدىن شۇنداق بىر ئۇيقۇ يۈزلەنسۇنكى، بىز ئىككىمىز قىيامەت تېڭىدا ئويغىنايلى! **نەزمە**:

كەلتۈر ساقى، قەدەھ تولغىل ماڭا قوش،
كى بولدۇم گۈلرۇخۇم بىرلە ھەمئاغۇش.
بىر ئۇيقۇ بولسۇن ئول مەيدىن پەيدار،
كى بولغايمىز قىيامەت سۇبھى بىدار.

※ ※

**سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:**

يىغلىغۇچى ماتەمخانىدا يىغىنىڭ كۈيلىرىنى شۇنداق باشلايدۇ:

ۋاقتىكى، ئۇ ئايغا ئوخشاش گۈزەل دەرھال ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى، مېھىنبانۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر شىرىننى قانچە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، جاھانغا شام پەردىسى يېپىلسىمۇ، ئۆيدىن ناشقىرىغا قەدەم باسمىدى. ئاخىرى ئۇلار تاقەتسىزلىنىپ ئۆينىڭ قېشىغا كەلدى. ئىشىك ئېچىلمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى قومۇرۇپ ئالدى-دە، مەيىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ شىرىننى كۆردى. شىرىن پەرھادنى قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە، كۆزىنى كۆزىگە، قېشىنى قېشىغا قويۇپ، بىر تال چېچەكچە پەرقلەنمىگەن ھالدا ياتقانىدى. ئۇ ھېسابسىز



ئايرىلىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال كۆنلىرىگە ئۇلاشقانىدى. ئۆلۈك ئاشىق بىلەن جانسىز مەشۇق سەرۋى ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ ياتاتتى. ئاشىق ئۆز مەشۇقىنى قۇچاقلىغاندەك، مەشۇقمۇ ئۆز ئاشىقىنى قۇچاقلاپ ياتقانىدى. ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا، پەرھاد بىلەن شىرىن ئىككىسى جەننەت بېغىدا ياتقانىدى. ئىككىيلەننىڭ پاك روھى پەلەك ئالىمىدىن ئورۇن ئېلىپ، پەقەت توپىدىن يارىتىلغان جىسىملىرى تۇپراقتا قالغانىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مېھىنبانۇ جېنىغا تەھدىت يەتكەنلىكىدىن پەلەككە قاراپ بىر ئاھ چەكتى. بۇ ئاھ بىلەن جېنىمۇ بىللە چىقىپ كەتتى.

ئاپتور مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەھۋالنى مۇنداق مەزمۇن بىلەن يەكۈنلەيدۇ: شىرىن مېھىنبانۇنىڭ جېنى ئىدى. شىرىنسىز ئۇنىڭ ھاياتمۇ تۈگەيتتى. بۇ پەيتتە ئۇ شىرىندىن ئايرىلدى. دېمەك، جېنىدىنمۇ ئايرىلدى ياكى جېنىنىڭ كەينىدىن ئاھى چىقتى ياكى ئاھى بىلەن بىللە جېنى چىقتى. **نەزمە**:

چۇ شىرىن جانى ئېردى، ئانسىز ئۆلدى،
دېمەكىم ئانسىز ئۆلدى، جانسىز ئۆلدى.
مەگەر جان كەينىچە چىقتى پىغانى،
ۋە يا چىقتى پىغانى بىرلە جانى.

ئۇلارنىڭ ھايات كۆچىتى سىندى، ئۇلاردىن زامانىنىڭ كۆڭلىمۇ تىندى. ئۇ ناتىۋانلارنىڭ مۇنداق ئۆلۈمگە جانلار پىدا بولغاي!

ئاپتور يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ: شۇ كېچىسى تەقۋادارلاردىن قىرىق كىشى مۇنداق چۈش كۆردى: جەننەت بېغىدا بىر تال ياقۇتتىن ياسالغان، مۇشۇ ئالەمنىڭ كەڭلىكىدەك بىر ئالىي قەسىر يارىتىلغانىدى. ئۇ ئىككى دىلكەشنىڭ پاك روھى بۇ جايدا بەختىيارلىقتا چۆمگەنىدى. ئۇ يەرنىڭ پاكلىقى ۋە گۈزەللىكىنى

تەسۋىرلەشكە ئىمكان يوق ئىدى. تەرىپلىگەندىنمۇ زىيادىراق ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشكە قەلەم تەۋرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى جەننەتنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ قەسىردە نۇردىن پۈتكەن بىر تەخت بولۇپ، بۇ تەخت نەپىس، ئېسىل يوپۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەنمىش. پەرھاد بىلەن شىرىن شۇ تەختنىڭ ئۈستىدە گۈلشەندىكى سەرۋى بىلەن نەستەرىن① گۈلىگە ئوخشاش ئولتۇرارمىش. ئۇلار ھۆسنى-جامالدا ۋە زىبۇ-زىننەتتە بۇ ئالەمدىكىدىن يۈز مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىمىش. پەرھادنىڭ يېنىدا ئاتا-ئانىسى، شىرىنىنىڭ يېنىدا بولسا مېھىنبانۇ تۇرغان ئىمىش. ھەر بىرىنىڭ ھۆسنى جامالى، مەرتىۋىسى بۇ ئالەمدىكىدىن مىڭ ھەسسە يۇقىرى ئىمىش، ھېلىقى تەقۋادارلار:

— بۇلار نىمە تائەت ۋە تەقۋاسى ئۈچۈن بۇ قەسىر ئىچىگە ئورۇنلىشىپ، بۇ مەرتىۋىلەرگە يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. جەننەتنىڭ ھۆرى-غىلمانلىرى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— پەرھاد جاھاندا ئىشق بىناسىنى قۇرۇپ جاھان مۈلكىدىكى سۇلتانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، خانلىقنى تاشلاپ باشقا ھاۋايى-ھەۋەس، ئارزۇ-ئىستەك ۋە ئۆز نەپسىدىن قول ئۈزۈپ، پەقەت مەشۇقىنى يەتكەن ئازاب بىلەن خۇشاللاندى. بالا ۋە ھىجرانغا ئۆزىنى ئاتتى. ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتىدا ئۆرتىدى. ئۆي-جايىدىن، جان ۋە جاھاندىن كەچتى. شۇڭا ئۆلەر ۋاقتىدا پانىي مۇتلەق بولدى، تەڭرى ئۇنىڭ ئىشقىنى مەڭگۈلۈك دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆيۈش، يېنىشى ئۆز ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ مەجازى ئىشقى ھەقىقەتكە ئالماشتى. ۋەھدەت ساقىيسى② تەۋپىق جامىنى③ تۇتۇپ تەڭرى ئۇنىڭغا ھەقىقەت يولىنى نېسىپ قىلىپ، ئەبەدىلىك شەھرىدە سۇلتانلىق،

① نەستەرىن — ئاق ئېچىلىدىغان چىرايلىق بىر خىل گۈل.

② ۋەھدەت ساقىيسى — بىرلىك، يەگانىلىق ساقىيسى.

③ تەۋپىق جامى — ئۇيغۇنلۇق قەدىھى.



بەلكى ھەقىقەت مۈلكىدە خانلىقنى ئاتا قىلدى. پەرھاد ۋە شىرىنىنىڭ كۆيۈپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىن ۋە پايانسىز دۆلەت بايلىقلىرىدىن كەچكەنىدى. ئۇلار ئەمدى بەلكى جانلىرىدىنمۇ قول يۇغانىدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ تارتقان جەبرى-جاپاسىنى زايا قىلمىدى. پەرھادنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ پىراقىدا تۈگىدى. مېھىنبانۇ شىرىنىنىڭ ھىجرانىدا قايغۇ بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. تەڭرى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەڭگۈ كەچۈرۈپ ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت دەرياسىنى نېسىپ قىلدى. شۇنداق جەننەت بېغىنى ۋە جەننەتتىكى بۇ دۆلەت قەسرىنى ئۇلارغا ئەبەدى بېغىشلاپ يۇقىرى مەرتىۋە بەردى. چۈنكى ئۇلار پەرھادقا جېنىنى باغلىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ۋەسلى بىلەن جەننەتكە سازاۋەر بولدى. لېكىن پەرھادنىڭ پاك جېنى ۋەھدەتتە تەڭرى دەرگاھىغا ئۇلاشتى.

ھېلىقى تەقۋادارلار بۇ چۈشنى كۆرۈپ ئويغاندى. جاھان خەلقى ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشىدىن ۋاقىپ بولدى.

ئەلقىسسە. مەن دەۋرلەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ۋاراقلىرىنى ئاختۇرۇپ، مۇنداق بىر رىۋايەتنى تاپتىم: ۋاقتىكى، پەرھاد ئاشىقلىق ۋە ھىجرانلىقتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇلدى. بۇ خەۋەر كىشىلەردىن-كىشىلەرگە يېتىپ ئاڭلىغانلار ھەسرەتلەندى. بۇ خەۋەر خىتاي بىلەن چىنغىمۇ يېتىپ كەلدى. بىراق تەقدىر ئىلاھى چىن مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا تالاي ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرگەنىدى. خاقان پەرھادنىڭ ھىجرانىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئىنىسى خاقان بولغانىدى. ئانىسىمۇ ئۇنى ئىزدەشكە بەل باغلاپ يوقلۇق مەملىكىتى تەرىپىگە راۋان بولغانىدى. شۇ چاغلاردا باتۇر بەھرام قان دەرياسى ئىچىدە لەھەڭدەك ئۈزگۈچى بولغانىدى. ئۇنىڭ قىلىچى خەۋپ دەرياسىغا، قىلىچىنىڭ ياقۇتلىرى ئاپەت دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئەگەر ئۇ پەلەك بەھرامىغا غەزەپلەنسە، پەلەك بەھرامى ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇب بولاتتى. ئۇنىڭ ئېتى پەلەك

ئېتىنى يېڭەتتى. ئۇنىڭ سىرتمىقى زوھەل يۇلتۇزىنىڭ قەددىنى ئېگۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئوقى قاراڭغۇ كېچىلەردە يادىن چىقسا، پەلەك تاقىدىن ئۆتۈپ سۈھەيىيا يۇلتۇزىغا تەگەتتى. چىن ۋە خىتاي ئەھلى ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتتە پەرھادتىن كەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، قايىل بولغانىدى. بەھرام باشقا ئەللەردىن ۋە كىشلەردىن ھەمىشە پەرھاد توغرىسىدا نىشانە سورايتتى. يۇقىرىقى ۋەقەلەر ھىندىستاندىن رۇمغىچە شۆھرەت تېپىپ، خىتاي ئەھلىگىمۇ مەلۇم بولغانىدى. خۇددى پەرھاد ئاي يۈزلۈكنىڭ پىراقىدا قالغانىدەك، بەھراممۇ پەرھادنىڭ پىراقىدا قالغانىدى. خاقانمۇ پەرھادتىن قايغۇرۇپ بىر نەپەسمۇ غەمسىز ئۆتمەيتتى. بەھرام خاقاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەرھاد توغرىسىدا مۇنداق خەۋەر ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى:

— غەرب تەرەپتە ئەرمەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بار ئىمىش. گۈزەللىكتە ئېرەم بېغى ئۇنىڭدىن خىجىل ئىمىش. ئۇ شەھەردە بىر پەرىزات بار ئىمىش. پەرھاد شۇ پەرىزاتنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ قاپتۇمىش. ئەگەر خان ماڭا مەرھەمەت قىلىپ رۇخسەت بەرسە، چىن ۋە خىتايدىن چېرىكلەرنى يىغىپ، غەربكە يۈرۈش قىلسام، غەملىك پەرھاد بىلەن دىدار كۆرۈشسەم. ئەگەر ئىلاج بولسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلسام، بولمىسا تەقدىرى قىسمەتتە نېمە كەلسە، شۇنى كۆرسەم، — دېدى.

خان بەھرامنىڭ رايىغا قاراپ ئىجازەت بەردى. خان بەھرامدىن ناھايىتى كۆپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «پەرھاد ئۆلۈپ كەتكەنلا بولسا بۇمۇ يوقالسۇن، كۆڭلى نەگە تارتسا شۇ يەرگە كەتسۇن» دەپ ئىختىيارىنى ئۆزىگە بەردى.

ۋاقتىكى، سائادەتمەن بەھرام قوشۇن يىغىپ، غەرب ئۆلكىسىگە ئاتلاندى. ئۇ ئەرمەنىيەگە يېتىپ كېلىپ دۆلەت سايىسىنى سالدى. خەلقنى چاقىرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىنچىكىلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى تەكشۈردى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەرھادنىڭ قايغۇ ئوتى يالقۇنلىنىپ، قەبرە تەرىپىگە راۋان



بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق جاراھەتلەندى. گوياكى زالىم پەلەك پەرھادنىڭ خەلق ئىچىدىكى ماتەمنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا ئىككىنچى ماتەمنى كۆرسەتتى، ئەرمەن ئەھلى قىيامەت ئەھلىگە ئوخشاش تاقەتسىزلىك بىلەن ھەسرەت چەكتى، بەھرام كۆڭلى سىقىلغان ھالدا شاپۇرنى تېپىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولدى، بەھرام بۇرۇن شاپۇرنىڭ پەرھادقا ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ دەردىگە تەسەللىي بەرگەنلىكىگە ئوخشاش سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شاپۇر يېتىپ كەلدى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپ يىغا-زارە قىلىشتى. بەھرام شاپۇردىن سوراپ، شۇ گۈمبەزدە ئۇلارنىڭ قەبرىسى بارلىقىنى بىلدى، گۈمبەزگە كىرىپ شۇنداق يىغلاشتىكى، ئۇلارنىڭ يىغىسىدىن كۆك گۈمبىزىگە ئوت تۇتاشتى. شۇنداق ھازا ئاچتىكى، بىر-بىرسىنىڭ ئاھىدىن مۇمدەك ئېرىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. بىر كېچە-كۈندۈزلۈك يىغا-زارىسىدىن جاھانغا ئوت ياقتى. بەھرام پەرھادنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى قويۇپ، بۇ بېيىتلەرنى كۆيلەپ مەرسىيە ئوقۇدى. **نەزمە:**

كى ئەي جاندىن مېنى نەۋمىد قىلغان،
بەلاۋۇ مېھنەتىم جاۋىد قىلغان.
كۆزۈم چىقسۇن سېنى كۆرگۈنچە مۇنداغ،
كېسىلسۇن تىل، سۆزۈڭ سورغۇنچە مۇنداغ.
نەلەر كەلمىش باشىڭغە غۇربەت ئىچرە،
نە غۇربەتلەر چېكىپسەن فۇرقەت ئىچرە؟!
نە سىبىڭ سوزى ئاھى بولغان ئېرمىش،
تېنىڭ كوھى چۇ كاھى بولغان ئېرمىش.
قەنى ئول ئەجدىھاغە سۇرمەك ئاخىر؟
قەنى ئول ئەھرىمەن ئۆلتۈرمەك ئاخىر؟
قەنى ئۆلكىم، چۇ بولغاچ كىنىغە مايىل،
بولۇتنى چەرخ ئېتىپ ئالدىغە ھايىل؟

قەنى تىشەڭدىن ئۇلماق تاغ ئارا دەرز؟
قەنى گۈرزىڭدىن ئۇلماق دەشت ئارا لەرز؟
فىراق ئەييامى تاۋشۇلغان ئىمىشسەن،
بەس، ئاغىر ئۇيقۇغە قالغان ئىمىشسەن.
كۆزۈڭ ئاچىپ، كۆتەرگىل باشىڭ ئاخىر،
كى كەلمىش بىر ھەزىن قولداشىڭ ئاخىر!
نېدۇر ئۇيقۇ كى يەتتى كۆككە ھۆيۇم،
جەھانغە ئوت سالدى گۇفت-گۇيۇم.
يېتىپ گەردۇنغە ئول سەسكەنمەكىڭ يوق،
چۇشۇپ ئالەمغە ئوت نەبرەنمەكىڭ يوق.
كۆز ئاچماسسەن، دەبان-كەلگەن قۇلۇمدۇر،
مەسەل چىن بولدىكىم: «ئۇيقۇ-ئۆلۈمدۇر!»
مېنىڭدەك قۇل ساڭا ئالەمدە مەۋجۇد،
سەن ئەئدا زۇلمىدىن بۇ نەۋئى نابۇد.
بۇ ئىشنىڭ تاقەتى مەندىن يىراقدۇر،
مۇنى كۆرگۈنچە ئۆلسەم ياخشىراقدۇر.
سېنىڭ قانىڭغە تارتىپ تىغ كىننى،
تەڭ ئەتسەم يەر بىلە مەغرىب زەمىننى.
قېزىپ تاغنى دەرياسىغە سالسام،
تېڭىز سۇيىنى سەھراسىغە سالسام.
بىلادى بەھر ئىچىدە بولسە ناياب،
مىناردىن نىشانلار بولسە گىرداپ.
تۈمەنمىڭ قانىڭ ئولسام رەزم سازى،
سېنىڭ قانىڭغە بولغايمۇ مۇۋازى؟!
بۇلاردىن تاپماسام روھۇڭنى خۇشنۇد،
بۇ قانلاردىن ماڭا نې بولغۇسى سۇد؟
نېتەي مۇندىن نارى تىغۇ كەمەرنى،
باشىمغە تاج يەڭلىغ دەردىسەرنى؟



زىرىھنى نە قىلاي، خەفتاننى نەيلەي،
ئوقۇ يانى نېتەي، قالقاننى نەيلەي؟
نې دەپ ئۆزنى خەيال ئەيلەي دىلاۋەر،
نېدىن ئەيلەي ھەۋەس مىنبەك تەكاۋەز؟
نې دەپ ئەمدى قىلاي مەيدانغە ئاھەڭ،
باشىمغەمۇ ئۇراي گۈرزى گىران سەڭ؟
نې نەۋئى ئەمدى تۇتاي بەزم ئىچرە ئارام،
نە كۆڭلۈم بىرلە تارتاي لەئلگۇن جام؟
ماڭا ھەجرىڭدە مەي زەھر ئولدى، بىللاھ!
تەرەبدىن ئۆمر بىبەھر ئولدى، بىللاھ!
نەسىبىم غۇسسەۋۇ دەرد ئەيلەدىڭ لا،
ۋۇجۇدۇم تۇفراغىن گەرد ئەيلەدىڭ لا!

— ھەي مېنى جېنىمدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى، مېنى مەڭگۈلۈك بالا-قازا، جاپا-مۇشەققەتتە قالدۇرغۇچى، سېنى بۇ ھالدا كۆرگىچە كۆزۈم چىقسا بولماسمىدى؟ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى مۇنداق سوراپ يۈرگىچە تىلىم كېسىلسە بولماسمىدى؟ غېرىبلىقتا بېشىڭغا نېمىلەر كەلمىدى؟ ئازاب ئىچىدە شۇنچە غېرىبلىق تارتىپسەن. سېنىڭ نېسىۋەڭ ئۆرتىنىش، ئاھ تارتىش بولۇپتۇ، تاغدەك جىسمىڭ ساماندەك سارغىيىپتۇ، ئەجدىھاغا ئات سۈرگەنلىرىڭ قېنى ئاخىر؟ ئەھرىمەن دېۋىنى ئۆلتۈرگەنلىرىڭ قېنى ئاخىر؟ سەن غەزەبلەنگەندە ئاسمان بۇلۇتلارنى ئالدىغا پەردە قىلۋالغانلىرى قېنى؟ كەكەڭ بىلەن تاغلارنىڭ باغرىنى يارغان ئەمەسمىدىڭ؟ گۈرزىڭ بىلەن چۆللەرنى زىلزىلىگە سالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ھىجران كۈنلىرى سېنى خورىتىپتۇ. شۇنچە قاتتىق ئۇيقۇغا پېتىپسەن. كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئاخىرقى قېتىم بېشىڭنى كۆتۈر. مۇڭلۇق ئىنىڭ يېنىڭغا كەلدى. ئويغانساڭچۇ، ئاھلىرىم پەلەككە ئوت تۇتاشتۇردى. ئاۋازىم كۆككە يەتتى. ئاھىم پەلەكتىن ئاشتى، سەسكىنىپمۇ قويمىدىڭ. ئالەمگە

ئۇت تۇتاشتى، تەۋرەپمۇ قويمىدىڭ. « ئۇيقۇ-ئۆلۈم » دېگەن ماقال راست ئىكەن. قولۇم كەلدى، دەپ كۆز ئېچىپمۇ قويمىدىڭ. مەندەك بىر قۇلۇڭ دۇنيادا مەۋجۇدلا بولىدىكەن، رەقىبلەر زۇلمى بىلەن نابۇت بولۇپ مۇشۇنداقلا كېتىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئىشلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. بۇلارنى كۆرگىچە ئۆلگىنىم ياخشىراق. سېنىڭ خۇنۇڭنى تەلەپ قىلىپ ئاداۋەت قىلىچىنى تارتسام، بۇ غەرب مەملىكىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسام، تاغلىرىنى قىزىپ دەرياسىغا تاشلىسام، دېڭىزنىڭ سۇلىرىنى سەھراسىغا باشلىسام، شەھەرلىرى دېڭىز ئىچىگە غەرق بولسا، مۇنارلىرىنىڭ ئورنىدا قايىملار كۆرۈنسە، كۆرەش قىلىپ تۆمەنىڭلىغان قانلارنى تۆكسەم، سېنىڭ قېنىڭغا تەڭلىشەرمۇ؟ ئەگەر شۇلار بىلەنمۇ روھىڭنى خۇشال قىلالمىسام، ماڭا بۇ قانلارنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئەمدى قىلىچ بىلەن كەمەرنى، بېشىمدىكى دەردىسە تاجىنى نېمە قىلاي؟ ماڭا بۇ ساۋۇت، دۇبۇلغام، ئوقيا ۋە قالقانلارنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى بار؟ ئەمدى ئۆزۈمنى قانداقمۇ باتۇر دەپ ئويلىيالايمەن؟ ئەمدى ئات مىنىشنى قانداقمۇ ھەۋەس قىلالايمەن؟ ئۇرۇش مەيدانىدا ئەمدى قانداقمۇ ماھارەت كۆرسىتەي؟ ئەمدى تاشتەك گۇرزىلىرىمنى قانداق ئۇراي؟ ئەمدى بەزمە ئىچىدە قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن؟ ياقۇت رەڭلىك قەدەھلەرنى قانداقمۇ كۆڭلۈم تارتسۇن؟ خۇدا ھەققى، ھىجرانىڭدا مەي ماڭا زەھەر بولدى! خۇشاللىقلاردىن ئۆمرۈم بەھرە ئالالماي ئۆتىدىغان بولدى. ھاياتىتىكى نېسۋەمنى غەم-غۇسسە، ۋۇجۇدۇمنىڭ تۇپرىقىنى چاڭ-توزان قىلىۋەتتىڭغۇ!

ئەلقىسسە، شۇ خىلدا يىغا-زارە، نالە-پىغان قىلىپ، كۆز يېشى بىلەن كىشىلەرگە قان يۇتقۇزدى. ئۇ دەرد-ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتقىنىدا، قايغۇلۇق شاپۇرمۇ يېنىدا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، يىغا-زارە قىلاتتى. بەھرامنىڭ بۇ تاقەتسىزلىك بىلەن قىلغان پەريادى بىرئاز تىنچىغاندىن كېيىن، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، زىيارەت قىلىپ تاشقىرىغا قەدەم قويدى. ئۇ:



— شىرۇيە ئالدىمغا كېلىپ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرسۇن، ئەگەر ئۇنى گۇناھسىز دەپ بىلسەم مەرھەمەت بىلەن خۇشال قىلىمەن، ئەگەر گۇناھسىزلىقىغا گۇمان تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا قانداق جازا بېرىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپ شىرۇيەنىڭ ئالدىغا بىر كىشىنى ئەۋەتتى.

شىرۇيە بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: « شاھ غەزەپكە كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدىكى گۇناھسىز كىشى گۇناھ قىلغاندىنمۇ بەتتەر گۇناھكار بىلىنگۇسىدۇر،» دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى. گەرچە شىرۇيە جاھىل شاھلاردىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر تىغنى قىيا تاش تېغى يوقىتالايدۇ ئەمەسمۇ. سۆزنىڭ قىسقىسى، شىرۇيە شاپۇرنى چاقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئىلتىماس قىلىپ كۆپ يېلىندى:

— بۇ سۆز ئارىسىدا سەن بىردىنبىر گۇۋاھچىسەن، پەرھادنىڭ ئىشىدا مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق. ئۇنىڭ قاتىلىنى ئاتام بولۇشقا قارىماي ئۆلتۈردۈم. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى بەھرام شاھقا بېرىپ ئېيتقىن. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى پەرز دەپ بىلىمەن. ئەگەر مېنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارمىسىلا، قانداق ھۆكۈم قىلسا بېجىرىشكە جېنىم بىلەن تەييارمەن. ئۇنى كۆرۈشتىن ناھايىتى قورقىمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا قىلىدىغان ئىلتىماسىم شۇلاردىن ئىبارەت. شۇ مەندىن ئېيتقاندا، سەن ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىپ، بەھرام شاھنى مەرھەمەت يولىغا باشلىغايسەن، ئەگەر ماڭا شۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلساڭ، سەندىن قىيامەتكىچە مىننەتدار ۋە مەمنۇن بولۇپ قالىمەن.

ۋاقتىكى، شاپۇر شىرۇيەنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىلدى:

— بۇ ئىشلاردا شىرۇيە گۇناھسىز. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭغا گۇۋاھ. لېكىن ئالدىڭغا كېلىشكە كۆپ ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ كېلىشىنى ماڭا بېغىشلىساڭ، ئاندىن قانداق پەرمان قىلساڭ ئۇ بىجانىدىل

ئادا قىلىشقا ۋەدە بەرسۇن، — دېدى.

بەھرام شاپۇرنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ كېلىشىدىن كەچتى. بىراق شاھ بەھرام:

— خۇسرەۋ چېرىك تارتىپ كەلگەندىن بۇيان ئەلگە قانچىلىك زىيان يەتكەنلىكىنى بۇ مەملىكەتنىڭ ھېساپچىلىرى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقسۇن. شىرۇيە خەلققە شۇ زىياننى تۆلەپ بەرسۇن. ئاندىن ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ يەنە شۇ زىياننىڭ باراۋىرىدە بىزگە مەبلەغ ئەۋەتىپ بېرىشى لازىم، — دەپ پەرمان قىلدى. شاپۇر بۇ ھۆكۈمنى ئۇ ناتىۋانغا يەتكۈزدى. شىرۇيە بۇنى ئاڭلاپ جان-دىلى بىلەن مىننەتدار بولدى. ئەرمىنىيە خەلقى تەلەپ قىلغان دەرىجىدە خەزىنىلەرنى تۆكتى ۋە يەنە شۇنچىلىك خەزىنە ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىپ يۇرتىغا راۋان بولدى. تېز تۇتۇش قىلىپ، قالغان خەزىنىنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى.

ئاندىن كېيىن شاھ بەھرام ئەرمەن خەلقىنى يىغىپ زۇلۇمغا رەددىيە بېرىشكە باشلىدى:

— خۇسرەۋدىن سىلەرگە قانداق زىيان يەتكەن بولسا، بىرەر كىشى: «بۇ ئىشلارغا پەرھاد سەۋەبچى» دەپ قارىسا، ئېيتسۇن. زىيان بولغان نەرسىلەرنىڭ تۆلىمىنى بىزدىن ئېلىپ پەرھادتىن رازى بولغاي، — دېدى شاھ بەھرام. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەتراپتىكىلەر قىقاس-چۇقان، نالە-پىغانغا چۈشتى. ئۇلار:

— ھەممىمىزنىڭ تەگرىگە قىلغان ئىلتىماسىمىز پەرھادقا جېنىمىزنى پىدا قىلىش ئىدى. بىز بۇ سۆزلىرىمىزنى ئۇنىڭ يولىدا جېنىمىز بىلەن ئېيتىۋاتىمىز. ئەمدى بىز ئۇنىڭدىن مال تەلەپ قىلاتتۇقمۇ؟ تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەلنىڭ رايى مۇۋاپىقلىشالماي قالدى. تەقدىر قانداق بولسا، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج قىلغۇلۇق، بىز ھەمىشە پەرھادنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇلمىز. ئۇنىڭدىن قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا ئۇنى كەچۈرىمىز. ئۇنىڭدىن ئەبەدىي رازىمىز، — دېيىشتى. بەھرام ھېساپچىلارغا



بۇيرۇدى، ئۇلار خەلققە خۇسرەۋدىن قالغان خەزىنىلەرنى تەقسىملەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتتە پادىشاھلىق ئاساسىنى قۇرۇش ئۈچۈن خالايىق ئىچىدىن مېھمانبانۇنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەممىدىن مۇۋاپىق ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىغا لايىق بىر كىشىنى تاپتى. ئۇنى ئەرمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى، مەملىكەت ئەھلىنىڭ پاناھى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئادالەت قائىدىسىنى تۇرغۇزۇپ، ۋەيران بولغان جايلارنى ئاۋات قىلدى. خۇسرەۋ قايسى جاينى ۋەيران قىلغان بولسا، ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. بەھرام ئۇنىڭغا شاھلىق ئاساسىنى، تاج-تەختىنى ۋە ھېسابسىز خەزىنىلەرنى بەردى. يېڭى شاھنىڭ قەدىمىدىن تەخت يۈكسەلدى. بېشىغا بەخت چادىرى سايە سالدى، شاھ بەھرام ئۇنىڭ سۇلتانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقىرى مەرتىۋە بېغىشلىدى. ئاندىن كېيىن چىندىن بىللە كەلگەن كىشىلىرىگىمۇ ھېسابسىز مال ۋە ئالتۇنلارنى تۆكۈپ:

— كۆپ جاپا چەكتىڭلار، ئەھلى ئاياللىرىڭلارنىڭ ئالدىغا-دىيارىڭلارغا قايتىڭلار، — دەپ ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆپ يىغلاشتى. ئاخىرىدا نائىلاج قايتىپ كېتىشتى. يەنە قوشۇنلىرىغا:

— خاقانغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭلار ۋە پەرھاد بىلەن بەھرام تېپىشتى، دەپ بولغان ۋەقەلەرنى ئىزھار قىلىڭلار. ئۇلار خۇشاللىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. سەنمۇ قەيەردە بولساڭ ياخشى قال دەيدۇ دەڭلار، — دەپ قوشۇنلىرىنى ئۇزاتتى، ئۇلارنى خىزمەت كىشەنلىرىدىن خالاس قىلدى.

ئاندىن كېيىن بەھرام پەرھادنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساپ، شاپۇر بىلەن بىللە قەبرە يېنىدا ماكانلاشتى، قاچانكى ئۇلار يوقلۇق تۇپرىقى بىلەن ئۆزىنى تەڭ قىلدى — بارلىقنىڭ يەيزىنى ئۈزلۈكسىز سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ شاھلىقنى تاشلاپ، كەمتەرلىكنى قوبۇل قىلدى. ياخشىلاي قارىغاندا شۇنىڭ ئۆزى

شاھلىق ئىدى.

ئەي نەۋائى، ئەگەر سەن پەرھاد بىلەن بەھرامنىڭ يولىدىن ماڭماقچى بولساڭ يوقلۇقنى ئىزدە!

ئەي ساقى، مەن ماڭا يوقلۇق [illegible] [illegible]. ئۇنى قانچە تېز ئىچىپ تۈگەتسەم، يەنە بەرگىن. تاكى بۇ قەدەھلەر مېنى ئۇلارغا ئوخشاش ئارقا-ئارقىدىن يوقلۇق تۈپرىقى بىلەن تەڭلەشتۈرسۇن! **نەزمە:**

نەۋائى فانىي بول، ئىستەر ئېسەڭ كام،
نەچۇككىم بولدىلار پەرھادۇ بەھرام!
كىتۇر ساقى، ماڭا جامى فەنا بەر،
نەچۇككىم ئانى سىپقارىسام يەنا بەر!
مەگەر قىلغاي مېنى بۇ جام پەيۋەست،
ئۇلار يەڭلىغ فەنا توفراغىغە پەست!



مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

مولla سىدىق يەركەندى

# فەرھاد-شىرىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №0348)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 375 . 9 قىستۇرما ۋارىقى: 5
1995 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1995 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1100 —— 1
ISBN7—228—03455—4/I • 1214
باھاسى: ئاددىي مۇقاۋىلىقى: 90 . 16 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 90 . 18 يۈەن

责任编辑：库尔班·亚森
封面设计：吐尔地卡德尔·纳孜尔

毛拉司迪克·叶尔坎迪
**帕尔哈德与西琳**
买买提吐尔逊·巴吾东 整理
策划：新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

---

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001）
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9.375印张 5插页
1995年9月第1版　1995年9月第1次印刷
印数：1——1100

---

ISBN7—228—03455—4/I·1214
定价：平装：16.90元 精装：18.90元